

«كروران» ژۇرنىلى ياش قەلەمكەشلىرىنىڭ چەرچەندە ئۇچرىشىش يىغىنى ۋە «بۇركۇت پەرۋازى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

تۇرسۇن ئابدۇرەھىم

(چەرچەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، سۆيۈملۈك شائىر، يازغۇچىلار دوستلار!

يۇرتىمىز ئالتۇن كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 17-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ 9-قۇرۇلتىيى ۋە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ 10-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 8-قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتقان پەيتتە، ھەممە بىر نىيەتتە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىۋاتقان مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈنلەردە، ئوبلاستىمىزدىكى يازغۇچى، شائىرلار-نىڭ ناھىيەمىزگە يىغىلىپ، قەلەمكەشلەر ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھ-يەمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق قەلەمكەشلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، ھەمدە «بۇركۇت پەرۋازى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسى-مىنىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

چەرچەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي گىرۋ-كىگە، قۇرۇم تېغى ۋە ئالتۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن، غەربتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيەسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇ-بىي ئالتۇنتاغ ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، شىمالىي تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيەسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 140 مىڭ 250 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2-چوڭ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. ناھىيەمىز 80 مىڭ نوپۇسى بار، يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق ناھىيەسى. ناھىيە قارمىقىدا بىر بازار، 11 يېزا(ئۈچ چارۋىچىلىق يېزىسى)، بىر سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، ئىككى دۆلەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئىككى يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇش رايونى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 2-دېۋىزىيەسى قۇرۇلۇش تارماق ئەترىتى ۋە 38-تۇەن ناھىيەمىزگە ئورۇنلاشقان.

ناھىيە تەۋەسىدە نېفت، سۇ، تۇپراق، قېزىلما ۋە ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفت، تەبىئىي گاز بايلىق زاپاس مىقتارى دۆلىتىمىز بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئالتۇن تاغ ۋە قۇرۇم تېغىدا بايقالغان مىس، سىنىك، تۆمۈر، نېكىل، قاشتېشى، سېرىق ئالتۇن، تاش پاختا قاتارلىق قېزىلما بايلىق تۈرى 40 خىلدىن ئاشىدۇ. چەرچەننىڭ تارىخى ئۇزۇن، قويۇق مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە، ئۇ «قاشتېشى يولى»نىڭ باشلانغان جايى، شۇنداقلا «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، قەدىمىي غەربىي يۇرت 36 بەگلىك دۆلىتى ئىچىدىكى چەرچەن بەگلىكى ۋە ئەندىرە بەگلىكى ناھىيەمىز تەۋەسىدە بولۇپ، مول ساياھەت بايلىقىغا ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيەمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، ناھىيەمىز ئىلگ-رى-كېيىن بولۇپ دۆلەتلىك كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە، دۆلەتلىك قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش-قۇم تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە، دۆلەتلىك پاكىز ناھىيە بازىرى، دۆلەتلىك باغ-ۋارانلاشقان شەھەر، جۇڭگو ئاھالە ياشاش مۇھىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي ناھ-يە بازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمىن ناھىيە، ئاپتونوم رايونلۇق يىمەكلىك بىخەتەرلىك خىزمىتىدىكى ئۈلگە ناھىيە قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇدا 9 يىل ئاپتونوم رايونلۇق «100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى» پائالىيىتىدىكى ئىلغار ناھىيە شەرىپىگە، ئۇدا تۆت نۆۋەت ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى شەرىپىگە ئېرىشتى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسى يېڭى تارىخىي پەللىدە تۇرۇپ، «كانچىلىقتا بېيىغان، چىلانچىلىقتا راۋاجلانغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى، گۈزەل، بەختىيار چەرچەن قۇرۇش»تىن ئىبارەت بەش چوڭ كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 2015-يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 18.5% ئاشۇرۇش، مالىيە كىرىمىنى500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 21.6% ئاشۇرۇش، يەرلىكتىن تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 24.6% ئاشۇرۇش؛ شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى 23 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 13.4% ئاشۇرۇش؛ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 15 مىڭ 760 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 14.5% ئاشۇرۇشتىن

ئىبارەت چەرچەنىنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بېكىتىپ بەردى.

يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ناھىيىمىز ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنى ئاكتىپ تەشكىللەپ، ناھىيەمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. نەتىجىدە ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتە بۇ ئەسەرلەر ئوبلاستىمىزدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال بولغان «كروران»، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا نوپۇزلۇق مەتبۇئات-نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ روللارنى ئوينىدى.

«كروران» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇنداق بىر مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ناھىيەمىزدە ئېچىلىشى، ئېنىقكى، ناھىيەمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئانا تىلدا ئىجادىيەت قىلىدىغان ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر قېتىملىق ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىدۇر. نۆۋەتتە ئاپتونوم ئوبلاستىمىز، جۈملىدىن ناھىيەمىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، ناھىيەمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك تارىخىي شارائىتتا تۇرماقتا. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئەدەبىيات-سەنئەتتىن يېڭى ۋە يۈكسەك ئۆمىدلەرنى كۈتمەكتە. شۇڭا ناھىيەمىزدىكى شائىر، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى بۈندىن كېيىن مۇشۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئىلھامى بىلەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەيرەتكە كېلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ناھىيەمىزدە يۈز بېرىۋاتقان يېڭى تەرەققىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تەشنالىقىنى ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن قاندۇرۇپ، «ئىتتىپاقلىشىش، ئەمىلىي ئىشلەش، ئېچىۋېتىش، ھالقىش»دىن ئىبارەت چەرچەنلىكلەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «كانچىلىقتا بېيىغان، چىلانچىلىقتا راۋاجلانغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى، گۈزەل، بەختىيار چەرچەن قۇرۇش»تىن ئىبارەت بەش چوڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ئاخىردا يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ بۇ قېتىم ناھىيەمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغان يازغۇچى، شائىرلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن! شۇنداقلا ناھىيەمىزدىكى پائالىيەتچىلارنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا چىن دىلىمدىن تىلەكداشمەن!

2011- يىل 10-ئاينىڭ 28-كۈنى

## «كروران» ژۇرنىلىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئاپتورلاردىن كۈتىدىغانلىرىمىز




ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران

«كروران» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلدا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللار قاتارىدا، مۇشۇ يىللاردا تازا نەۋقىرانلىق دەۋرلىرىدە كېتىپ بارغان ژۇرنال. نېمىشقا دېگەندە، 1979- يىلى نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ يىل 33 ياشقا كىردى دېگەن گەپ. ژۇرنال دەسلەپتە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا «بوستان» دېگەن نام بىلەن يورۇقلۇققا چىققان. 1980- يىلدىن باشلاپ ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يېزىقىمىزدا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1984- يىلى قەرەللىك ئەدەبىي ژۇرنالغا، 2001- يىلى ژۇرنالنىڭ نامى«كروران»غا، ئەدەبىي ژۇرنالدىن ئۇنىۋېرسال ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىلغىچە تەھرىر بۆلۈمىدە مۇقىم ئادەم يوق ئىدى، شۇ يىلدىن باشلاپ مەخسۇس مۇھەررىر ئىشلەيدىغان، قەرەللىك چىقىدىغان بولدى. مانا ھازىر تەھرىر بۆلۈمىدە ئۈچ ئادەم مۇقىم ئىشلەيدىغان، راسخوتلىرىغا ھۆكۈمەت تولۇق ئىگە بولىدىغان ياخشى بىر ھالەتتە نەشردىن چىقىۋاتىدۇ.

دېمەك، 32 يىلدىن بۇيان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى، جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، مۇھەررىرلەرنىڭ قۇربان بېرىش روھى ئارقىسىدا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللار ئىچىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. سۈپەت جەھەتتىن ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ يارقىن سەھىپىلەرنى نامايان قىلىپ، قېرىنداش ژۇرناللار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك نوپۇزىنى تىكلىدى. بولۇپمۇ 1995- يىلدىن كېيىن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئىلى خەلق رادىئو

ئىستانسىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو ئىستانـ
سىسى،«تارىم»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئىشچىلار ۋاقىت
گېزىتى»،«تەڭرىتاغ» قاتارلىق مەتبۇئاتلار تەرىپىدىن
تەكرار ئاڭلىتىلدى ۋە كۆچۈرۈپ بېسىلدى. يېقىنقى يىللاردا
بولسا، بىر قىسىم ئەسەرلەر ھەتتا قازاقىستاندا چىقىدىغان
«بۈگۈنكى ئاسىيا» گېزىتىدە كۆچۈرۈپ بېسىلدى.

«كروران» ژۇرنىلىنىڭ بۇنداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىگە
ئۇنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ بارغانسېرى رەڭدارلىشىشقانلىقى،
پىشقان، يېتىلىۋاتقان يازغۇچى، ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئەتراپىـ
غا ئۇيۇشتۇرالىغانلىقى، ھەم نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتا
دادىل بولۇپ، سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقى سەۋەب
بولدى.

ژۇرنال نەشر قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردا ئوبلاستىـ
مىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ناھايىتى ئاجىز ئىدى.
قەلىمى پىشقان ئاپتورلار ساناقلىقلا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە
ژۇرنالنى سەھنە قىلىپ يېتىشكەن ئاپتورلار ئاپتونوم رايونىـ
مىز تەۋەسىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ماختىنىپ تۇرۇپ ئېغىزغا
ئالغۇدەك يىرىك رومانلارنىڭ ۋە ھېكايە، شېئىرلار
توپلاملىرىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. ژۇرنال نەشر قىلىنغان
دەسلەپكى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئارانلا ئىككى ئەزاسى بار ئىدى.
ھازىر تەرەققىي قىلىپ **40** تىن ئېشىپ كەتتى. بايىنغولىن
ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەزالىرى **100**
دىن ئېشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چەرچەندە ياشاپ ئىجا-
دىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتورلارنىڭ غوللۇق بولۇشى
بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. نۆۋەتتە بۈگۈنكى مۇشۇ يىغىـ
نىمىزنى چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
ئاكتىپ قوللىشى بىلەن مۇشۇ يۇرتتا ئۆتكۈزۈشىمىزمۇ مۇشۇـ
نىڭ سەۋەبىدىندۇر.

«كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ھەر خىل پائالىيەتـ
لەرنى ئاكتىپ تەشكىللەپ، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى مۇۋەپپەقـ
يەتلىك ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ، ئەدەبىياتـ
چىلارنىڭ ئورنىنى تىكلەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە
زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.**1985** - يىلى لوپنۇردا تۇنجى
قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزـ
گەندىن كېيىن،**1991** -يىلى**3**-قېتىملىق«شىنجاڭ خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى
غەلىبىلىك ئۆتكۈزدى. **1994**- يىلى ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىـ
قىنىڭ **15** يىللىقى،**2000**- يىلى ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ
**20** يىللىقى داغدۇغۇلۇق خاتىرىلەندى.**2003**- يىلى لوپنۇردا
يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلەر مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.
**1998**- يىلى شائىر ئابلىز ھەسەن ئىجادىيتى مۇھاكىمە يىغىـ
نى،**2001** -يىلى پەخرىدىن مۇسا رومان ئىجادىيتى مۇھاـ
كىمە يىغىنى،**2004**- يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە سۇلايمان
ئابدۇرەھىم رومان ئىجادىيتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلـ
دى.**2006**-يىلى «كروران» ژۇرنىلىنىڭ **100** سان نەشر
قىلىنغانلىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ
ھەممىسىگە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى داڭلىق ئەدىب،
ئالىملار، شۇنداقلا ژۇرنال، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلـ
لىرى قاتنىشىپ، مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەپ، مۇھاكىمە يىغىـ
نىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. **2004**- يىلى
ئوبلاستىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ **50** يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەھرىر
بۆلۈمىمىز نەشرگە تەييارلىغان «سېھىرلىك كروران»ناملىق
چوڭ ھەجىملىك كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، ئاپتونوم
رايونىمىز تەۋەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

ھازىرغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن **40**
پارچىغا يېقىن ئەسەر «شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاـ
پاتى»غا ئېرىشتى. ئىككى مۇھەررىر ئىككى قېتىم ئاپتونوم
رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات
مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنىدا«مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» بولۇپ
مۇكاپاتلاندى. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر ئەدەبىي ئاخبارات
ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «تۇنجى
نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى» (ئەركىن
روزى ئۇيۇشتۇرغان)غا ئېرىشتى.

ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ
مەبلەغ سېلىشى بىلەن ژۇرنالدا «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاـ
پاتى»،«قۇياش مېھرى»،«باشئەگمەس ئاۋازى»،«گۆھەر
زېمىن»، «دىنار ئەدەبىياتى»،«چولپان ئەدەبىيات مۇكاـ
پاتى»، «ئاياللار ۋە جەمئىيەت»، «ئادالەت شەمشىـ
رى»قاتارلىق ناملاردا ھەر يىلى دېگۈدەك ئەدەبىي ئەسەرلەر
مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنـ
لىقىغا ئىلھام بېرىلدى. مانا بۇلتۇردىن باشلاپ ئەلجان ياقۇپـ
نىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بويىـ
چە «بۇركۇت پەرۋازى مۇكاپاتى » سەھىپىسى ئېچىلدى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى: يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ئوبلاستىمىزدا ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقى
ناھايىتى يۇقىرى بىر تۈركۈم ئايال قەلەمكەشلەر يېتىشىپ
چىقىشقا باشلىدى.**2004**- يىلىدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىز
«كروران ئاياللىرى سالونى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئۇلارغا
مەخسۇس سەھنە ھازىرلاپ بەردى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل
ئىچىدە ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ تەسىرى ئاپتونوم رايونىمىز
تەۋەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. نەتىجىدە**2005**- يىلى
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى**5** - قانىلىدا «كورلىدىكى
ئايال قەلەمكەشلەر» تېمىسىدا مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى.
مۇشۇ يىل **5**-ئايدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلـ
لىشىدە ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان «ياش شائىرلار كىتاب ئوقۇش
پائالىيىتى»گە ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باش كاتىپى، ژورنىلىمىزنىڭ مۇھەررىرى، يازغۇچى ئامانگۈل
ئەزىز قاتنىشىپ كەلدى. **9**-ئايدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر
كۇرسىغا چەرچەن ناھىيەسىدىن شائىرە ھەلىمە تۇردى قاتناشـ
تى. مانا مۇشۇ كۈنلەردە لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا

باشلانغان ئەدەبىي تەرجىمانلار شىنجاڭ كۇرسىدا چەرچەندىن يېتىلىۋاتقان شائىرە، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى رىسالەت مەردان قاتنىشىۋاتىدۇ.

دېمەك، ئاپتورلىرىمىز دەسلەپتە «كروران» ژۇرنىلىنى سەھنە قىلىپ يېتىلدى، كېيىنچە تەسىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېڭەيدى. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنىلىمىزمۇ يۈز تاپتى، ئاپتورلىرىمىزمۇ يۈز تاپتى. بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال. ئەمدى يۇقىرىقىدەك خۇشاللىقلىرىمىزنىڭ داۋاملىق ئۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاپتورلىرىمىزدىن كۆتىدىغان ئازراق ئۈمىدلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس، ئەلبەتتە.

ژۇرنالچىلىقنى ئۈچ پۇتلۇق داڭقانغا ئوخشاتساق، ئاپتور، ئوقۇرمەن ۋە مۇھەررىر داڭقاننى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ پۇتنىڭ رولىنى ئالغان بولىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. مۇھەررىر ئۇنى بايقايدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇرمەن ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ، ئاندىن ئەسەر قىممەت يارىتىدۇ. قايسىبىر مەشھۇر ئەدىب ئېيتقاندەك:«ھەر قانداق ئاپتور ئۈچۈن ئۆز ئەسىرىنى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈشتىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق.» شۇڭا ئۇلار مەتبۇئاتقا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ تېزراق ئېلان قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئەسەر ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىلا، ئاندىن ئاپتورنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ. بۇ«يازىدۇ» دەيدىغان ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۇيغۇدىن ئىبارەت. ئەمما تەھرىر بۆلۈمىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئېھتىياجى، تەلىپى، شۇنداقلا بەزىبىر كونكرېت پىلان ۋە ئىش تەرتىپلىرىنى ئاپتورلار چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، ئارىلىقتا ئۇقۇشماسلىقلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشىدا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا، بەزىدە ئاپتورلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەسىرى مۇھەررىرگە يارىماي قالىدۇ ۋە ياكى ئەسەرلەر ئالدىن ئىشلىنىپ ماڭدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ھەر خىل سەھىپىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى سەۋەبىدىن ئەسەر ياخشى بولسىمۇ مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئىرادە ۋە ئىشتىياق دېگەن ئاجايىپ نەرسە. ئادەمدە بۇ ئىككى نەرسە بولسىلا، ھەر قانداق ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ. ناۋادا سىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەقىقىي ھەۋەس باغلىغان بولسىڭىز، بۇ ھەۋەسىڭىز ئىشتىياق باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ چاغدا سىزنى ھەر قانداق بىر سەۋەب ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدىن سوۋۇتالمايدۇ. ھەۋەسنى ئىشتىياق باسقۇچىغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك

**1)**: ئۆزمەيي يېزىش. ئۆزمەيي يېزىپ تۇرغاندا، ئادەم يېزىقچىلىققا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. ئادەتلىنىپ قالغان ئىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەسلىكى ھەممەيلەنگە ئايدىڭ. شۇڭا بىزدە:«كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟» دېگەن ھېكمەت بار. يېزىشقا كۆنۈپ قالغان ئادەم يازغۇسى كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، يېزىشقا خۇمار بولىدۇ دېگەن گەپ. خۇددى بەڭگى تاماكىغا خۇمار بولغاندەك.

**2)**:كىتاب، گېزىت-ژۇرنالنى كۆپ ئوقۇش، ئوقۇغاندىمۇ تاللاپ ئوقۇش لازىم. ھازىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. نۆۋەتتە ئالىملار «بىلىمنىڭ كونىرىشى» دەيدىغان نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا كۆپ كىتاب ئوقۇمىغاندا، بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرغىلى، دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ تاللاپ ئوقۇش. ئەكسىچە بولغاندا ئۆزىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە كېچىكىپ ئېرىشىپ قالىمىز ياكى دەل ئېرىشەلمەيمىز. ناۋادا كىتابنى توغرا تاللاپ ئوقۇيالمىساق، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ئەقىل ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. توغرا تاللاپ ئوقۇيالىساق، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بىلىم جۇغلانمىسى ھاسىل بولىدۇ، شۇنداقلا ئېڭىمىزدا رىقابەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سەۋىيىسى يۇقىرىراق ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇساق، ئۆز ئىجادىيىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى، كەمچىلىكلەرنى ھېس قىلالايمىز. ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا ھەۋەس قىلىمىز. ئىچىمىزدە بارا-بارا ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە باشلايمىز-دە، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. بۇ خۇددى «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەندەكلا بىر گەپ. يەنە بىزدە «سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ ئوقۇشنىڭ پايدىسى دەل مۇشۇ يەردە. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق مەلۇم يازغۇچىنىڭ، مەلۇم ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىدۇرەك ئەسەر يازغۇچىلار، ئېقىم شەكىللەندۈرگەنلەر ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى تولا ئۇچرايدۇ.

تەھرىر بۆلۈمىگە كۆندە دېگۈدەك نەچچىلىگەن ئەسەرلەر كېلىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى يازغۇچى، ھەۋەسكارلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەسىرىگە قارىغاندا، كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە شېئىر كۆپرەك ئورۇندا تۇرىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردە بولسا مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەلبەتتە بۇ تېما بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئانا تېما. شۇنداقتىمۇ كۆنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان رېئاللىقىمىزغا دادىل نەزەر سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. تۇرمۇش قاتلاملىرىغا قارايدىغان بولساق، ھازىر كىتابنىڭ ئورنىنى تېلېۋىزور، DVD,WCD لار ئىگىلەپ كەتتى. بۇرۇنلاردىكى داللاردىكى مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئورنىنى تولىراق قاراڭغۇ دىبالار، ئالا-چەكمەن رېستورانلار تارتىۋالدى... دېھقانلار تىرىشسىلا كۆنىنى ياخشىلىيالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتىدۇ، لېكىن بەزىلىرى يەرلىرىنى سېتىپ قويۇپ ئويلىمىغان كۆنلەرنى كۆرمەكتە. ھەممىمىزنىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللىرىمىز ياكى تۇغقانلىرىمىز بار. مائارىپىمىزدا بولسا قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئومۇملاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بىز مائارىپ بىلەن

جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا، ئادەملەر بىلەن كىلەچەك ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى بىۋاسىتە ھېس قىلىۋاتىمىز، بۇ ھېس قىلغانلىرىمىز بارغانسېرى پاكىتقا ئايلىنىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە يەنە ھەر ساھەلەردە خەلققە پايدىلىق قۇرۇلۇشلار چىلىك تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە... دېمەكچىمەنكى، مانا مۇشۇ تېمىلاردىمۇ قەلەم تەۋرىتىش، تەۋرەتكەندىمۇ رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىپ، تارىخ ئالدىدىكى، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەر زامان يادىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك، ئەلبەتتە. يازغانلىرىمىز خەلقىمىزنى ئۈمىدلەندۈرەلەيدىغان، روھنى ئۇرغۇتالايدىغان بولسۇن. چۈنكى خەلق يىغلاشقا ئەمەس، كۈلۈشكە بەكراق تەشنا.

مۇھەررىرگە نىسبەتەن تەھرىرلىكتىن سىرت ھەر خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەرمۇ ئۇنىڭ تەشكىللىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسنى گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش-پۈتۈنلەي مۇھەررىرنىڭ ئەتراپلىق بېجىرىشنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ يەردە، يەنى مۇھەررىرنىڭ ئوڭ يېنىدا ئاپتور تۇرسا، سول يېنىدا ئوقۇرمەنلەر تۇرىدۇ. ئۇدۇلدا بولسا خىزمەت مەسئۇلىيىتى ھەر زامان ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەررىر ھەم ئوقۇرمەننى رازى قىلمىسا بولمايدۇ، ھەم ئاپتورنى رازى قىلمىسا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئويلاشمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىشقىلىپ مۇھەررىر ناھايىتى سەزگۈرلۈكتە ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىشلىتەي دېسە، بىرىنچىدىن، ژۇرنالنىڭ رەڭدارلىقنى ئويلىمىسا بولمايدۇ، ھەم ھەر قايسى سەھىپىلەرنىڭمۇ سىغىمچانلىقى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەسەرلەر ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇپ قالىدىغان ئىشلار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەرنى كۆپرەك ئويلىششقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھەر قايسى قاتلامدىكى ئوخشىمىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى، نۆۋەتتىكى ئەڭ ئاكتىۋال مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى بالدۇرراق ئويلاشماي بولمايدۇ. چۈنكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ مەتبۇئات بۇيۇملىرىمىزدىن ئىزدەيدىغىنى دەل ئاشۇنداق ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، نۆۋەتتە زادى ھەل قىلمىسا ياكى مۇنازىرە-مۇھاكىمە قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئەسەرلەردۇر. شائىر روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ«قۇم باسقان شەھەر»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»،يالقۇن روزىنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى» قاتارلىق ئەسەرلىرى دەل خەلقنىڭ كۆتكىنىنى ئىپادىلىگنى ئۈچۈن ئۆز قىممىتىنى ياراتتى. تېخى ئەركىن بازاردا يۇقىرى باھادا تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ئاشۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللارمۇ تالاشتا قالدى. ئاشۇ ئەسەرلەرنى نەشر قىلغان نەشرىياتلارمۇ يۈز تاپتى.

ئادەتتە مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىكى خادىملار بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئۇچرىشىش پۇرستى ئاز بولغاچقا، ئاپتورلار مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى تازا ئېنىق ئۇقۇپ كېتەلمىگەچكە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى جەھەتتە بەزىبىر ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە مۇھەررىر ئاپتورلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۈتىدۇ:

1) ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، ئەسىرىڭىزنى كومپيۇتېردا ئۇرۇپ ياكى ئۇرغۇزۇپ، ئوبدان كوررېكتورلۇق قىلىپ، ئاندىن تور ئارقىلىق ئەۋەتىڭ. ھەر قانداق مۇھەررىر ئەڭ ئاۋۋال ئىملاسى توغرا بولغان ئەسەرلەرنى تاللاپ كۆرىدۇ. ئىملا توغرا بولماي قالسا، ئەسەرنى بىرلا ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايلا قالماستىن، بېشىنى ئوقۇسا ئايىغىنى، ئايىغىنى ئوقۇسا بېشىنى باغلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە ئەسەر ھەر قانچە ياخشى بولغان بىلەن ۋاقتىدا ئېلان قىلىنماي قالىدۇ. سىز زاماندىشلىرىڭىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئاۋۋال تىل تەتقىقاتچىسىسىز، تىل ئۇستىسىسىز. بۇنداق بولغان ئىكەن، خەتنى توغرا يېزىش، سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىش — ئانا تىلىڭىزغا بولغان ھۆرمىتىڭىزنى، ئىشتىياقىڭىزنى ۋە تىل ئىشلىتىش ماھارىتىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئەقەللى تەلەپتۇر.

2) تاللىغان تېمىڭىز يېڭى بولسۇن. ئادەتتە يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرگە قارىسىڭىز، كۆپىنچىسى سىز ھېس قىلغان نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا تېما تاللىغاندا، باشقىلار يازمىغان ياكى يازغان بولسىمۇ سىز ئويلىغان نۇقتىلاردىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىلمىغان تېمىلاردا قەلەم تەۋرىتىڭ. ئەلبەتتە سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ، ئوقۇرمەننىڭمۇ تەلىپى شۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان پسىخىك ئېھتىياج. شۇڭا كەم دېگەندىمۇ باشقىلار يازغان تېمىلاردا يېزىپ قالغان بولسىڭىز يېزىش ئۇسۇلىڭىز ئوخشىمىسۇن. شۇنداق قىلالىسىڭىز سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز چوقۇم مۇھەررىرگە يارايدۇ، ئوقۇرمەنگە تېخىمۇ يارايدۇ.

3) كۆزىتىشكە ماھىر بولۇڭ. ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇچرىتىمىز. لېكىن بۇ يەردە كۆزىتىش دەيدىغان بىر ئۇقۇم بار. مانا مۇشۇ ئۇقۇم بىزنى باشقىلاردىن پەرقلىق تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ.

سىزدە ھاياتقا بولغان ساپ تۇيغۇ، ئەركەكلەرچە ئىنسانىي غورۇر، بۇلغانمىغان ئېتىقاد بولسىلا، تەپەككۇرىڭىز باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك بىر نۇقتىغا يېتىپ بارالايدۇ. شۇ چاغدا سىز باشقىلار دېيەلمىگەننى يازمىلىرىڭىزدا دېيەلەيسىز. باشقىلار ئاغزاكى سۆزلەپ قوزغىيالمىغان تەسىرنى، داغدۇغىنى ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق قوزغىيالايسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنى كېلەچەككە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئاپارغىلى بولىدۇ.

## كۆڭۈل ئىزھارىم



ئەلجان ياقۇپ

**ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، قەلەمداش دوستلار، مېھمانلار!**

ھەممىڭلارنىڭ «بۇركۇت پەرۋازىمۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى «كروران» ژۇرنىلى ياش قەلەمكەشلىرىنىڭ چەرچەن ئۇچرىشىشى يىغىنىغا قاتناشقانلىقىڭلارغا، قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ، ئاردىلىقنى يىراق كۆرمەي، گۈزەل ۋە ئۈمىدكە تولغان قەدىمىي دىيار چەرچەنگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا ھەممىڭلارغا سەممىي ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات-سەنئەت خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەر قەلبىنى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۈمىد نۇرى بىلەن يورۇتۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان خىسلەت، خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زامان-زامانلاردىن بېرى ئۆزىگە خاس ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ماھىيەتتىن ئىنسانلار ئومۇمىي تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشۇلغان ھەسسە بولۇپلا قالماي، يەنە دەۋرنىڭ تەلپى، زاماننىڭ تەقەززاسى، جەلقنىڭ ئارزۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ ئوي-پىكىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزۈمنىڭ ئازغىنە كۆڭلىنى كەسپداشلارنىڭ مېھنەت-ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىش ۋە نەتىجىسىنى قۇتلۇقلاشقا ئاتىدىم. قەلەمداش بۇرادەرلەرنىڭ ھۆرمەت ھەم ئىشەنچىسى ئالدىدا بۇ ئازغىنە كۆڭۈل بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشىدىن سۆيۈندۈم، پەخىرلەندىم.

چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە قوللىشى ئارقىسىدا بۇ قېتىمقى يىغىن غەلىبىلىك ئېچىلدى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن چەرچەنگە كەلگەن بارلىق دوستلارنىڭ غەنىمەت كۈنلەردىكى دەملىرىنىڭ مەنىلىك ئۆتۈشىگە تىلەكداشمەن، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس گۈزەل ئەستىلىكلەرنى قالدۇرىشنى، دوستلۇق، ھەمدەملىك، بۇرادەرلىك رىشتىمىزنى مۇستەھكەم باغلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالىي ئىستەك ۋە ئورتاق غايىلەر بىزگە كۈچ بەرگەي ۋە مەدەت بولغاي.

بۇ قېتىمقى «بۇركۇت پەرۋازى مۇكاپاتى» ھەق ھەم توغرا ئىستىل بىلەن ناھايىتى ياخشى تارقىتىلدى. قەلەمداش بۇرادەرلەرنىڭ سەممىي رەھمەت-ئېھتىرامى مېنى ھاياجانغا سالدى. ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مەن كېلەر يىلمۇ بۇ مۇكاپاتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدىم. ھەمكەسپ بۇرادەرلەرنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ تىرىشىش ۋە قايتماس ئىرادە بىلەن ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش بىلەن مۇشۇ پائالىيەتنى قوللىغان، ياردەم بەرگەن بارلىق رەھبەرلەرگە ۋە دوستلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن. ھەممەيلەنگە رەھمەت.

**2011- يىل 10-ئاينىڭ 28-كۈنى، چەرچەن**
**(ئاپتور چەرچەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)**

## تەشەككۇرۇم



نۇرگۈل ئەبەي

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى! بۈگۈنكى كۈندە خېجىلىك دەپ ئاتىلىۋاتقان گۈزەل ئاق قۇ ۋادىسىدىن چەرچەندىكى ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلارغا ئوتلۇق سالام!

ئالتۇن كۈزنىڭ ساخاۋەتلىك مىنۇتلىرىدا، قەدىمىي يۇرتلىرىمىزنىڭ بىرسى بولغان چەرچەن دىيارىدا مۇشۇنداق بىر قۇتلۇق يىغىلىشقا قاتناشقانلىقىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. شۇنداقلا «بۇركۇت پەرۋازى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكىم سەۋەبلىك ھاياجان ئىلكىدىمەن. مۇشۇ تاپتا بىر تەرەپتىن

خۇشال بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن سۈكۈتكە چۆمدۈم. خۇشال بولۇشۇمدىكى سەۋەب: ئۆزۈم ئۇزۇندىن بۇيان بىر كېلىپ كۆرۈپ بېقىشنى، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىمگە يېڭى ئىلھاملارنى ئاختۇرۇشنى ئىزدىگەن بۇ ماكانغا ئاخىر قەدەم قويدۇم. يەنە كېلىپ ئۆزۈم سۆيگەن ئوتلۇق بىر ھەۋەسنىڭ شاپائىتىدە بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتىم. سۈكۈتكە چۆمۈشۈمنىڭ سەۋەبى: مەن بۇ قېتىم تۇنجى نۆۋەتلىك «بۈركۈت پەرۋازى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ماڭا بېرىلگەن بۇ شەرەپ زىممەمگە يېڭىدىن يېڭى مەسئۇلىيەتلەرنى ئارتتى ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەسلىكىنى سەزدىم.

مەن ئەدەبىيات دالاسىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان بۇ كەسىپنىڭ سېھرى كۈچىنى بارغانسېرى ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئىشتىن سىرتقى كۈنلىرىم شۇنداق مەنىلىك ئۆتىدۇ. مەن قەلەم تۇتۇۋاتقان چېغىمدا ئۆزۈمنى شۇنداق ئەركىن سېزىمەن. ئەدەبىياتنىڭ مېھىرلىك ئالىمى مېنى ھەر زامان ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل چەتلىرىگىچە ئېلىپ بارىدۇ. ئادەملەر گاھىدا نامەردلىك قىلغاندا، قەلەم ماڭا شۇ قەدەر سادىقلىق بىلەن ھەمراھ بولىدۇ. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ۋە شېرىنلىكى قەلەم ئارقىلىق قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، مېنى چەكسىز ئۈمىدلەندۈرىدۇ.

شۇنداق، بۇ جاھاندا ھەممە كىشى ئۆزى سۆيگەن كەسپىنىڭ ھۇزۇرى بىلەن ياشايدۇ. قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشى بىر ئەسەرنى پۈتتۈرگەندە يۈزىمىزگە يامرىغان خۇشاللىق قانلىرى باشقا ھەر قانداق چاغدىكى خۇشاللىقتىن ئارتۇقتۇر.

ئالدىمىزدا رەڭگا-رەڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرى يېيىلىپ ياتماقتا. ئۇ بىزنىڭ يېزىشىمىزنى كۈتىدۇ. ئارقىمىزدا ھايات ھېكمەتلىرى بىزنى ئۇزىتىپ قالماقتا. ئۇ بىزدىن ھامان ھوشيار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق، بىز يازايلى، توختىماستىن يازايلى. شۇ ئارقىلىق خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر ۋۇجۇتقا كەلسۇن. تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىمىز ئادا بولسۇن.

ئاخىردا مېنى بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشتۈرگەن «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى جاپاكەش مۇھەررىرلەرگە، مېنى قوللىغان بارلىق دوستلىرىمغا، شۇنداقلا «بۈركۈت پەرۋازى مۇكاپاتى»نى ئۇيۇشتۇرغان ئەلىجان ياقۇپ مۇئەللىمگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. كۆپچىلىككە رەھمەت!

(ئاپتور خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدا)

## «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» مۇكاپاتلىق ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىگە قاتنىشىڭ!

**ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان ئىجادىيىتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۈكسىلىپ مەلۇم پەللىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن رومانلار توغرىسىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ھەر جەھەتتىن يېتەكلەش كەم بولۇۋاتماقتا. بىز مانا مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، مەدەنىيەت-تارىخ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي ئوبزورچى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانلىرىدا «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» مۇكاپاتلىق ئەدەبىي تەنقىد سەھىپىسى ئاچتۇق. مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تۆۋەندىكىچە:**

**1. ماقالىلەر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان رومانلار ھەققىدە يېزىلغان بولۇشى لازىم.**

**2. ماقالىلار بۇ يىللىق 1-ساندىن باشلاپ 4-سانغىچە ئېلان قىلىنىدۇ.**

**3. يىل ئاخىرىدا كۆلىمى چوڭ بولغان خۇلاسىلاش يىغىنى ئېچىلىدۇ. ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئەستايىدىل تاللىنىش ئارقىلىق 8 پارچە ماقالە مۇكاپاتلىنىدۇ: 1-دەرىجىلىك ماقالە 1 پارچە، مۇكاپات سوممىسى 3000 يۈەن، 2-دەرىجىلىك ماقالە 2 پارچە، مۇكاپات سوممىسى 2000 يۈەن، 3-دەرىجىلىك ماقالە 3 پارچە، مۇكاپات سوممىسى 1000 يۈەن.**

**4. ئەدەبىياتىمىزغا مەسئۇلىيەتچان كۆزدە قارايدىغان بارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپەتلىك ماقالىلار بىلەن تەمىنلىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز.**

**ھۆرمەت بىلەن«كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

**تېلېفون: 0996 — 2024226**

**2012-يىل 3- ئاي، كورلا**



ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە

# دىلبەرنىڭ باش سۆڭىكى

(ھېكايە)

**1**

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. قويۇق قار ئېچىدە باشلىرىنى قىلىن چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە ئورنىۋېلىشقان يولۇچىلار توختىماي يېغىۋاتقان قىلىن قاردىن بىزار بولۇشقاندەك ئاندا - مۇندا گۇڭگىراپمۇ قويۇشاتتى.

- ھەجەپ قاتتىق ياغدىيا، بۇ قار!

ئادەملەرنىڭ قەدەملىرى قىلىن قار ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن بېسىلاتتى، ماشىنىلارنىڭ چاقى تۈرۈپ - تۈرۈپ قار ئۈستىدە تېيىناپ پىرقىراپ كېتەتتى. پىيادىلەر يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يالىڭاچلىنىپ قالغان مەنزىرە دەرەخلەرنىڭ ئاياللارنىڭ چېچىنىڭ تومىلىقىدىكى شاخلىرى قىلىن قار تەسىردىن ھېلىلا غارسىلداپ سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئەتراپىغا ئېگىلىپ تۇراتتى. ئەتراپ گۇگۇم رەڭگىدە بولسىمۇ، ۋاقىت تېخى خېلىلا بالدۇر بولۇپ، ئەمدىلا ئۆرۈمچى ۋاقتى سائەت تۆتلەر بولغان ئىدى. بىراق قىش كۈنىنىڭ قىسقىلىقى، قارنىڭ قېلىنلىقى، ئاسماننىڭ بۇلۇتلىقلىقى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ ئادەمگە خۇددى مۇددەتتىن بۇرۇن كەچ بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قىلىن قار يېغىۋاتقان كوچىدا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ، لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا قار ئالدىراپ توختايدىغاندەك قىلمايتتى. چۈنكى ئالدىراپ توختايدىغان قار بۇنداق قويۇق ۋە قىلىن ھالەتتە ياغمايتتى. شۇ تاپتا يوللار ئاپپاق، دەرەخلەر ئاپپاق، ئادەملەرمۇ ئاپپاق بولۇپ، قارىماققا يەردىن ئاسمانغىچە بولغان ھەممە يەر خۇددى ئاق شايدا كېپەنلىنىشكە باشلىغاندەك كۆرۈنەتتى. قەدەملەر بولسا يەر يۈزىدىكى سوغۇق رەڭلىك ئاق قارغا ئېغىر ۋە چوڭقۇر بېسىلاتتىكى، قاردىن ئىبارەت ئاق ۋە يۇمشاق بۇ نەرسە قەدەملەرنى بىردەمدىلا تالىجىقتۇرۇپ قويۇۋاتتى. شۇڭا بۇنداق قىلىن قاردا يول يۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن بولۇپ، مۇشۇ تاپتا قاردا يول يۈرۈش بىلەن قار ھەققىدە شېئىر يېزىش ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرق تەپەككۇرۇمنى توختىماي غىدىقلاپ تۇراتتى.

راست، قار دېگەن قىشتا ياغىدۇ، ئەمما قار ھەققىدە يازىدىغان شېئىر يازغىلى بولىدۇ. لېكىن قارغا قاراپ گۈزەل ھاياجانلارغا چۆمۈلگىلى بولغىنى بىلەن قاردا ئولتۇرۇپ شېئىر يازغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىرىنچى قەدەمدە يېغىۋاتقان قاردا قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمدە شېئىر يېزىش كېرەك! چۈنكى لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قاردا قىلىش تۇرمۇش ئۆگىنىشنىڭ بىر قىسمى بولسا، قار ھەققىدە تەسەۋۋۇرلارنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ تۇرۇپ گۈزەل شېئىرلارنى يېزىش سەنئەتكە كىرىشنىڭ بىشارىتى - دە. شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ «قار ياغقاندا ئۆيدىن تالا ياخشى»

- ماشىنا لازىممۇ؟

يېنىمدىنلا چىققان ئاۋازدىن خىيالىم بۆلۈنۈپ كەتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بىرەيلەن كىرا ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىدىن بېشىنى چىقارغىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان قىلىن كالپۇكىنىڭ شۇ تاپتىكى ھەرىكەتسىز ھالىتىگە قاراپ، ئۆزۈم ھېلى ئاڭلىغان ئاۋازنىڭ مۇشۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. يەنە كېلىپ ئالدىمدىكى بۇ ئادەمنى مەن زادىلا تونۇيدىغاندەكمۇ قىلمايتتىم. ئەمما ئۇ ئادەم بولسا ماڭا تونۇيدىغان ئادەمگە گەپ قىلغاندەك ئەركىن - ئازادە گەپ قىلغان ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ئۆزۈم تونۇمايدىغان باشقا بىر ئادەمگە گەپ قىلغان بولسام باشقىلار چوقۇم مېنى سوغۇقتا مېڭىسى توڭلاپ قالغان بىرى

بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىشى ھەم مەندىن چەتنەپ تۇرۇپ مېڭىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يېنىمدىكى بۇ ئادەم كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى بولغاچقا، ئاستىدىكى ماشىنا ئۇنىڭغا باشقىلارغا مانا مۇشۇنداق خالىغانچە گەپ قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى.

— ماشىنا لازىممۇ دەيمەن؟

كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى مەندىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن بايامقى سوئالنى يەنە قايتا تەكرارلىدى. مەن شۇندىلا باياتىن قۇلىقىمغا ئاڭلانغان ئاۋازنىڭ راستلا مۇشۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئادەم ماڭا ئىككىنچى قېتىم گەپ قىلغاندا مىدىرلاپ تۇرغان كالپۇكىغا قاراپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلدىم ۋە شۇندىلا سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىم - دە:

— رەھمەت، لازىم ئەمەس، — دېدىم.

— ھەجەب تۈيۈقسىز يېغىپ كەتتى - ھە، بۇ قار؟

ئۇنىڭ گېپى ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. چۈنكى قىشتا قار يېغىش دېگەن ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس - دە. ئەگەر قارنىڭ ئورنىغا يامغۇر يېغىپ كەتكەن بولسا چوقۇم مۇشۇنداق سوراش ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا مېنى ئالداپ ماشىنىسىغا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قۇرىۋاتقان قىلتاقتەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بۇ دېگەن 12 - ئاي تۇرسا.

— 12 - ئاي بىلەن قارنىڭ نېمە ئىشى بار؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ، خۇددى تاشقى پىلانېتتىن توككىدە يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك. 12 - ئاي دېگەن قىش بولىدۇ، قىش دېگەندە قار ياغىدۇ. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار؟

— ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىۋاتقاندەكلا چۈشەندۈرۈپ كەتتىڭىزغۇ؟

— شۇنداقمۇ؟

— مەن مېڭىۋەردىم، ماشىنا لازىم بولسا تېلېفون قىلارسىز - ھە ئەمىسە.

ماشىنىنىڭ كەينى چاقى قار يۈزىدە بىر نەچچىنى پىرقىرىدۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىپ قېلىن قار ئىچىدە بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قىزىق ئىش، كىرا ماشىنىنىڭ شوپۇرى ماڭا ئۆزىدە تېلېفون بارلىقىدىن بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرمايلا كېتىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشى ماڭا خۇددى تۈزۈت ئۈچۈنلا بىراۋنى« ئۆيگە كىرمەمدۇق» دەپ قويغىنىدەكلا شەكىلەن تۇيۇلدى.

تېلېفون!

تۇيۇقسىزلا يادىمغا تېلېفون دېگەن بۇ ئاۋاز توشۇغۇچ سىگنال مەپىسى قىرلىق تاشتەك ئۆرۈلدى. قار لەپەكشىپ يېغىۋاتاتتى، لەپەكشىپ يېغىۋاتقان قېلىن قار ئىچىدە مەن خۇددى قار ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم. قار ئاق بولغىنى بىلەن سوغۇق ئىدى، شۇڭا قار دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرىمنىڭ ۋاژىلداپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كىرپىكلىرىمگە لەيلەپ چۈشۈپ قونىۋالغان قار ئۇچقۇنلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆرۈش دائىرەمنى قىسقىلا بىر پەس غۇۋالاشتۇرۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئېرىپ، بۇرنۇمدىن پۇرقىراپ چىققان ئىسسىق ھورنىڭ تەسىرىدىن ئېرىپ ئېقىپ كېتەتتى - يۇ، ئارقىدىنلا يەنە بىر نەچچە تال يېڭى قار ئۇچقۇنى كىرپىكىمگە قونۇپ ئۆلگۈرەتتى. بۇنداق بىر تال قار ئۇچقۇنىدىن كېيىن يەنە بىر تال قار ئۇچقۇنىنىڭ نۆۋەتلىشىپ كىرپىكىمگە قونۇشى خۇددى دۈشەنبىنىڭ كەينىدىن سەيشەنبە، چارشەنبىنىڭ كەينىدىن پەيشەنبىنىڭ سوڭدىشىپ كەلگىنىدەكلا تولىمۇ نورمال ئىدى. ئىككى قولۇم بولسا قارا رەڭلىك گاچا پەلتۇيۇمنىڭ ئىككى يانچۇقىدا بولۇپ، سول يانچۇقۇمدىكى قولۇمدا يان تېلېفونۇم چىڭ سىقىمدالغىنىچە تۇراتتى. كەينى تەرىپىم قار بىلەن قىشنىڭ سوغۇقىغا لىق تولغان چوڭ يول، ئالدى تەرىپىم بولسا ئىچى پار بىلەن ئىسسىپ تۇرغان قاتار - قاتار بىنالار ئىدى. ئەنە شۇ قاتار - قاتار بىنالاردىن مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا تۇرغان كۆكۈش كاھىشلىق تۆت قەۋەتلىك بىنا بولسا شەھەرلىك سوتنىڭ خىزمەت بىناسى ئىدى. مەن مۇشۇ قېلىن قار ئىچىدە ئاشۇ بىنا ئالدىدا ئاشۇ بىنانىڭ ئەينەك ئىشىكلىرىگە ئۈنسىز رەۋىشتە تىكىلىپ تۇراتتىم. چۈنكى سەن ئەنە شۇ كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، مەن بولسام كۆكۈش كاھىشلىق بۇ بىنانىڭ ئالدىغا ساڭا ۋە سېنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىدىم، دىلبەر!

ئىچىمنىڭ ئىسسىق بىر يەرلىرىدە چاھار باغلاردىكى مەلىكىلەردەك لەيلەپ تۇرغان بۇ ئىسىم شۇ ھامان بوغۇزۇمدىن ئاقۇش ھورغا ئايلىنىپ پۇرقىراپ چىققىنىچە باشتا ئاق قار بىلەن سوغۇققا قوشۇلۇپ، ئارقىدىن ئەتراپقا يېيىلىپ - تاراپ غايىب بولۇپ كەتتى. راستىنى دېسەم، نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولۇپ، ئاجايىب گۈزەل لىرىكىلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا سەۋەب بولغان سېنىڭ بۇ گۈزەل ئىسمىڭ شۇ تاپتا مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەلەملىك نالە - پەرياد قىلماقتا ئىدى. مەن بولسام ئاشۇ نالە - پەرياتلار ئىچىدە ھەم غالىبلارچە ھەم بىچارىلەرچە سېنىڭ ئاۋازىڭدىن لەززەت شەربەتلىرىنى سۈمۈرمەكتە ئىدىم. كۆزلىرىمدە بولسا تەشۋىرلەپ بەرگۈسىز ھالەتتىكى قىساس ئۇچقۇنلىرى گۈلخاننىڭ ئوتىدەك يىلىنجايتتى.

دىلبەر!

بۇ سېنىڭ چىرايلىق ئىسمىڭ ئىدى، دىلبەر. سېنىڭ بۇ چىرايلىق ئىسمىڭ نۇرغۇن رومانتىك شائىرلارنىڭ قەلبى ۋە قەلىمىدە ئاجايىب گۈزەللىشىپ كېتىش بىلەن بىرگە ئۇلار يازغان لىرىكىلاردا سىمۋوللىشىپ، ئىماگىللىشىپ، قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان بىشارەت خاراكتېرلىق ئۇقۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن سەن مەن ئۈچۈن

سمۇولمۇ، ئىماگمۇ ياكى بىشارەتمۇ ئەمەس، بەلكى مېنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىۋالغان رېئاللىقتىكى ئاددىيلا بىر قىز ئىدىڭ، دىلبەر. گەرچە مەن سەن ھەققىدە بىر كۈپلىت قوشاقمۇ توقۇپ باقمىغان بولسامۇ، ئەمما سەن ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ سېھىرلىك خىياللىرىمدا قوشاقلاردىنمۇ گۈزەل چاھار باغلارنى بىنا قىلىپ باققان ئىدىم. شۇڭا مەن سېنى خىياللىرىمدىكى ئەنە شۇ چاھار باغلارغا ئېلىپ كىرمەكچى، سەن بىلەن ئەنە شۇ باغلاردىكى بىر ئېرىقتا بىللە ئاقماقچى بولغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، سەن گۈلدەك يۇمران قوللىرىڭنى بوران قىلىپ مېنىڭ خىيالىمدىكى ئەنە شۇ گۈزەل باغلارنى گۈللەردەك توزۇتۇپ تاشلىغان ئىدىڭ.

مەن لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قېلىن قار ئىچىدە كۆز ئالدىمدىكى كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ بىر قەۋەت قىرو باغلىغان ئەينەك ئىشىكلىرىگە ئۈنسىز رەۋىشتە تىكىلىپ تۇرغىنىمچە سەن ھەققىدىكى ئاشۇ كونا ئەسلىمىلىرىمنىڭ قاتلىرىنى خىيالەن ۋاراقلاشقا باشلىدىم...

(2)

ئۇ كۈنى يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى بولۇپ، ئۇ كۈنىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك لەپەڭشىپ قېلىن قار يېغىۋاتاتتى. مەن ئەنە شۇ قېلىن ۋە قويۇق قار ياغقان كۈنى سېنى شىنخۇا كىتابخانىسى ئالدىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئىدىم. قولۇڭدا تېخى يېڭىلا سېتىۋېلىنغانلىقى پارقىراق تاشلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغان بىر نەچچە پارچە كىتاپ بار ئىدى. لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان ئاق قار گۈللىرى دولقۇن ـ دولقۇن چاچلىرىڭغا قونۇشقا ئۈلگۈرگەن بولۇپ، ئاچ سېرىق رەڭلىك شارپا بىلەن بويۇنۇڭنى ئورىۋالغان ئىدىڭ. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بولسا شۇنداق يېقىن ھالەتتە بولۇپ، مەندىن بىرەر قەدەمچە ئالدىمدىلا كېتىپ باراتتىڭ. كۆزۈم پات ـ پات تەستە يۆتكىلىۋاتقان قەدەملىرىڭگە چۈشۈپ قالاتتى. قەدەم ئېلىشلىرىڭ بولسا ماڭا تولىمۇ نازۇك كۆرۈنەتتى. قەدەم ئېلىشلىرىڭنىڭ تولىمۇ نازۇكلىقىدىن يولدىكى قارنىڭ خېلىلا قېلىن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا ھېس قىلىۋالماق قىيىنمۇ ئەمەس ئىدى. نېمشقىدۇر مۇشۇنداق قېلىن قار ئىچىدە بىر قىز بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مېڭىش ماڭا تولىمۇ رومانتىك تۇيۇلۇپ كەتمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى خۇددى كىنودا رول ئېلىۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلىپ قالدىم. ئەمما بۇ مەندىكى بىر نەچچە مىنۇتلۇقلا تۇيغۇ بولۇپ، سېنىڭ ئالدىمىزدىكى قايسىدۇر بىر كوچا دوقمۇشىنىڭ كېسىشمىسىدە يەنە باشقا بىر مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشىڭ ئېنىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ «تېزەك ئىشەكنىڭ بۇرنىغا ئارام، چىرايلىق قىز ئەر كىشىنىڭ كۆزىگە ئارام»دېگەندەك سېنىڭ قېلىن قاردىكى شەكلىڭدىن سەندىن يوشۇرۇن ھالدا ھوزۇرلىنىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدىم. لېكىن قولۇڭدىكى كىتابلارنىڭ تۇيۇقسىزلا يەرگە چۈشۈپ كېتىشى مېنىڭ سەندىن ھوزۇرلىنىش جەريانىمدىكى بوشلۇقنى پەيدەك توزۇتۇپ تاشلىدى. ئېھتىمال باشتا قاردا تېيىلىپ كەتكەن بولۇشۇڭ، ئارقىدىن قولۇڭدىكى كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن قولۇڭدىكى كىتابلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىش جەريانىنى مانا مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ دىققىتىنىڭ بۆلۈنمەي تۇرۇپ نورمال ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەستە.

سەن قارنىڭ سوغۇقىدا توڭلاپ كەتكەن قول بارماقلىرىڭنى ئىسسىق نەپىسىڭ بىلەن بىر نەچچىنى پۈۋلەپ ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يەرگە ئېڭىشىپ قار ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى يىغىشقا باشلىدىڭ.

ـ ياردەم قىلايمۇ؟

سەندەك چىرايلىق بىر شەكىلنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشنى خالىمىغاچقا سەندىن سورىدىم.

ـ سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

سېنىڭ ئاۋازىڭدا مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدىن تۈزۈت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىدى.

ـ بەلكىم قوللىرىڭىز توڭلاپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ـ سەل تېيىلىپ كېتىپ قالدىم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغىچە كىتابلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

ـ ھېلىمۇ ياخشى قار يېغىپتىكەن دەڭا.

ـ قانداق دەيسىز؟ قار ياغقاندا كىتابنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشىنى نورمال ئەھۋال دېمەكچىمۇ سىز؟

ـ ئۇنداققۇ ئەمەس. ناۋادا يامغۇر ياغقان بولسا كىتابلار مەينەت بولۇپ كەتكەن بولاتتى. قارنىڭ پاكىزلىقى كىتابقا پايدا بولدى ئەمەسمۇ.

ـ ئەمدى چۈشەندىم.

مەن سېنىڭ يېنىڭدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قار ئۈستىدە رەتسىز چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى بىر ـ بىرلەپ يىغىشقا باشلىدىم. مۇقاۋا سۈرەتلىرى چىرايلىق ئىشلىنىپ، تېشىغا يالتىراق چاپلانغان بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭىدىن نەشردىن چىققان شېئىرلار توپلاملىرى ئىدى. قېلىن قار ئىچىدىكى سەندەك بىر چىرايلىق قىزنىڭ شېئىرلار توپلىمىغا ئالاھىدە ھەۋەسىڭنىڭ بارلىقى مېنىڭ ساڭا بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ تارتتى. چۈنكى شېئىر ئوقۇش بىلەن ھېكايە ئوقۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقنىڭ بارلىقىنى خېلى ئوبدانلا بىلەتتىم.

ـ سىزمۇ شېئىر يازامسىز قانداق؟

قولۇمدىكى بىر نەچچە پارچە كىتابنى ساڭا سۇنىغاچ سورىدىم.

ـ قانداق دەيسىز؟

ـ قارىسام سېتىۋالغان كىتابلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى شېئىرلار توپلىمىكەن.

ـ شېئىر يازمايمەن، بىراق شېئىر ئوقۇشقا ھەۋىسىم بار.

ئىككىمىزنىڭ قېلىن قار ئىچىدىكى سۆھبىتى ئەنە شۇنداق تەبىئىيلا باشلانغان ئىدى. ئەمدىكى قەدەملىرىمىز بولسا قار

ئۈستىگە بىر خىل رىتىمدا بېسىلماقتا ئىدى. مەندە بولسا ناتونۇش قىزلارغا گەپ قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان قورۇنۇش ئالامەتلىرىدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. بولمىسا ناتونۇش قىزلارغا تەرەپباللا گەپ قىلىش دېگەن تولىمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى.

- سىزمۇ شېئىر ئوقۇمسىز قانداق؟

سەن قەدەملىرىڭنى قېلىن قار ئۈستىگە ئاۋايلاپ باسقىنچە مەندىن سورىدىڭ. قارىماققا سوئال سوراش نۆۋىتى ئەمدى ساڭا كەلگەندەك قىلاتتى.

- شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. راستىنى دېسەم، ماڭا شېئىر ئوقۇش بىر خىل ھوزۇرلۇق ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق كۆپ ئادەملەر شېئىر ئوقۇشنى خالاپ كەتمەيدۇ.

- شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شېئىر ئوقۇشقا سەۋىيە كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان گەپكە قاراپ ھەيران قالدىم. ئەجەبا، شېئىر ئوقۇشقىمۇ سەۋىيە كېتىدىغانلىقىنى مەن ھەجەب بىر ئويلاپ باقماپتىكەنمەن دېسە.

- شائىرلاردەكلا گەپ قىلىۋەتتىڭىزغۇ؟

ساڭا بولغان قايىللىقىمنى مۇشۇنداق بىر سوئال جۈملىسى بىلەن ئىپادىلەپ باقتىم. بىراق سەن دەررۇلا:

- ياقەي، بۇ دېگەن بىر خىل ئەقلىي خۇلاسە،-- دېدىڭ سۆزۈمنى يېقىملىق ئاۋازىڭدا رەت قىلىپ.

ئاسماندىن سوغۇق قار، ئاغزىڭدىن ئىسسىق سۆز توزاندىلىرى تۆكۈلىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى سوغۇق قار بىلەن ئىسسىق سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يولغا چۈشۈپ قالغان بىر پارچە خېتى يوق كىتابدەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. بىلمىدىم، بۇ كىتابنى كىم تەقدىر كوچىسىدىن تېپىۋېلىپ، ئىچىگە ھەرپلەردىن چىرايلىق خەت پۈتەركىن - تاڭ؟

- مېنىڭ ئىسمىم دىلبەر!

ئاۋازىڭ خىيالىمنى بۆلۈپ تاشلىدى. ئەسلى مەن سەندىن سورىماقچى بولغان، ئەمما سوراشنى بىئەپ ھېس قىلغان سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈڭ دەپ بېرىۋاتاتتىڭ. راستىنى دېسەم، مەن سېنىڭ ئىسمىڭ دىلبەرمۇ ياكى گۈلبەرمۇ ۋە ياكى باشقا بىر نېمىمۇ، بىلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ سېنىڭ ئۆزۈڭگە ئوخشاش چىرايلىق ئىسمىڭنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلغان ئىدىم. ئەگەر ئىككى ناتونۇش قار بىر - بىرى بىلەن تونۇشماقچى بولسا چوقۇمكى بىر قار يەنە بىر قارغا «مېنىڭ ئىسمىم قار» دېسە، يەنە بىر قارمۇ «مېنىڭمۇ ئىسمىم قار» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ خۇددى سېنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم دىلبەر» دېگىنىڭدەكلا نورمال سۆز سەپىرى بولاتتى. بىراق سەن بىلەن مەن قار ئەمەس - تە! شۇڭا سەن «مېنىڭ ئىسمىم دىلبەر» دېسەڭ، مەنمۇ قارغا ئوخشاش«مېنىڭمۇ ئىسمىم دىلبەر» دېيىشىم مۇمكىن ئەمەس - تە.

- ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

سېنىڭ سوئالىڭ مېنى تۇيۇقسىزلا ھودۇقتۇرۇپ قويدى. شۇڭا:

- نېمىنى؟- دەپ سورىدىم سەندىن، سېنى ماڭا يەنە گەپ قىلغان بولسا مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاڭلىيالماي قالغان ئوخشايمەن، دەپ.

- دىققىتىڭىز بىر يەردە ئەمەستەك قىلامدۇ نېمە؟

- ئۇنداقمۇ ئەمەستى. بىراق سىزنىڭ كېيىن نېمە دېگەنلىكىڭىزنى راستلا ئاڭلىيالماي قاپتىمەن.

- مەن پەقەت بىر قېتىملا گەپ قىلدىمغۇ؟

- ئەمىسە ئاڭلاپتىمەندە.

- نېمىنى ئاڭلاپسىز؟

- ئىسمىڭىزنىڭ دىلبەر ئىكەنلىكىنى.

- دىلبەر دېگەن ئىسىم سىزگە رېئاكسىيە قىلمايدىغاندۇر - ھە؟

- قانداق دەيسىز؟

- تۇرۇپلا ئاڭلىغان گەپ بىلەن ئاڭلىمىغان گەپنى پەرق ئېتەلمەيلا قالدىڭىز.

- بەكلا چىرايلىقكەن.

- نېمە چىرايلىقكەن؟

- ئىسمىڭىزچۇ؟

- بۇرۇن بۇنداق ئىسىمنى ئاڭلاپ باقمىغاندەكلا گەپ قىلدىڭىزغۇ.

- مەن دېمەكچى، بۇ ئىسىم سىزدە بولسا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن.

- ھا... ھا... ھا...

لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قارغا ئەمدى سېنىڭ قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگەن ياڭراق ئاۋازىڭ قوشۇلۇپ كەتتى. تېخى بىر تال توپىمۇ قونمىغان ئاق قار ئاياغ ئاستىمىزدا نالە قىلىۋاتقاندەك غىچىرلايتتى. قارنىڭ سوغۇقى يۈزلىرىمىزگە يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك سانجىلاتتى. ئەمما مەن مۇشۇ سوغۇق مۇھىتتا تۇرۇپمۇ تېنىمنىڭ ئوت ئېلىپ كەتكەندەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسسىقلىق ماڭا سەندىن كېلىۋاتاتتى. شۇڭا مەن سېنى تۇرۇپلا چىرايلىق بىر مەشتەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، قولۇمنى سەندىن ئىبارەت بۇ چىرايلىق مەشنىڭ ئىسسىق ھارارىتىگە قاقلاپ باقتىم. ئارقىدىن بۇ ئىسسىق ھارارەتلىك مەشنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىمنى قىياس قىلدىم.

- قارىڭە!

خىيالىمدىكى چىرايلىق مەشكە قولۇمنى قاقلىغىنىمچە سەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ بىزدىن نەچچە قەدەم نېرىدا قارشى تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ مويسىپىتنى كۆردۈم. بىراق نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا قار بىلەن تولغان تېيىلغاق يولدا قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئۇ ئىككى مويسىپىت كۆزۈمگە كونىراپ كەتكەن ئىككى دانە مەشتەك كۆرۈنۈپ كەتتى ۋە « قارىماققا ئۇ بىر جۈپ كونا مەشتە ئاز دېگەندىمۇ **60** يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت

تـوختمـاي ئوت كۆيگـەن بولۇشى مـۇمكن» دېگەن خىيـال
زاهىر بولۇپ ئۆتتى.

- جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

قـۇلىق hمنـىڭ يىپنـدىلا ئاڭـلانغان ئاۋازىـڭ بىلەن تـەڭ
كالپۇكلـىرىم ئارقـىمۇ - ئارقـىدىن بىـر نەچچـىنى لۆمۈلـدەپ
ئىچىمدىكـى شەكىلـسىز، رەڭـسىز، پۇراقسـىز سۆز يەلـلىرىنـى
ئاۋازغا ئايلاندۇرۇپ ئىغىز بوشلۇقۇمدىن چىقاردى.

- نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى مەشكەن - هە؟

- نىم...ئە... دېدىڭىز؟

سىنىڭ ئاۋازىڭنىڭ ئۆزگىرىپ، چايىنلىپ چىقىشىدىن ئەندد-
كىپ قولۇمنى گۇرۇلدەپ ئوت كۆيىۋاتقان, يەنى شەكلى ساڭا
ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىـر چىرايلـىق مەشتـىن، ئۆزۈمنـى
مەشنىڭ يىپنىدىكى تېگى يوق خىيالدىن تارتتىم. قارىسام سـەن
ماڭا خۇددى تۇيۇقسىز گەپ قىلىپ سالغان بىر پـارچە تاشقـا
ياكى بىر تۇپ دەرەخكە قارىغاندەك قاراپ تۇراتتىڭ. بۇ تاش
ياكى بۇ دەرەخ بولسا قارلىق يولدا ئـاستا - ئاستا يىراقـلاپ
كېتىۋاتقان بايامقى بىر جۈپ كونا مەشكە هەۋەس بىلەن قاراپ
قالغان ئىدى.

- هازىر نىمە دېدىڭىز؟

سەن مەندىن سورىدىڭ. بىراق، مەن ساڭا خاتا ئـاڭلىنـ-
دىغان ئىچىمدىكى توغرا گەپنى يەنە شۇ پېتى دەپ بـېرىشنـى
مۇۋاپىـق كۆرمىدىـم. هېلىمۇ سۆزلـىرىڭنىڭ هەيرانـلـىقتـىن
چىشلىرىڭنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنچىلىك چايىنلىپ كەتكىنى يېتـەر.
شۇڭا:

- نۇرغۇن يىللارنى بىللە ئۆتكۈزگەن مـويسپـىتلەركـەن،
دېدىم.

- ئەمىسە مەن باشتا خاتا ئاڭلاپ قاپتىمەندە.

- بەلكىم خاتامۇ ئاڭلاپ قالمىغانسىز.

- ئەمىسە سىز خاتا گەپ قىپسىز–دە؟

- بەلكىم مەنمۇ خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن.

- ۋاي خۇدا... سـىز مېنـى قايمۇقـتۇرۇپلا قويـدىڭـىزغـۇ
ئەمدى.

- ئەسلى مەن ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بـاقاي دەپ ئويلـ-
ۋىدىم.

شـۇنداق دېيـش بىلـەن سىنى چـىرايلـىق بـىر مەشكـە
ئايلاندۇرۇپ، قولۇمنى ساڭا قاقلاپ باققىنمنى ۋە بۇ ئىسسىق
مەشنى ياخشى كۆرۈپ بېقىپ قىياس قـىلغان مۇشكۇل خىيـال
جەريانىمدىن قۇتۇلماقچى بولدۇم.

- مۇنداق دەڭ. شېئىر يازمايدىغانسىز؟

- قانداق دەيسىز؟

- ئەگەر شېئىر يازىـدىغان بولـسىڭـىز قالتـىس خەتەرلـىك
شائىرغا ئايلىنىدىكەنسىز.

- چۈشەنمىدىمغۇ.

- دېمەكچـى بولغـىنىم شەيـئىلەرنـى سىزدەك تـەسـەۋۋۇر
قىلىدىغان ئادەم بىر بولسا شائىر بولىشى، بىر بولسا لۆكچـەك
بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

- ئەمـىسـە مەن لۆكـچـەك بولۇپ كـېتىشـىم مۇمكـىنـ-
كەن-دە؟

سۆزۈمنى ئاڭلاپ جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كېتىۋىدىـڭ،
كۈلكە ئاۋازىڭ خۇددى لەپىلـدەپ يېغـىۋاتقان ئاق قـاردەك
ئىككىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق مۇهىتقا بـەختىيارلـىق تۇيغـۇ-
سىدا يېيىلىپ كەتتى.

ئادەم كۆزى كۆرگەن نەرسىنى ئەسلىيەلەيدۇ!

سەن ئەنە شۇ لەپىلدەپ ئاق قار يـاغقان كۈنـى مەن بىلـەن
ئـاق قار ئىچـىدە تۇيۇقـسىز ئۇچـرىشىپ قـالغاندىـن كېيـىن
خىياللىرىمنىڭ ئالتۇن شېخىغا بىر تال ئاق قاردەك قونـۇۋال-
غان ئىدىڭ. بىراق سەندىن ئىبارەت بۇ ئاق قار ياكى ئېرىپ
كەتمەيتتى ياكى توزۇپ كەتمەيتتى. شۇنداقلا يـەنە سەندىـن
ئىبارەت بۇ ئاق قار مېنىڭ پاردەك ئىسسىق خىيالـلىرىمنـىڭ
ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنىلا خۇرىستالدەك كۆزنـى قاماشتـۇرۇپ
چاقناپ تۇراتتى. سەن بولساڭ ئەنە شۇ ئاق قار ئـىچىدىكـى
يېقىملـىق كەيپـىياتىڭ بـىلەن خۇددى ئـاشۇ كۈنـى ئـۆزۈڭ
كۆتۈرىۋالغان كىتابلارنىڭ ئىچـىدىكى رەتلـىك هەرپلـەردەك
مەندەك بىر پارچە خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە نەقىشلىنىپ
قالغان ئىدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن سـەن ماڭا مەنـسۇپ بولغـان
بـىر پۈتۈن مـۇهىت ئـىچىدىكـى بارلـىق مـەۋجۇداتلارنـىڭ
جەۋهـىرى بولۇش سـۈپىتـىڭ بىلەن مـېنىڭ ئـەسلىمـلىرىـم
قوينىدا مېنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىپ تۇراتتـىڭ. مەن بولسـام
قايسىدۇر بىر هەۋەسكار ئۆزى تولۇق يادلاپ بـولالمىغـان
بىر پـارچە شېئـىرنىڭ ئـەڭ گۈزەل بىر نـەچچە مىسراسىنـى
ئىشتىياق بىلەن قايتا - قايتا يادلىغاندەك سېنىڭ ئىسـمىڭنـى
قايتا - قايتا شىۋىرلايتتـىم. سېنـىڭ ئىسـمىڭ شېـئىر ئەمـەس
ئىدى. بىراق ماڭا ئەڭ گۈزەل شېئىرنىڭ ئىللىق كەيپىياتىنى
بېغىشلايتتى. مەن بولسام بۇ ئىللىق كەيپىيات ئىچىدە يـىلان
چېقىۋالغان ئادەمدەك بىهۇشلىناتتىم.

يىلان!

توغـرا، سەن هەقـىقەتەنمـۇ بىر يـىلانسەن. مـەن ئـۆزۈم
بىلىپ - بىلمەي سەندەك بىر يىلاننى قوينۇمغا سېلىۋالغـان،
بىراق سەن يىلانلىق خۇسۇسىيىتىڭ بىلەن مېنى چېقىۋالغـان
ئىدىڭ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قىزنىڭ بىر ئەرنىڭ هېسسىياتىنـى
چېقىشـى ئىدى. شۇڭـا چېقـىشتىن قـالغان بۇ ئـازاب تولىمـۇ
راهەتلىك ئىدى، دىلبەر...!

**(3)**

دىلبەر...!

ئىچىمدىكى ئاۋازنىڭ تېشىمغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى هېـس
قىلىپ چۆچۈپ كەتتىم. ئەتراپىمدا لەپىلدەپ چۈشىۋاتقان ئاق
قاردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. كۆز ئالدىمدا بولسا كۆكۈش
كاهىشلىق بىنانىڭ بىر قەۋەت قىرۇ باغلىغان ئەينەك ئىشىك-
لىرى گوياكى مەڭگۈلۈككە يېپىلىپ كەتكەندەك تۇراتتى. شۇ
تاپتـا ئاشۇ كۆكـۈش كاهىشـلىق بىـنانىڭ بـىر قەۋەت قـىرۇ

باغلىغان ئەينەك ئىشكلىرىنىڭ ئىچىدە سەن، سېنىڭ ئىچىڭدە مەن بار ئىدىم. مېنىڭ ئىچىمدە بولسا ئاستا - ئاستا ھالەك بولىۋاتقان سەن بار ئىدىڭ.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى، بارماقلىرىم ئارىسىدىكى يانفۇن بارماقلىرىمغا خۇددى بىر تال مۇز پارچىسىدەك سوغۇققىنە ئۇرۇلماقتا ئىدى. شۇ تاپتا يانفوندىكى بارلىق سىگنال ئۆچۈرلىرى غايىب بولغاندەك بارماقلىرىم ئارىسىدا جىمجىت تۇراتتى. ئەگەر يانفوندىن سىگنال ئاۋازى ئاڭلانسىلا ئۇ چوقۇم سېنىڭ ماڭا تېلېفون ئۇرۇشىڭدىن بىشارەت بېرەتتى. مۇشۇ بىر قېتىملىق تېلېفونۇڭ بىلەنلا مەن مۇشۇ ئاق، يۇمشاق ھەم سوغۇق قار ئۈستىدە سېنىڭ باش سۆڭىكىڭنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناشقا باشلايتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن بۇيەرگە سېنىڭ ئارقاڭدىن سېنىڭ باش سۆڭىكىڭنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناش ئۈچۈن سايەڭدەك ئەگىشىپ كەلگەن ئىدىم. شۇڭا روھىي ئالىمىم مەيلى قانچىلىك زىددىيەتلىك، قانچىلىك قايناق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۈرىكىم شۇ قەدەر سوغۇق ئىدى. سەن بولساڭ مېنىڭ مانا مۇشۇ سوغۇق يۈرۈكۈمدە ئاستا - ئاستا توڭلاپ ئۆلۈۋاتاتتىڭ. ئەمما سەن ئۆلۈش ئالدىدا ماڭا ئىككىمىزنىڭ بىر مەزگىللىك قىزغىن مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئەسلىتىپ ئۆتمەكتە ئىدىڭ.

راست، مەن سېنى قولۇڭدىكى كىتابلار يەردىكى يۇمشاق ۋە پاكىز قار ئۈستىگە چۈشۈپ كەتكەن ئاشۇ قىلىن قار ياغقان كۈنى سۆيۈپ قالغان ھەم سېنىڭ مېنىڭ چىرايلىق مىشىم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. كېيىن ھېس قىلدىمكى، ئىككىمىز يول بويىدىكى كوچا دوقمۇشىدا ئايرىلغاندىن كېيىن سەن يەردىكى قار ئۈستىگە چېچىلىپ كەتكەن كىتابلىرىڭ بىلەن قوشۇپ مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىكەنسەن. دېمەك، بۇ تەقدىر ئىدى. تەقدىر مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمنى سېنىڭ قولۇڭدىكى ئاشۇ نەچچە پارچە كىتابلارنىڭ باشقا يەردە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ يېنىمدىلا يەرگە چۈشۈپ كېتىشىگە باغلاپ قويغان ئىكەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ دىلبەر دېگەن چىرايلىق ئىسمىڭ مېنىڭ يوشۇرۇن تۇيغۇلىرىمدا، ھەسرەتلىك ئاۋازلىرىمدا ھەر دائىم قاردەك لەپىلدەپ تۆكۈلۈپ تۇردى. ئىقرار قىلىمەنكى، مەن ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ئىسىم بەلكىم سېنىڭ ئىسمىڭ بولۇشى مۇمكىن. بىراق سەن مېنىڭ يېنىمدىن خۇددى كىتابخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكەندەك جىمجىتلا ئايرىلدىڭ. ھەتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇندىلىرى ئارىسىدا بىر قېتىم قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدىڭ. شۇڭا سېنىڭ قار ئىچىدە ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ، ئاندىن غايىب بولۇپ كەتكەن شەكلىڭگە مېنىڭ زادى قانچە قېتىم قايرىلىپ قارىغىنىمنى ئەسلا بىلمەيتتىڭ. لېكىن مەن ئۈچۈن تولىمۇ ھەسرەتلىك بولغىنى ئۇ چاغلاردا سەن مەن ئۈچۈن رېئاللىق بولغان بولساڭ، ھازىر مەن ئۈچۈن خىيالغىلا ئايلىنىپ قالغان ئىدىڭ.

مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا باياتىن سەن ھەققىدىكى خىياللىرىمنىڭ ئىچىمدىكى ئاۋازىنىڭ تېشىمغا چىقىپ كېتىشى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن سەن ھەققىدىكى سوغۇق خاتىرىلىرىمنى مۇزلاپ كەتكەن بارماقلىرىم بىلەن يەنە قايتا ۋاراقلاشقا باشلىدىم...

**(4)**

سەن بىر پارچە كىتاب بولغان بولساڭ، مەن سېنى سېتىۋېلىپ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغان بولسام...

مەن سەن ھەققىدە مۇشۇنداق ئويلايتتىم. ئويلىرىمنىڭ ھەممىسىدە قانداق قىلىپ سېنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشتەك ئىستەك گۈرۈلدەپ كۆيەتتى. بىراق سەن كىتاب ئەمەس ئىدىڭ، شۇڭا سېنى خالىغانچە ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى. سېنىڭ ماڭا تەۋە بولۇشۇڭ ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تەنھا بولۇشۇڭ ھەمدە سۆيگەن يىگىتىڭ بولماسلىقى، ئاندىن قالسا سەندىمۇ ماڭا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببەت گۈللىرىم خىيال بوشلۇقلىرىمدا ئۆزى ئېچىلىپ، ئۆزى توزۇيتتى. شۇڭا مېنىڭ بۇ ئۆزى ئېچىلىپ ئۆزى توزىغان گۈللىرىمدىن سەن تامامەن دېگۈدەك بىخەۋەر ئىدىڭ. چۈنكى سەن سېتىلىپ كەتكەن كىتاب ئىشكاۋىدىن غايىب بولغاندەك مېنىڭ رېئاللىقىمدىن غايىب بولۇپ كەتكەن ئىدىڭ. قىش كۈنى دېگەندە قار كۈن ئارىلاپ يېغىپ تۇرغىنى بىلەن سېنىڭ ھەر قېتىم قار ياققان كۈنى كىتابخانىغا كېلىشىڭ ياكى قار سەيلىسى قىلىپ كوچا ئايلىنىشىڭ مۇمكىن ئەمەس-تە. قار ئىچىدىكى گۈزەللىك دېگەن شېئىرلاردىلا يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ، رېئاللىقتا بولسا ئادەمنى توڭدۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا سېنى قار ياققان بۇ سوغۇق كۈنلەردە كوچا ئارىلاپ قار سەيلىسى قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ سېتىۋالغان كىتابلارنى مەشىنىڭ يېنىدا ئوقۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ كوچىلاردىكى ئادەملەر ئىچىدە كۆزۈم دائىم سېنى ئىزدەيتتى. سېنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قېلىشىڭنى بولسا تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. سەن بولساڭ خۇددى قار دۆۋىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بىر تال ئاق قاردەك ئادەم دېڭىزى بىلەن تولغان بۇ شەھەردە ئۈن - تىنسىزلا غايىب بولۇپ كەتكەن، مەن بولسام ھەر بىر تال قارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ قاراپ بېقىشقا ئامالسىز قالغان كەيپىياتتا كۈنلىرىمنى بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتىم.

- ياخشىمۇسىز؟

قار ياغمىغان بىر كۈنى يېنىمدىنلا ئاڭلانغان ئاۋازدىكى تونۇش تەلەپپۇزنى ئاڭلاپ بەدەنلىرىمگە ئىسسىق بىر ئېقىم شۇررىدە قىلىپ تارالدى. مەن شۇ تاپتا سېنى كۆزۈم كۆرمەي تۇرۇپمۇ ئاۋازىڭدىنلا تونۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدىم. بىراق سېنى

ھەر قېتىم قار لەپىلدە ياققان كۈندە ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتتا يۈرگەچكىمكىن، سىنىڭ مېنىڭ يېنىمدا قار ياغمىغان كۈندە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قېلىشىڭ ماڭا قىش ئاسمىنىدىن قار ياغماي يامغۇر يېغىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

- بۇ سىز كەنسىزغۇ؟

سىنىڭ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىنىڭغا ئىشەنمىگەندەك بىر ھالەتتە سەندىن سورىدىم.

- سىز كىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان؟

سەن مەندىن قايتۇرۇپ سورىدىڭ.

- مەن تېخى سىزنى قار ياغقان كۈندىلا كوچىغا چىقامىدىكەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

- ئۇھ جېنىمەي... سىز قىشتىن باشقا ئۈچ پەسلنى بىراقلا جېنىمغا زۇلۇملا قىلىپ بەردىڭىزغۇ ئەمدى.

سۆزۈڭنى ئاڭلاپ تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدىم. ئارقىدىنلا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەن ھەققىدە تولىمۇ خاتا تەسەۋۋۇرلاردا بولغانلىقىمنى ھەم تولۇق خاتا قۇراشتۇرۇلغان بىر جۈملە سۆزنى ئويلانمايلا ئېغىزىمدىن چىقىرىپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. راست ئەمەسمۇ، سەن ياكى قار بولمساڭ قىشتىلا ياغىدىغانغا!

- ئوبرازلىق تەسۋىرلەشتە يەنە بىر قېتىم ئازدىڭىز - ھە؟

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق سۈكۈتنى يەنە سەن بۇزدۇڭ.

- خاتىرىڭىز ياخشىكەن.

- ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بەزى گەپلەر تۇيۇقسىزلا ئادەمنىڭ يادىغا كېلىپ قالىدىكەن.

- 14 ياشلىق قىزلاردەكلا گەپ قىلىدىكەنسىز.

- ئەمدى ئازمىدىڭىز؟

- نېمىدە ئازمىدىم؟

نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى راستىنلا ھېس قىلالماي ئۆزۈڭدىن قايتۇرۇپ سورىدىم. سەن ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزۈڭدىكى كۈلكىنى بوشلۇققا چاچقىنىڭچە جاۋاب بەردىڭ.

- ئوبرازلىق تەسۋىرلەشتە!

- نېمە؟... مەن... ئوبرازلىق تەسۋىرلىدىممۇ؟ مەسىلەن نېمىنى؟

- مېنى 14 ياشلىق قىزلاردەكلا گەپ قىلىدىكەنسىز، دەپچۇ؟

- شۇنداق، بىراق بۇ قانداقمۇ ئوبرازلىق تەسۋىرلەش بولسۇن؟

- سىز بۇ گەپ ئارقىلىق مېنىڭ 14 يىل بۇرۇنقى ۋاقتىمغا يوشۇرۇن ئىشارە قىلدىڭىز - دە.

ئۇھ... بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن سىنىڭ 24 ياشقا كىرگىنىڭنى بىلگەن بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇڭدىن ھەيران قالدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ گەپنى مەن مۇنداقلا دەپ قويغاچقا، مەن ئۇ گەپنى دېگەچكە ھېچقاچان 14 ياشلىق بىر قىزنى 24 ياشتا تەسەۋۋۇر قىلىشنى ياكى 24 ياشلىق بىر قىزنى 14 ياشتا تەسەۋۋۇر قىلىشنى خىيالىمنىڭ بىر تال قۇرۇق چالمىسىغىمۇ قوندۇرمىغان ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ سەن بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىم يەنە بىر قېتىم مانا مۇشۇنداق ھەم تاسادىپىي ھەم قىزغىن بولدى. بىراق مەن سەن بىلەن ئۆزۈم ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ تۇرغان بىر قىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر خىزمەتدىشىم بىلەن پاراڭلاشقاندەك تولىمۇ ئاددىي رەۋىشتە پاراڭلاشتىم. ئەمەلىيەتتە سەن ئاشۇنداق يۇمۇرىستىك سۆزلىرىڭ بىلەن مېنىڭ ئىچىمدىكى سېنى كۆرگەندە پەيدا بولىدىغان بارلىق جىددىيچىلىكنى بىراقلا يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەن ئىدىڭ. ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن چوقۇم سېنىڭ ئالدىڭدا سۆزۈمنى تاپالماي ئۆزۈمنىڭ تېرىسىگە ئۆزۈم پاتماي قالغان بولاتتىم.

- سىز مەن تەكرار كۆرگەن چۈشكىلا ئوخشايدىكەنسىز.

ئۆزۈڭ بىر ھازادىن كېيىن شۇنداق دېدىم. بىراق ئىچىم ئۆرتىنىپ كەتتى. چۈنكى مەن ساڭا بۇ گەپنى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى دېيىشىم كېرەك ئىدى. سېنى ياخشى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا ياكى ئەخلاقسىزلىققا كىرمەيتتى. بىراق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈشتىن بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلماق تولىمۇ قىيىنكەن.

- بىلەمسىز؟

سەن مەندىن سورىدىڭ. بىراق مەن سېنىڭ مەندىن نېمىنى سورىغانلىقىڭنى ھېس قىلالمىدىم. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ بىلىش دائىرىسىدىكى بوشلۇق تېخى بىر ئاسمان ئۈستىگە يېيىلمىغان ئىدى. شۇڭا:

- نېمىنى دەيسىز؟-- دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم سەندىن. سەن كۆزۈمگە تىكىلدىڭ. كۆزلىرىڭدە چىرايلىق نۇر بار ئىدى. كۆزۈڭدىكى ئۇ نۇر ھەم سۆزۈك ھەم چوڭقۇر بولۇپ، مەن ئاشۇ ئىچىدە لەيلەپ قېلىۋاتاتتىم.

- سىز بىلەن پاراڭلىشىش ئادەمگە خۇددى رومانتىك كىتاب ئوقۇغاندەكلا يېقىملىق تەسىر بېرىدىكەن.

سەن شۇنداق دېدىڭ، خۇددى مەلۇم بىر كىتابقا باھا بەرگەندەكلا. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن 25 بەتلىك بىر پارچە كىتاب ئىدىمكى، بۇ كىتابنى ھامان بىر قىز ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئاۋازىدا ئوقۇشى كېرەك ئىدى. بەلكىم ئۇ قىز سەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن شۇنداق ئويلىدىم. ئەمما ئويلىرىمنى ساڭا قانداق ئۇسۇلدا يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي بارماقلىرىمنى مەقسەتسىزلا مىدىرلىتاتتىم. بىراق گەپ قىلماي بولمايتتى. سۈكۈت مېنىڭ سەندىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ قېلىشىمدىن بىشارەت بېرەتتى. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ غېرىبتەك چۆللەردە، تاھىردەك كۆللەردە سارسان بولۇپ كېتىشىمنى خالىمايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن خىياللىرىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. سېنىڭ قوبۇل قىلىش

ياكى رەت قىلىش ھوقۇقۇڭ بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ ساڭا كۆڭۈل
ئىزھار قىلىش ھوقۇقۇمۇ بار ئىدى.

ـ دىلبەر!

تۇنجى قېتىم چىرايلىق ئىسمىڭنى يۇز تۇرانە ئۇرغۇلۇق
ھالدا چاقىردىم. ئاۋازىم بىلەن تەڭ سەن ماڭا لەپپىدە قارد-
دىڭ. كۆزلىرىڭ يەنىلا شۇنداق سۇزۇك ئىدى. قاراشلىرىڭدىن
مېنىڭ ساڭا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمغا قىزىقىۋاتقانلىقىڭ بىلد-
نىپ تۇراتتى. شۇڭا گەپ قىلماي بولمايتتى. چۈنكى سەن شۇ
تاپتا چاقىرىلغۇچىغا، مەن چاقىرغۇچىغا ئايلانغان ئىدىم.

ـ سىز كىتابنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ـ ۋاي جېنىمەي... بىر نېمىدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەم-
دەك ئۆندەرەپلا چاقىرسىڭىز نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن
تېخى، كىچىك باللاردەكلا گەپ قىلىش بولدىغۇ بۇ.

ـ سىز سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز.

ـ شۇنداق، ئەلبەتتە ياخشى كۆرىمەن. بىراق سىزنىڭ بۇ
سۇئالىڭىز جاۋابىدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىڭىزنى
بىلەلمىدىم.

ـ مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىم بەكلا ئاددى.

ـ مەسلەن نېمە؟

ـ ئۆزۈمنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىزگە
بىلدۈرۈش.

ـ ياخشى گەپ بولدى. ئېيتىڭە ئەمىسە، سىز نېمىنى ياخشى
كۆرىسىز؟

ـ سىزنىڭچە مەن نېمىنى ياخشى كۆرۈشۈم مۇمكىن.

ـ مۇشۇ سۇئالىڭ جاۋابىنى.

سۆزۈڭنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم. بۇ مەن ئويلاپ باقمىغان
بىر خىل جاۋاب بولغان ئىدى. شۇنداق، مېنىڭ ياخشى كۆرد-
دىغىنىم مۇشۇ سوئالىڭ جاۋابى ئىدى. بىراق بۇ سوئالىڭ
جاۋابى ئىچىدە مەن سۆيگەن بىر قىز بار ئىدى. ئۇ قىز دەل
سەن ئىدىڭ دىلبەر.

ـ مەن كىتابنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنى ياخشى
كۆرەتتىم.

ـ بەلكىم كىتابنى ياخشى كۆرىدىغان قىزلار بەك كۆپ
بولۇشى مۇمكىن.

ـ مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىلا دېمەكچى
ئىدىم.

ـ دېمەك، ئۇ...

سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرمايلا توختاپ قالدىڭ. ئەمما
سۆزۈڭنىڭ ئورامىدىكى ھەيرانلىقتىن سېنىڭ مېنىڭ كىمنى
ئىشارە قىلغىنىمنى ھېس قىلغانلىقىڭنى بىلىپ يەتتىم. شۇڭا:

ـ شۇنداق. ئۇ قىز دەل سىز،ـ دېدىم. شۇ ھامان
ئاۋازىڭ ئۆچۈپ، كۆزلىرىڭ ھەيرانلىقتىنمۇ ياكى تۇيۇقسىزلىق-
تىنمۇ ئەيتاۋۇر ماڭا قاراپ چەكچىيىپلا قالدى. سېنىڭ بۇ
ھالىتىڭ ماڭا قايسىدۇر بىر فىلىمدىكى بىر كۆرۈنۈشنى
ئەسلەتتى. ئۇ بىر زوراۋانلىق تەسۋىرلەنگەن فىلىم بولۇپ،
بىر ئەر بىر ئايالغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:« مەن سىزنى
ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دېسە، ئايالنىڭ كۆزلىرى ئەرگە قاراپ
خۇددى سېنىڭ مۇشۇ تاپتىكى كۆزۈڭدەكلا چەكچىيىپ
قالاتتى. بىلمىدىم، بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىر
ئايالنى ئۆلتۈرىۋېتىش ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش باركىن.
ياكى سەن مېنىڭ ئاۋازىمنى خاتا ئاڭلاپ قالدىڭمىكىن ـ
تاڭ!

ئالدىمىزدىكى يول توسالغان بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا يەر
ئاستى ئۆتۈشمە يولى تۇراتتى. پىيادىلەرنىڭ يەر ئاستى
ئۆتۈشمە يولىدىن ئۆتمەي قاتناش چىرىغىنى بۆسۈپ ئۆتۈش
ھەم خەتەرلىك ھەم قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ئىدى. يەر
ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ پەلەمپەيلىرى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە
قاراپ سوزۇلغان ئىدى. توغرا، سېنىڭ قەلبىڭدىمۇ مۇشۇنداق
بىر يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولى بار ئىدى. مەن دەل سېنىڭ
قەلبىڭدىكى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
قالغان ئىدىم. ئەگەر سەن ماڭا قەلبىڭدىكى يەر ئاستى
ئۆتۈشمە يولىدىن بىخەتەر ئۆتۈش ھوقۇقىنى بەرمىسەڭ، مەن
چوقۇمكى قاتناش چىرىغىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر
بولاتتىم. نەتىجىدە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت
ئىككى خىل بولاتتى. بىرى، مەن قاتناش قائىدىسىگە
خىلاپلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنەتتىم. يەنە بىرى، مەن
چوقۇم قاتناش قوراللىرىنىڭ خەترىگە ئۇچۇرايتتىم.

قەدەملىرىمىز بىزنى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ ئاستىغا
ئېلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدا
ئادەملەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئاھ خۇدا... سېنىڭمۇ
قەلبىڭدىكى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولۇڭدا ئادەم بولمىسىكەن
دىلبەر...

ـ سىزنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭىزنى بىلەتتىم.

ئاۋازىڭ يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ ئىچىدە باشقىچە
جاراڭلىق ئاڭلاندى. بىراق ئەمدىكى بۇ ئاۋاز بۇرۇنقىدەك
تېتىك ئەمەس، بەلكى تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى.

ـ چۈنكى، سىز مەن بىلەن قاردا قالغان تۇنجى قىز
دىلبەر.

ـ بىراق قار باھار كېلىشى بىلەن ھامان ئېرىپ كېتىدۇ.

ـ ئەمما دىلبەرنىڭ ماڭا ياققان قارلىرى مەڭگۈ ئېرىپ
كەتمەيدۇ.

ـ دىلبەرنىڭ قارلىرى؟!ـ سەن مېنىڭ سۆزۈمنى بوشقى-
نە تەكرارلىدىڭ. ئاندىن،ـ راستىنى دېسەم، سىز ئۇيغۇر
تىلىدا بەكمۇ گۈزەل سۆزلەيسىز. بىلەمسىز، مەن سىزنى
ئەمەس، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان
ئىدىم،ـ دېدىڭ.

جاۋابىڭنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم ھەم چۆچۈش ھېس
قىلدىم. بىلمىدىم، سېنىڭ مېنى راستلا بىر پارچە كىتابقا
ئايلاندۇرىۋېلىش خىيالىڭ بار بولغىيمىتى قانداق؟

شۇ ئەسنادا كۆزۈم كۆزۈڭگە چۈشۈپ قالدى. كۆز چاناق-

لىرىڭىزنىڭ يىراق بوشلۇقىدا سۇس ياش تۇمانلىرى لەيلەپ تۇراتتى. سىنىڭ بۇ ھالىتىڭدىن مەن سىنىڭ ياكى ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىڭنى ياكى بىئارام بولىۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىدىم. چۈنكى قىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ مەنىسى قەدىمدىن بۇيان ئەرلەر ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان سىر بولۇپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟

- سىز مېنى ياخشى كۆرەمتىڭىز ياكى مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ؟

تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدىڭ مەندىن. بىراق مەن سېنىڭ سوئالىڭدىن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى سەن بىلەن سېنىڭ ئىسمىڭ مەن ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. يەنى ئىسىم سەن ئۈچۈن بەلگە، سەن ئىسمىڭ ئۈچۈن مەنە ئىدىڭ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى شەرت قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى مەن ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

- بۇ سىزنىڭ مېنى رەت قىلىش ئۇسۇلىڭىزما؟

ئۇدۇللا سورىدىم سەندىن. سەن بىر دەقىق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

- ئۇنداق ئەمەس،- دېدىڭ سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرۇپ،- ھازىر دىلبەر دېگەن ئىسىمغا مەپتۇن بولۇپ قالغانلارنىڭ كۆپلىكىگە ھەيرانمەن. بۇنى مەن دىلبەر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ناھىيىتى كۆپلىكىدىن ھېس قىلدىم. بىراق ھەممە ئادەم دىلبەر ھەققىدە بىر ئۆمۈر شېئىر يازسىمۇ ھەقىقىي دىلبەر چوقۇم ئەڭ بۇرۇنقى بىرىگىلا مەنسۇپ بولىدۇ. چۈنكى شېئىرنى پارچىلىغىلى بولغىنى بىلەن دىلبەرنى پارچىلىغىلى بولمايدۇ.

ئۇھ...

ئۇزۇن بىر ئاق ھور ئېغىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بوشلۇققا تاراپ كەتتى. ئارقىدىنلا تېنىم مۇزلاشقا باشلىدى. ئېغىمگە يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى قۇيۇلماقتا ئىدى. سېنى بولسا يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدا مەن بىلەن ئەمەس، باشقا بىر ئەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تەسەۋۋۇر قىلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىدا باشقا بىر ئەرنىڭ شەكلىگە كىرگەن ئىدىم. مەن ئۇ شەكىلنى پەقەتلا تونۇمايتتىم. شۇ تاپتا مەن دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر قېلىن قار ياغقان كۈنىدە ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر قىز، ياڭزاۋرىنىڭ قار ياغمىغان يەنە بىر كۈنىدە مېنى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ ئاستىدا بوغۇزلاپ تاشلىماقتا ئىدى.

توغرا، ھېلىقى زوراۋانلىق تەسۋىرلەنگەن فىلىمدىكى ئەر ھېلىقى ئايالغا:«مەن سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دېسە، ئايالنىڭ كۆزلىرى ئەرگە قاراپ خۇددى سېنىڭ كۆزۈڭدەك چەكچىيىپ قالغان ئىدى. دېمەك، بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىر ئايالنى ئۆلتۈرىۋېتىش ئوتتۇرىسىدا مۇرەككەپ ھېسسىيات باغلىنىشى بار بولىدىكەن. مەن بۇنى تۇيۇقسىزلا ھېس قىلىپ قالدىم. دېمەك، بىر ئەر بىر ئايالنى ئۆلتۈرىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بىر ئەر بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان بولىدىكەن.

مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم تۆمۈر يولنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان رېلىسى، سەن بولسا شۇ رېلىس ئۈستىدىكى پويىز ئىدىڭ، دىلبەر. پويىز دېگەن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئوخشىمايدۇ. كوچا ئاپتوبۇسىنى خالىغان رەۋىشتە توسسا توختىغىنى بىلەن پويىز ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغىچە توختىمايدۇ. مانا مەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت رېلىس بويىدا سەندىن ئىبارەت پويىزغا قول كۆتۈرۈپلا قالدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئەر ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قول كۆتۈرۈپ توسۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلغان بىر قېتىملىق تېز پويىز يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما سەن ماڭا قالدۇرغان ھەسرەت ۋە پىراق مېنىڭ تەن، روھىمدىن ئۆتۈپ كېتەلمەي تېنىمنى غېرىب كەزگەن چۆللەردە، روھىمنى تاھىر چۆككەن كۆللەردە سەرسان - سەۋدايى قىلىۋەتتى.

دىلبەر!

بۇ سېنىڭ چىرايلىق ئىسمىڭ ئىدى دىلبەر. سېنىڭ بۇ چىرايلىق ئىسمىڭ نۇرغۇن رومانتىك شائىرلارنىڭ قەلبى ۋە قەلىمىدە ئاجايىب گۈزەللىشىپ كېتىش بىلەن بىرگە، ئۇلار يازغان لىرىكىلاردا سىمۋوللىشىپ، ئىماگلىشىپ قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان بىشارەت خاراكتېرلىق ئۇقۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن سەن مەن ئۈچۈن سىمۋولمۇ، ئىماگمۇ ياكى بىشارەتمۇ ئەمەس، بەلكى مېنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن - مەھلىيا قىلىۋالغان رېئاللىقتىكى ئاددىيلا بىر قىز ئىدىڭ. شۇڭا يەنىلا ساڭا تەلپۈنەتتىم ۋە مەپتۇن - مەھلىيا بولاتتىم. لېكىن سېنى ئاشۇ يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدا تېز پويىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قايتا كۆرمىدىم. بىراق قايتا كۆرمەسلىكىنىڭ ئۇنتۇشتىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدىم. شۇنداق، سەن مېنىڭ رېئاللىقىمدىن چىقىپ كەتكىنىڭ بىلەن سەھەردىكى تەكرار - تەكرار چۈشلىرىمدىن ئورۇن ئالغان ھەم مېنىڭ سەھەردىكى تەكرار - تەكرار چۈشلىرىمدە پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال ياۋا گۈلگە ئايلىنىپ قالغان ئىدىڭ. بۇ ئارىلىقتا باھار كېلىپ قارلار ئېرىپ تۈگىدى. قار ياتقان گۈلباغلاردا گۈللەر ئېچىلدى. قولۇمغا ناتونۇش بىر قىزدىن توي باغىقىڭ تەگدى. خۇددى بىر كېيىككە ئوۋچىنىڭ ئوقى تەگكەندەك...

(5)

ئۈستى - بېشىم قار بىلەن كۆمۈلۈپ خۇددى قار ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم. كىرپىكلىرىمگە قونغان قارلارنىڭ كۆرۈش دائىرەمگە تەسىر قىلىشىدىن كۆز ئالدىم دەم غۇۋالىشىپ، دەم روشەنلىشىپ تۇراتتى. نەپەس ئېلىشىم ئىتتىكلەپ، يۈرەك رېتىمىم تېزلىشىپ كەتكەچكە، ھاسىراشلىرىم ئۆزۈمگە ئېنىقلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. يانچۇقۇمدىكى يانفون سوغۇقتا مۇزلاپ بارماقلىرىمغا گوياكى مۇز پارچىسىدەك ئۇرۇلاتتى. كۆكۈش كاھىشلىق بىنا ئالدىدا قانچىلىك ۋاقىت مۇشۇ رەۋىشتە تۇرغ-

نىم ئېنىق ئەمەس. بىنا ئىچىگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن. قەلبىمدە يالقۇنلۇق بىر ئوت گۈرۈلدەپ كۆيەتتى. ئۇ ئوتنىڭ گۈرۈلدەپ كۆيۈشلىرىدىن چىققان ئاۋازنى ئىچكى سەزگۈلىرىم ئارقىلىق ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇ ئوتنىڭ ئىچىدە چاچلىرى توزغۇپ تۇرغان بىر قىز بىر پارچە چىرايلىق ماي بوياق رەسىمدەك كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ ئوت ئىچىدە تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەپ نالە قىلاتتى. بىراق ئۇ سۆكۈتكە كۆمۈلگەن بىر ئاۋاز بولۇپ، ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. ئىچىمدىكى ئوت ئوت ئىچىدىكى قىز بىلەن قوشۇپ مېنىڭ روھىمنىمۇ كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئوتنىڭ يالقۇنىدىن روھىمنىڭ كەڭ دالاسىغا تەكشى يېيىلغان قار گۈللىرى ئېرىپ بارماقتا ئىدى. مەن سوغۇقتا كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىمنى تىترەتكىنىمچە پىچىرلايتتىم.

ـ ئۇ ئاسماننىڭ قارلىرى ئەمەس، دىلبەرنىڭ قارلىرى!

ئۇ ئاسماننىڭ قارلىرى ئەمەس، دىلبەرنىڭ قارلىرى!

ئاۋازىم بەكمۇ جاراڭلىق ئىدى، بىراق ئاۋازىمنى ئۆزۈممۇ ئاران ئاڭلىيالىدىمكى، جاراڭلىق ئاۋازنىڭ پەس چىقىدىغان، پەس ئاۋازنىڭ جاراڭلىق چىقىدىغان ۋاقتىمۇ بولىدىكەن.

بۈگۈن دېكابىرغا 31 ئىدى. مەن دېكابىرنىڭ ئىككى قېتىملىق 31دە قېلىن قاردا قالماقتا ئىدىم. ئەمما ئىككى قېتىملىق قاردا قالغان ۋاقتىمدىكى ھېسسىياتىم ئوخشاش ئەمەس. بۇلتۇرقى دېكابىرنىڭ 31دىكى قار مەن ئۈچۈن تولىمۇ پاكىز، ئاق، يۇمشاق، مېھرىلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ قارنىڭ ئىچىدە مەن سۆيگەن بىر قىز بار ئىدى. مانا ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتتى. ھازىر بولسا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان بۇ قارلار مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر راھەتسىز، مېھرىسىز ۋە سوغۇق ئىدى. چۈنكى بۇ قارنىڭ ئىچىدە مەن خانىۋەيران قىلىشقا ئىرادە قىلغان بىر ئايال بار ئىدى. شۇنداق، مەن خانىۋەيران قىلىۋېتىشكە نىيەت قىلغان ئايال دەل سەن ئىدىڭ، دىلبەر. مەن كۆپ قېتىم سېنىڭ ئاشۇ تونۇش شەكلىڭنى كۆز ئالدىمغا بىر تۈپ تېرەكتەك پەيدا قىلىپ تۇرۇپ «مەن سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دەپ نىدا قىلغان. چۈنكى سېنىڭ ئۆلۈمىڭ ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. قەلبىمدىكى ساپ بولغان ھېلىقى پاك مۇھەببەتنىڭ ساپ بولغان ئەسەبىي ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە ئۆزۈممۇ ھەيران. مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمغا ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولغاندەك، مېنىڭ سېنى ئەسەبىيلەرچە ئۆچ كۆرۈپ قېلىشىمغىمۇ ئۆزۈڭ سەۋەبچى بولغان ئىدىڭ. شۇنداق، سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ مېنىڭ قىساسخورلۇقۇمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى.

كۆزلىرىمنىڭ مۆشۈكياپىلاقنىڭ كۆزلىرىدەك قەھرىلىنىشكە باشلىغانلىقىنى سەزگۈم ئارقىلىق ھېس قىلدىم. تەنلىرىم يەنە قايتا توخۇ ئەت بولۇشقا باشلىدى. قار يەنىلا لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. تەبىئەت ئاقرەڭ ئىچىدە خۇددى بىر پارچە ئاق كېپەنلىكتەك تاشلىنىپ ياتاتتى. مانا مۇشۇ ئاقرەڭ ئىچىدە مېنىڭ كۆرۈش دائىرەم ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، سەن ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىم ئاق قار ئىچىدە يەنە زاھىر بولۇشقا باشلىدى...

**(6)**

ئۇ كۈنى ئاخشىمى يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. بۇ مەندىكى جىسمانىي كېسەل بولماستىن، بەلكى روھىي كېسەل بولۇپ، بۇ كېسەل مېنىڭ سەندىن ئىبارەت ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن بىر قىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ئىدى. مەن تېخىچە مېنى يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولدا يەككە ـ يېگانە قالدۇرۇپ ئەرگە تېگىپ كەتكەن بىر قىزنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدىن يالداما بولۇپ قالغان بىر پارچە كۆڭۈل جاراھىتىنىڭ توختىماي ئېغىز ئېلىشىدىن ھالسىراپ كېلىۋاتاتتىم.

مۇھەببەت ئاستا خاراكتېرلىق قىينىلىپ ئۆلۈش جەريانى!

ئالدىمدىكى كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ تەگلىكىدە سېنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان باش سۈرىتىڭ بىلەن مۇشۇ بىر قۇر خەت قىزىل رەڭدە چاقناپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى بولسا ئاشۇ قىزىل رەڭ ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا زەردابقا ئايلىنىپ ئېرىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. دىلبەر، مەن كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ تەگلىكىدىكى سېنىڭ باش سۈرىتىڭگە قانچە قېتىملاپ خىيال ئارىلاش قاراپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال بىر قىزنىڭ سۈرىتىگە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ھەم ئەڭ كۆپ قېتىم قاراپ ئولتۇرغان ئادەم مەن بولۇشۇم مۇمكىن.

دىلبەر، بۇ سېنىڭ تويلۇق رەسىمىڭدىن كېسىۋېلىنغان باش سۈرەت ئىدى. مەن بۇنى سەن توي‌لۇق سۈرەتكە چۈشكەن ئاشۇ يول بويىدىكى چىرايلىق زىننەتلەنگەن رەسىمخانىدىن يۇقىرى قىممەتتە سېتىۋالغان، ئاندىن سېنىڭ باش سۈرىتىڭنى قىيىپ كېسىۋېلىپ قالغان قىسمىنى كۆيدۈرىۋەتكەن ئىدىم. چۈنكى ساڭا ئەمەس، سېنىڭ رەسىمىڭگە قاراپ ئولتۇرۇشمۇ مەن ئۈچۈن شۇنداق ھوزۇرلۇق جەريان ئىدى. ئىقرار قىلىمەنكى، كۆزلىرىڭ ھەر ۋاقىت يەنىلا شۇنداق سۈزۈك، لەۋلىرىڭ يەنىلا شۇنداق لەززەتلىك ئىدى. خىيالىمدا بولسا سېنىڭ توق قىزىل لەۋلىرىڭگە سۆيۈپ باقاتتىم، بۇ سۆيۈش ماڭا شۇنداق راھەت ئاتا قىلاتتى. ئارقىدىنلا سېنىڭ ئاشۇ توق قىزىل لەۋلىرىڭگە مەندىن باشقا بىر يات ئەرنىڭ سۆيگەنلىكىنى ئېسىمگە ئالاتتىم ـ دە، زەھەر يۇتۇۋالغاندەك ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ كېتەتتى. ئەمما مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈم خىيال، يات بىر ئەرنىڭ سېنى سۆيۈشى رېئاللىق بولۇپ، مېنىڭ بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي ئىلاجىم يوق ئىدى. شۇنداق، رېئاللىق ماڭا بېرىلگەن جازا ئىدى. بۇ جازا روھىي دۇنيارىمنى ھەر بىر نەپەسىمدە بىر قېتىمدىن تىتما ـ تىتماڭ قىلىپ تۇراتتى. چۈنكى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. بىراق بۇ رېئاللىق مەن ئويلىمىغان نۇقتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بۇ ئۆزگىرىش مېنىڭ ساڭا بولغان

مۇھەببىتىمنىمۇ تولۇق ئۆزگەرتتى. ئاقىۋەت مەن بىر ياخشى كۆرگۈچىدىن بىر ئۆچ ئالغۇچىغا، بىر ئىلاجسىزلىقتىن بىر يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلغۇچىغا ئايلاندىمكى، مەن بۇ جەرياننى خۇددى سەھنىدىكى مۇكەممەل بىر ئارتىستتەك تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك باستىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككىمىز تۇيۇقسىزلا توردا ئالاقە قىلغان يازنىڭ ئاشۇ سالقىن ئاخشىمىدىن باشلانغان ئىدى.

ئۇ چاغدا مەن يەنىلا سىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان باش سۈرىتىڭگە قاراپ ئولتۇراتتىم. توزغۇپ تۇرغان چاچلىرىڭنى خىيالەن يۈز - كۆزلىرىمگە سۈرتەتتىم. ئۆزۈمنىڭ سەن ئۈچۈن ھەقىقىي بىر ئاشىققا ئايلانغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلاتتىم. شۇ ئەسنادا كوتكوت سېستىمامدىن سىگنال كەلدى. ئۆزۈم خالىمىغان ھالدا ئېچىۋىدىم، غەلىتە نامدىكى بىر قىزنىڭ ئىسمى كۆزۈمگە ئىسسىق سۇدەك رەھەتلىككىنە ئۇرۇلدى. ئىچىمدىن بولسا كۆيۈپ تۇرغان بىر سادا تولغۇشۇپ، يۆگۈشۈپ بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالدى.

دىلبەرنىڭ قارلىرى!

بۇ ئىسىم ماڭا شۇئان ئىككىمىزنىڭ ئاشۇ بىر قېتىملىق گۈزەل سۆھبىتىمىزنى ئەسلەتتى.

- بىراق قار باھار كېلىشى بىلەن ھامان ئېرىپ كېتىدۇ.

- ئەمما دىلبەرنىڭ ماڭا ياغقان قارلىرى مەڭگۈ ئېرىپ كەتمەيدۇ.

. . . . . .

رېتىملىق مەشغۇلاتتىن كېيىن دىلبەرنىڭ قارلىرى مېنىڭ بوشلۇقۇمدا پەيدا بولدى. بۇ مېنىڭ گۇمان قىلغىنىمدەك دەل سەن ئىدىڭ دىلبەر. كوتكوت باش سۈرىتىڭدە مېنىڭ كومپيوتىر ئېكرانىمنىڭ تەگلىكىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزنىڭ باش سۈرىتى يەنىلا شۇنداق يېقىملىق ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

**11**- سېنتەبىر.

- بۇ سىزمۇ؟

ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى مانا مۇشۇنداق باشلاندى.

- شۇنداق، بۇ مەن.

- سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

- ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن كەچۈرۈم سورىشى ھاجەتسىز. مەن سىزنى تاكى ھازىرغا قەدەر سۆيۈپ كېلىۋاتىمەن.

- نېمە؟

- بۇ راست، دىلبەر. مېنىڭ روھىمدىكى دىلبەرنىڭ قارلىرى تېخى ئېرىپ كەتكىنى يوق. مەن سىزگە دېگەن، دىلبەرنىڭ ماڭا ياغقان قارلىرى مەڭگۈ ئېرىپ كەتمەيدۇ، دەپ.

- مەن پەقەت ئويلىماپتىمەن.

- سىز ئويلىمىغان ئىشلار بەك كۆپ.

- مەن سىزنى مېنى بۇ قەدەر ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

- چۈنكى سىز بۇنداق ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىپ باقمىغان. شۇڭا ئادەم ئۆزى يەپ باقمىغان مېۋىنىڭ تەمىنى ھېس قىلالمايدۇ.

- سۆزلىرىڭىز يەنىلا شۇنداق يېقىملىق.

- چۈنكى بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە سىز بار - دە!

- ھەي، كېيىن پاراڭلىشايلى. ساقچى كېلىپ قالدى...

- ھەي...

شۇنىڭ بىلەن سېنىڭدىن كېلىدىغان خەت ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىچىمنى خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل يات تۇيغۇ چىرمىۋالدى. مېنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم سېنى كومپيوتىر ئالدىدا كۈتۈش بولدى. بىراق بۇ كۈتۈش ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. سەن كۈن ئارىلاپ كوت كوت ئىچىدە پەيدا بولۇپ تۇردۇڭ.

**14**- سېنتەبىر.

- مەن كەلدىم.

- سىزنى سۆيەتتىم!

- سىزنىڭ ماڭا بولغان سۆيگۈڭىز ماڭا بېرىلگەن ئەڭ گۈزەل جازا، خالاس.

- مەن ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر تۈپ دەرەخ دىلبەر.

- مەن سىزنى ئەسلەپ قالدىم.

- سىز بەختلىكمۇ؟

- سىزچۇ؟

. . . . . .

- كەچۈرۈڭ. بۇنداق سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن سەل چارچاش ھېس قىلىۋاتىمەن.

**18** - سېنتەبىر.

- مەن سىزنى **72** سائەت كۈتۈپ كەلدىم، دىلبەر.

- سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ. بىر ئايال بىر ئەرنىڭ قوينىدا يېتىپ تۇرۇپ يەنە بىر ئەرنى ئەسلىسە، بىر ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ زور بەختسىزلىك بولماس.

- بەلكىم. بىراق ماڭا بۇ ھاياتتا بەختتىن ھېچبىر نىشانە قالمىدى. سىزنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىدى.

- بىلەمسىز، مەن سىز بىلەن بۇ يەردە پاراڭلاشقان **11** - سېنتەبىردىن باشلاپ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى بۇ دۇنيادا مېنى ھەقىقىي سۆيىدىغان بىر ئەر باركەن. سىزدىن مىننەتدارمەن.

- ئۇنداق دېمەڭ، دىلبەر. سىز مېنىڭ كۆكسۈمگە گۈل بىلەن ئۇرغان تۇنجى قىز. بەلكىم تۇنجى مۇھەببەت مۇشۇنداق ھەم پاجىئەلىك ھەم ئەبەدىيلىك بولسا كېرەك.

- سىزنىڭ توي قىلىپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم.

- ئەپسۇس... مەن توي قىلىدىغان قىز توي قىلىپ كەتكەن. مانا بۇ مېنىڭ رېئاللىقىم. بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە مېنىڭ قۇربىم يەتمەيدۇ. بەلكىم ئۆمۈر بويى گۈزەل ئەسلىمىلىرىم بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن.

- ئۇنداق دېمەڭ. ئادەمگە ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ.

- شۇنداق. بىراق مەن كىنولاردىكى قەھرىمان ئەمەس. شۇڭا ھاياتىنىڭ مەن ئۈچۈن ھازىرقى مەنىسى پەقەتلا ياشاش. چۈنكى، مەن ئۈچۈن تۈنجى مۇھەببەتمۇ بىرلا قېتىم كېلەتتى.

- سىزگە يۆلىنىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

- سىز ھامان مەن بىلەن بىرگە. مەن مۇشۇ تۇيغۇ ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

- يەنە چارچاش ھېس قىلىۋاتىمەن.

- ئارام ئېلىڭ، سىزنى ئەسلەپ تۇرىمەن.

27 - سېنتەبىر.

- سىز باركەنسىزغۇ؟

- شۇنداق، دىلبەر. مەن سىزنى مۇشۇ يەردە ئىنچىل كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن.

- بىلەمسىز، كۆزلىرىم ياش بىلەن تولۇپ كەتتى.

- ئەخمەق قىز... ئۇ كۆزلەر ياش تۆكۈشكە ئەمەس، كۈلۈشكىلا مۇناسىپ.

- ھەي... مەن ئاجىرىشىپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن...

بارماقلىرىم شۇئان خەت ئۇرۇشتىن توختاپ قالدى. كۆزۈمگە بۇ بىر جۈملە خېتىڭ خۇددى چىرايلىق بىر باشقا ئايلىنىپ ئالدىمغا دومىلاپ كېلىۋاتقان شەكىلدە كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ چىرايلىق باش ئاق، يۇمشاق، سوغۇق قار ئۈستىدە خۇددى توپتەك يەڭگىل دومىلايتتى.

دەقىق ئىچىدىلا نېرۋىلىرىم قېتىپ، پىكىرلىرىم چېچىلىپ كەتتى. ئىچىمدە بولسا مەن ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان غەلىتە بىر نەرسە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ھۆركۈرەشكە باشلىدى. ئىچىمدىكى بۇ غەلىتە نەرسىنى مەن ئالۋاستى دەپ پەرەز قىلدىم. ئىچىمدىكى بۇ ئالۋاستى ساڭا قاراپ ئېتىلاتتى.

دەرھاللا كومپيۇتېرنى ئۆچۈردۈم. نەپەس ئېلىشلىرىم ئىتتىكلەپ، يۈرەك رېتىمىم تېزلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئارقىدىنلا كۆزلىرىمدىكى ھېلىقى مېھرىلىك نۇرنىڭ ئورنىنى قانداقتۇر بىر سوغۇق نۇرنىڭ ئىگىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. خىيالىمدا ئۆزگىچە بىر دۇنيا پەيدا بولدى. قېلىن، قويۇق قار لەپەڭشىپ يېغىۋاتاتتى. مەن كەڭرى كەتكەن قارلىق دالىدا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق بېشىنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناۋاتاتتىم. بۇ باشنىڭ قار ئۈستىدە دومىلاشلىرى شۇ قەدەر بىچارە ئىدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتىمۇ ياكى ئۈچ كۈندىن ئۈچى ئۆتۈپ كەتتىمۇ، مەن ئۈچۈن ۋاقىت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان ئىدى. بىراق بۇ نەچچە كۈنلۈك ۋاقىت مېنى تولۇق ئۆزگەرتكەن ئىدى. ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى مەن سېنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمدىن سەندىن ئەسەبىيلەرچە نەپرەتلىنىدىغان بىر ئادەمگە ئايلانغان ئىدى. مانا مۇشۇ چاغدىلا مەن سېنىڭ رېئاللىقتىكى باشقا قىزلاردىن ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكىڭ يوق ئادەتتىكى بىر قىز ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدىم. دېمەك، ئىچىمدىكى ساڭا بولغان قىزغىن مۇھەببەت قورقۇنچلۇق ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ئەمدى ماڭا ئىچىمدىكى ئالۋاستىنىڭ كونتروللۇقىدا ھەرىكەت قىلماقتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى. توغرا، سەن مېنى سەرسان قىلغان ئىدىڭ. ئەمدى مەن سېنى سەرسان قىلىشىم كېرەك. چوقۇم سېنىڭ مېنىڭ ئازابىم ئۈستىگە قۇرغان ئاشۇ كۈلبەڭنى رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىۋېتىشىم كېرەك. مەن يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدا تەنھا قېلىپ ھەسرەت چەككەندەك سەنمۇ تەنھالىقنىڭ، تاشلىنىشنىڭ ئازابىنى ھېس قىلىشىڭ كېرەككى، مەن سېنىڭ روھىمنى ھەسرەت - نادامەتكە قويغان بېشىڭنى توپقا ئايلاندۇرۇپ تاشلايمەن.

18 - ئۆكتەبىر كۈنى گۆشلۈك تىغقا ئايلانغان بارماقلىرىم بىلەن كومپيۇتېرنى يەنە قوزغاتتىم. كوت كوت باش رەسىمدىكى دىلبەرنىڭ قارلىرى يورۇپ تۇراتتى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدىكى ھەرپلەرنى بېسىشقا باشلىدىم. ئەمما كۆزلىرىمدە سوغۇق، مۇدھىش نۇرلار چاقنايتتى.

- دىلبەرنىڭ قارلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئادەم كەلدى.

- يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟

- دىلبەرنىڭ قارلىرىدا كۆمۈلۈپ قېلىشقا تىرىشتىم.

- سىزدىن بىر گەپنى سورىسام بولامدۇ؟

- ئەلبەتتە.

- سىز ئىككىمىز يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدا ئايرىلغاندىن كېيىن مېنى نېمىشقا بىر قېتىممۇ ئىزدەپ كەلمىدىڭىز؟ مەن كېيىن سىزنىڭ مېنى قايتا ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى شۇنداق ئارزۇ قىلغان ئىدىم.

- مېنى باشقا بىر ئايال ئىزدەپ كەلگەن.

- كىمكەن؟

- ئۆزىنى سىزنىڭ ئاپىڭىز دەپ تونۇشتۇرغان.

- بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

- بىراق بۇ مۇمكىن بولدى. سىزنىڭ بېشىڭىزنىڭ باشقا بىرىگە باغلاپ قويۇلغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىپ ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزماسلىقىمنى ئۆتۈنگەن ئىدى.

- ئاھ خۇدا...

- بىراق مەن سىزنى ئۇنتۇيالمىدىم. سىزنى ئىنچىل سۆيۈپ كەلدىم، دىلبەر.

- مەن بۇنداق ئەسەبىي مۇھەببەتنى پەقەت كىنولاردا كۆرۈپ، كىتابلاردىلا ئوقۇپ كەلگەن.

- بىلەمسىز، مەندە سىزگە نىسبەتەن مۇھەببەتتىن بۆلەك نەرسە قالمىدى.

- سىزنى سۆيىمەن!

بۇ سۆزنى سەن كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدىكى ئۆلۈك ھەرپلەردىن باسقان ئىدىڭ. بىراق بۇ سۆزنىڭ سېنىڭ يۈرەك قېتىڭدىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. سەن بولساڭ ئۆزۈڭ بىلمەيلا كۆز ئالدىڭدىكى بىر ئالۋاستىنىڭ غارىغا قەدەم بېسىۋاتاتتىڭ. مەن سېنى ئۆزلۈكسىز ھالدا غارنىڭ ئىچىگە

سۆرەپ كىرىشكە تىرىشىۋاتاتتىم. شۇڭا ئەمدى مەن يالغان سۆزلەرنى چوقۇم راست سۆزلەردەك قىلىشىم كېرەك ئىدى.

- مەن ھېس قىلدىمكى، مۇھەببەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئاستا خاراكتېرلىق قىينىلىپ ئۆلۈش جەريانى ئىكەن.

- مەن سىزگە مۇھتاج.

- بىراق مەن ئەمدى سىزنى خالىغان رەۋىشتە سۆيەلمەيمەن.

- بىراق مەن قارار قىلدىم.

- نېمىنى؟

- ئاجرىشىپ كېتىشنى!

- مېنىڭ يەنە بىر قېتىم تاشلانغۇم يوق.

- مەن ئۆزۈم خاتا چىقىپ قالغان بۇ تېز پويىزدىن چوقۇم چۈشۈپ قالىمەن. ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ بارغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. مېنى كۈتۈڭ، قەلبىڭىزدىكى دىلبەرنىڭ قارلىرى ئېرىپ كەتمىگەن بولسىلا، ئۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە مېھرى بىلەن ياغىدۇ.

خىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئىچىمدىن چىقىپ كەتتى. بوغۇزۇم توختىماي غۇرتۇلدايتتى. چىرايىمدا ئەسەبىي بىر كۈلكە ئايان بولدى. بىراق بۇنى ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچكىم ھېس قىلالمايتتى...

**(7)**

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ قەدەملىرى قېلىن قار ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن بېسىلاتتى، ماشىنىلارنىڭ چاقى تۇرۇپ - تۇرۇپ قار ئۈستىدە تېغىناپ پىرقىراپ كېتەتتى. لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا قار ئالدىراپ توختايدىغاندەك قىلمايتتى. چۈنكى ئالدىراپ توختايدىغان قار بۇنداق قويۇق ۋە قېلىن ھالەتتە ياغمايتتى. مەن مۇشۇ قېلىن قار ئىچىدە كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ ئەينەك ئىشىكلىرىگە ئۈنسىز رەۋىشتە تىكىلىپ تۇراتتىم. چۈنكى سەن ئەنە شۇ كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، مەن بولسام كۆكۈش كاھىشلىق بۇ بىنانىڭ ئالدىدا ساڭا ۋە سېنىڭ تېلېفونىڭدىكى ئاۋازىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىدىم.

شۇنداق، ئارىدىن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا سەن ماڭا پات - پات تېلېفون قىلىپ تۇراتتىڭ. سەن ماڭا ھەر بىر قېتىم تېلېفون قىلغاندا سېنىڭ مېنىڭ ئالۋاستى غارىمغا قەدەممۇ - قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلاتتىم. بۈگۈن **31** - دېكابىر ئىدى. چۈشكە يېقىن يېغىشقا باشلىغان قار بارا - بارا قويۇقلىشىپ، بىردەمدىلا دەرەخ شاخلىرىنى ئېگىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. يان تېلېفونۇمنىڭ سايرىشى بىلەن كۆزۈم سېنىڭ تونۇش نومۇرۇڭغا چۈشتى. سېنىڭ ئاشۇ ئاۋازىڭ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان قىشنىڭ سوغۇق ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ كەلگىنىچە ئاڭلاش سەزگۈمگە ئۇرۇلدى.

- بۇ مەن.

- بۈگۈن **31** - دېكابىر، دىلبەر. مەن بۈلتۈرقى **31** - دېكابىر سىزنى ياخشى كۆرگەن.

- بىز ھازىر ماڭىدۇق.

- قەيەرگە؟

- شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە. مەن يەنە تېلېفون قىلىمەن.

ئاۋازىڭ لەپپىدە ئۆچۈپ كەتتى. ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى ئىككىدىن ئاشقان بولۇپ، قار يەنىلا شۇنداق قويۇق ۋە قېلىن يېغىۋاتاتتى. ئىچىمدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئالۋاستى مېنى تالاغا سۆرەۋاتاتتى. جاۋغىيىمدا بولسا قىشتىنمۇ سوغۇق بىر كۈلكە بىر پارچە مۇز پارچىسىدەك سوغۇق چاقناپ تۇراتتى. ئۆزۈمدىن بۇرۇن قەدەملىرىم قار باسقان يولغا بېسىلدى. ھايال ئۆتمەيلا شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كۆكۈش كاھىشلىق بىناسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. سېنى قېلىن ۋە قويۇق قار ئىچىدە كۆردۈم. سەن شەكلى ماڭا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بىر ئەر بىلەن كۆكۈش كاھىشلىق بىنا ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىڭ. مەن لەپەڭشىپ يېغىۋاتقان قېلىن قار ئىچىدە كۆز ئالدىمدىكى كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ بىر قەۋەت قىرو باغلىغان ئەينەك ئىشىكلىرىگە ئۈنسىز رەۋىشتە تىكىلىپ تۇرغىنىمچە قېتىپ قالدىم. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى، بارماقلىرىم ئارىسىدىكى يانفون بارماقلىرىمغا خۇددى مۇز پارچىسىدەك سوغۇققىنە ئۇرۇلاتتى. شۇ تاپتا يانفوندىكى بارلىق سىگنال ئۇچۇرلىرى غايىب بولغاندەك يانفون بارماقلىرىم ئارىسىدا جىمجىت تۇراتتى. ئەگەر يانفوندىن سىگنال ئاۋازى ئاڭلانسىلا ئۇ چوقۇم سېنىڭ ماڭا تېلېفون ئۇرۇشىڭدىن بىشارەت بېرەتتى. مۇشۇ بىر قېتىملىق تېلېفونىڭ بىلەنلا مەن مۇشۇ ئاق، يۇمشاق ھەم سوغۇق قار ئۈستىدە سېنىڭ باش سۆڭىكىڭنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناشقا باشلايتتىم. ئۈستى - بېشىم قار بىلەن كۆمۈلۈپ خۇددى قار ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم. كىرپىكلىرىمگە قونغان قارلارنىڭ كۆرۈش دائىرەمگە تەسىر قىلىشىدىن كۆز ئالدىم دەم غۇۋالىشىپ، دەم روشەنلىشىپ تۇراتتى. ئىچىمنى تىتىلدىتىپ يانفوندىكى بارلىق سىگنال ئۇچۇرلىرى غايىب بولغاندەك بارماقلىرىم ئارىسىدا تېخىچە جىمجىت تۇراتتى. تۇيۇقسىز كۆكۈش كاھىشلىق بىنانىڭ نېپىز مۇز تۇتقان ئەينەك ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقى كۆرۈش دائىرىمگە كىردى. ئەينەك ئىشىك ئىچىدىن بىر ئايال چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى شۇنداق لەرزان بولۇپ، چاچلىرى قىشنىڭ سوغۇق شامىلىدا توختىماي يەلپۈنەتتى. ئۇ ئايال قېلىن قار ئۈستىدە يېنىك قەدەملىرى بىلەن ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئايال دەل سەن ئىدىڭ، دىلبەر. سەن مەندەك بىر ئالۋاستىنىڭ يېنىغا قالغان ھاياتىڭنى ھەسرەت - پىغان ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتىڭ. ئاياغ ئاستىڭدىكى ئاق قارلار ئەلەملىك غىچىرلايتتى، خۇددى سېنىڭ كېيىنكى ھاياتىڭدەك.

سەن يېنىمغا كېلىپ توختىدىڭ. ئاندىن كۆزۈمگە تىكىلدىڭ. كۆزۈڭدىكى ھېلىقى يارقىن نۇرلار بۇدەم نەگىدۇر غايىب بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ۋەھشىيانە بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى. كۆزۈڭدىكى نۇرغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم.

- ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭىزما؟

قانداق بولۇپ بۇنداق بىر قاملاشمىغان سوئالنى سوراپ سالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى ئۆلتۈرىۋېتىشىنى، يەنە كېلىپ قانۇن ئىجرا قىلىدىغان بىر ئورۇندا ئۆلتۈرىۋېتىشىنى ئەقلى ھۇشى جايىدا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

- سەن ئەبلەخ، مېنى ئالداپسەن... سەندىن نەپرەتلىنىمەن، ھايۋان!

سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ روھىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئەسلى مەن بۇ يەرگە سېنى تولۇق ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم. بىراق تۇيۇقسىزلا ئۆزۈمنىڭ سېنىڭ قولۇڭدا يەنە بىر قېتىم تولۇق ھالاك بولىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇڭا دەماللىققا تىلىمغا گەپ كەلمەي قالدى. سەن بولساڭ بىگىز بارمىقىڭنى كۆزۈمگە شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتىڭ. سۆزلىرىڭ شۇ قەدەر ئاچچىق ئىدى.

- سەن مەلئۇن، مېنى ئالداپسەن. ئەسلى مەقسىتىڭ مېنى ۋەيران قىلىش، مېنىڭ بېشىمنى توپ قىلىپ قاردا ئويناش ئىكەن. بىراق دىلبەرنىڭ باش سۆڭىكى توپا ئاستىدا چىرىپ كەتسە كېتىدۇكى، سەندەك مەلئۇنلارنىڭ پۇتىدا ھەرگىز توپ بولمايدۇ. مەن بۇ دۇنيادا سەندىنمۇ رەزىل يەنە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىشەنمەيمەن.

ئاھ خۇدا... نېمە كارامەت بۇ؟ سەن بۇلارنى قەيەردىن، قانداق بىلىۋالغانسەن؟ چۈنكى بۇلارنى ئۆزۈمدىن باشقا ئىككىنچى بىر تىرىك جان بىلمەيتتىغۇ؟ ياكى سېنىڭمۇ ئىچىڭدە مېنىڭ ئىچىمدىكىگە ئوخشاش يەنە بىر ئالۋاستى بار بولغىيمىتى؟

قورقۇنچ دېگەن ھەقىقەتەن يامان نەرسىكەن. ساڭا نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئىچىمدىكى سۆزگە ئايلىنىدىغان بارلىق ئۇششاق ھۆجەيرىلەر ئۆلۈپ كەتكەندەك كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى. پەقەت كۆزۈملا سېنىڭ ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئاڭلاش سەزگۈممۇ كاردىن چىققاندەك ھېچ قانداق ئاۋۇشنى پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى. تۇيۇقسىز سەن قوينۇڭدىن بىر پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدىڭ. مەن بۇنداق پىچاقلارنى كالا - قوي سويىدىغان قاسساپلارنىڭ قولىدا كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدىم. بىراق بۇنداق پىچاق سېنىڭ قولۇڭدا نېمە قىلىدۇ؟

- سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن... سەن ئۆلۈمگە لايىقسەن مەلئۇن!

ئېغىز ھەرىكىتىڭنىڭ شەكلىدىن سېنى مۇشۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدىم. ئاڭغىچە سەن ماڭا خۇددى ئىچىمدىكى ھېلىقى ئالۋاستى ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى ماڭا ئېتىلغاندەك شىددەت بىلەن ئېتىلدىڭ. قولۇڭدىكى پىچاق بولسا خۇددى ئۇزۇن بىر تال يىلاندەك كۆكسۈمگە قادالدى. شۇ ھامان قىپقىزىل، قويۇق قان كۆكسۈمدىن خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىققىنىچە يەردىكى ئاپئاق قارلارنى قىپقىزىل رەڭگە بويىۋەتتى. ئارقىدىنلا غەلىتە بىر ئېچىنىشلىق ئاۋاز بوغۇزۇمدىن ئاچچىق زەردابقا ئايلىنىپ، ئارقىدىن چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چاينىلىپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

- دىلبەر... مېنى ئۆلتۈرمە... مېنى ئۆلتۈرمە، دىلبەر!!!

**(8)**

قاتتىق سىلكىنىشتىن ئەسلىمگە كەلدىم. يۈرەكلىرىم گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزۈم يەر ئاستى ئۆتنۈشمە يولىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ قالغان ئىدىم. ئالدىمدا سەن ماڭا قاراپ ھەم ھەيران بولغان ھەم چۆچىگەن ھالدا تۇراتتىڭ.

- سىزگە نېمە بولدى؟

ئاۋازىڭ قۇلاق تۈۋىمدە يەنىلا بۇرۇنقىدەك يېقىملىق رەۋىشتە ئاڭلاندى. بىراق سوئالىڭغا جاۋاب بەرمەي ئەتراپىمغا گۇمانسىراپ قارىدىم. ھەممە يەر يەنىلا بۇرۇنقى پېتى ئىدى.

- ھېچ نېمە.

- مەن سىزنى قاچان ئۆلتۈرىمەن، دېگەن؟

سەن يەنە سورىدىڭ. كاللامدا بايامقى كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆلەڭگۈسى ھېلىھەم قارا بۇلۇتتەك توختىماي ئەگىپ تۇراتتى. مەن يەر ئاستى ئۆتنۈشمە يولدا تۇرۇپ نېمە بولغىنىمنى راستلا ئاڭقىرالماي قالدىم. بۇ چۈشكىمۇ، خىيالغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەمما نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندەك ئاجايىب بىر تۇيغۇ سېزىملىرىمنى كونتۇرۇل قىلىۋالغان بولۇپ، بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى.

- شېئىرنى پارچىلىغىلى بولغىنى بىلەن دىلبەرنى پارچىلىغىلى راستلا بولمامدۇ؟ -سەندىن سورىدىم.

- ئەلبەتتە. چۈنكى مەن پەقەت بىرلا. شۇڭا بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ بولۇشۇم كېرەك.

- ئۇ كىم؟

يەنە قايتا سورىدىم مەن سەندىن. سەن كۆزۈمگە تىكىلىپ بىرنى قارىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردىڭ.

- ئۇ سىز!

قۇلاقلىرىمدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. دېمەك، يەر ئاستى ئۆتنۈشمە يولدا مەن بىر قېتىملىق غەلىتە پىسخىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن سەن بىلەن بىر قېتىملىق تېز پويىزغا بىللە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم.

دېمەك، بۇ تېز پويىز ئەمدى ئاخىرقى بېكەتكىچە توختىماي ماڭاتتى.

(ئاپتور بۆرتالا شەھرى ئوتتۇبۇلاق يېزىلىق تەشۋىقات ئىشخانىسىدا)



# ئەكبەر ئىمامنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت

ئامانگۈل ئەزىز

(ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە بىلەن سۆھبەت)

**مەسئۇل مۇھەررىر ئىلاۋىسى:** خېلى بىر مەزگىللىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بەلگۈلۈك نەتىجە ياراتقان ياش يازغۇچىلارنى، شائىرلارنى ئوقۇرمەنلىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات، تۇرمۇش ھەم يېزىقچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئورتاقلىشىش مەقسىدىدە «ئەسەر، باھا، مۇۋەپپەقىيەت» سەھىپىسىنى تەسىس قىلدۇق. بۇ ئاددىي باشلىنىشنىڭ ئاپتور ھەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئازغىنە نەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— ئەكبەر، سىز يىگىرمە يىللىق يېزىقچىلىق ھاياتىڭىزدا نۇرغۇن ئىجادىيەت ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىڭىز، بۇ جەرياندا ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىيەت ھەم تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىڭىزدىن ئوقۇرمەنلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىششنى خالايدىغان تەرەپلەر باردۇ؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ سىزنىڭ سەممىي تۇيغۇلىرىڭىزدىن بەھرى ئالغۇسى بار. بىز بۇ سۆھبىتىمىز ئارقىلىق ئاشۇ ياخشى ئارزۇنى ئازتولا رىياللىققا ئايلاندۇرساق ئەجەپ ئەمەس. مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ژانىر بولغان شېئىرىيەت ھەققىدە سۆز باشلاي

— سىزچە شېئىر دېگەن نېمە؟

—«شېئىر دېگەن نېمە؟» دىن ئىبارەت بۇ سوئال، شېئىر ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان تۇنجى قەدەمدىن باشلاپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىدا كۆپ خىل شەكىللەردە تەبىرلىنىپ كەلدى. شېئىرنىڭ شائىرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ۋە شائىرنىڭ ئوقۇرمەننى مەيدانغا كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەت بۇ قوش يۆنىلىش تاق مەنزىللىك جەرياندا شېئىرغا بېرىلگەن تەبىرلەرمۇ شۇ قەدەر ئىنچىل داۋاملاشتىكى، بۇ خىل تەبىرلەش جەريانلىرى A نۇقتىدا«شېئىر خۇدانىڭ پىچىرلىشىشى دېمەك»تىن ئىبارەت مۇتلەق يۈكسەكلىكتىن تاكى «شېئىر ھېچنېمە ئەمەس» تىن ئىبارەت مۇتلەق چوڭقۇرلۇققا قەدەر سوزۇلدى. ئەمما يېڭى تەبىرلەر تېزلا كونىراپ، «شېئىر دېگەن نېمە؟» دىن ئىبارەت بۇ جان قاقشاتقۇچ كونا سوئال يەنىلا يېڭى سوئال شەكلىدە بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە، بىر تەپەككۇردىن يەنە بىر تەپەككۇرغا مىراس بولۇپ قېلىۋەردى. گەرچە شېئىر شېئىر بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىرسىزلىككە ئەڭ يېقىن مۇھىتتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ نەپسى-خاھىشىمىزدىكى شېئىرنى تەبىرلەشكە بولغان مۇھتاجلىق بىزنى ھامان شېئىرنىڭ مەخپىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەم مۇھتاجچىلارنىڭ 12-ئەسىرنىڭ بۈگۈنىدىكى داۋامى سۈپىتىدە «شېئىر دېگەن نېمە» دېگەن بۇ سوئالغا «شېئىر-تۇيغۇنىڭ ھۆججىتى» دېگەن جاۋابنى بېرىش ئارقىلىق تەپەككۇر بوشلۇقۇمدىكى مۇھتاجلىق چۆلىدىن ئۆزۈمنى بىر قېتىم ئازاد قىلىمەن.

— ئۇنداقتا سىز شېئىرنى تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى دەپ قارامسىز؟

— شۇنداق. ئەمما بۇ ئىككى نۇقتىدا ئىزاھلىنىدۇ. بىرى

تۇيغۇ، يەنە بىرى سۆز. بۇنىڭدا ئالدىنقىسى يەنى تۇيغۇ مەۋجۇت بولۇپ، كېيىنكىسى، يەنى سۆز مەۋجۇت بولمىسا بۇ ھالەت شەكىلسىز مەنىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئەكسىچە كېيىنكىسى، يەنى سۆز مەۋجۇت بولۇپ ئالدىنقىسى، يەنى تۇيغۇ مەۋجۇت بولمىسا، بۇ ھالەت شەكىللىك مەنىسىزلىككە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. دېمەك، ھەم شەكىل ھەم مەنىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تۇيغۇ بىلەن سۆزنىڭ ئورتاقلىقىنى يارىتىشىمىز كېرەك. تۇيغۇ بىلەن سۆز بىرى يەنە بىرىنى شەرت قىلىش ئاساسىدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىدە، يەنى بىرىنچى كېسىك Aنۇقتىدا تۇيغۇ مۇقەددىمە، سۆز خاتىمىلىك ئورۇندا تۇرسا؛ ئىككىنچى كېسىك Aنۇقتىدا سۆز مۇقەددىمە تۇيغۇ خاتىمىلىك ئورۇندا تۇرغان بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك بىر پارچە شېئىر ئەڭ دەسلەپ بىر قاتار سۆز تىزمىلىرى ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ تۇيغۇ بوشلۇقلىرىمىزدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئاندىن بۇ خىل شەكلى ۋە مەزمۇنى روشەن ھالەتتە بولمىغان يىپىلىش بوشلۇقى بىزنى سۆزگە مۇھتاج قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز سۆزنى پەقەت شۇ زاھىرەن تۇيغۇنى ئىپادىلەپ خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈنلا تۇيغۇمىزغا خىزمەت قىلدۇرىمىز. بۇ دېمەك «تۇيغۇدىن سۆز چىقىدۇ، سۆزدىن تۇيغۇ چىقىدۇ» دېمەكتۇر. مەسىلەن سىز:

مەن

ئالتە كۈننىڭ مەۋجۇتلۇقىدا شەكىلگە كىرگەن

ئادەم ئاتىمەن

بىر سىقىم ئىسسىق تۇپراقمەن.

«غەيبنىڭ تارتىش كۈچى»دىن

دېگەن مىسرالارنى ياقتۇرغان بولسىڭىز سىزدىكى بۇ ياقتۇرۇش نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولىدۇ. يەنى بۇ تۇيغۇدىكى ياقتۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان بولامدۇ ياكى سۆزدىكى ياقتۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان بولامدۇ؟

ناۋادا سىزدىكى بۇ ياقتۇرۇش سۆز دائىرىسىدە كەلگەن بولسا سىز«مەن، ئالتە، كۈن، مەۋجۇتلۇق، شەكىل، كىرىش، ئادەم، ئاتا، سىقىم، ئىسسىق، تۇپراق» قاتارلىق بىر تۈركۈم سۆزلەردىن قايسىنى ياقتۇرغانلىقىڭىزغا ھەم بۇ ياقتۇرۇشنىڭ سىزگە نېمىنى ئاتا قىلالىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالامسىز؟ بۇ يەردە سىزگە نېمە خاس بولدى؟ ئەلۋەتتە ھېچنېمە!

چۈنكى بۇ سۆزلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالەتتە تۇرغاندا سۆزنىڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولمىش گەپلىك خۇسۇسىيىتىدە تۇرغان بولىدۇ. گەپ شېئىر بولمايدۇ، شۇنداقلا تۇيغۇمۇ گەپنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى ۋاستە قىلمايدۇ. شېئىر بولۇش ئۈچۈن گەپ سۆزگە ئايلىنىشى ۋە بۇ سۆز تۇيغۇغا كىرىپ تۇيغۇدىن چىقىشى كېرەك. دېمەك، بىر ئوقۇرمەن «بۇ شېئىر ناھايىتى ياخشىكەن» دېگەن ۋاقىتتا دەل تۇيغۇنى كۆزدە تۇتقان بولىدۇ. چۈنكى ئاپتورنىڭ تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ تۇيغۇسى بىر نۇقتىدا ئۇچراشقاندىلا ئوقۇرمەن ئاندىن ئۆزىنى ئەسەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا ھېس قىلالايدۇ. بۇ دېمەك جالالىدىن رومىنىڭ دېگىنىدەك «تۇيغۇ تۇيغۇنى تونۇيدۇ»دىنلا ئىبارەت، بۇ ھۆكۈمدىن قارىغاندا، ناۋايىدىن بوغدا ئابدۇللاغىچە بولغان 500يىللىق تارىخي جەرياندا شېئىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى سۆز بىر خىل شەكىلدە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تۇيغۇ ئوخشاش شەكىلدە كەلگەن. دېمەك، شەكىلسىز ھالەت تۇيغۇنى سۆز ۋاستىسى ئارقىلىق شەكىلگە كىرگۈزۈش جەريانى دەل شېئىرنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، شەكىل بولمىش تەن ماھىيەت بولمىش روھ ئارقىلىق قانائەت تاپقاندەك سۆزمۇ تۇيغۇ ئارقىلىق قانائەت تاپىدۇ. خۇددى روھ بولمىسا تەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغاندەك، تۇيغۇ بولمىسا شېئىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## -سىز تۇيغۇ بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

-تۇيغۇ بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەش شېئىرنى قانداق مەيدانغا كەلتۈرۈش بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىقتۇر. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان شېئىرلاردىكى سۆز دەل تۇيغۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك خاتىرىلىگەن سۆزلەردۇر. تۇيغۇنى سۆز بەلگىلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن شائىردىن ئىبارەت مۇقىم مەنبە، كۆچمە مەنبە بولمىش تۇيغۇ ۋە سۆزنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە گۇۋاھچى قىلغاندا، چوقۇم تۇيغۇنىڭ سۆزنى ئۆزىگە زۆرۈر شەرت قىلىش كۈچى بىلەن سۆزنىڭ تۇيغۇغا بولغان بېقىنىش كۈچىنى بىر تۈز سىزىقتا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، سۆزنىڭ يەنە قايتا سۆزلۈك يۈكسەكلىكىدىن گەپكە پارچىلىنىپ كېتىش پاجىئەسى كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، تۇيغۇ بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتى تىل بىلەن چۈشىنىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن ھالەتتىكى مۇناسىۋەت بولۇپ ئۇلار ھەم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرىدۇ ھەم بىرى يەنە بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

## -شېئىردىكى شەكىل بىلەن مەزمۇنغا قانداق قارايسىز؟

- شەكىل بىلەن مەزمۇن شېئىرنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ، بۇ قاناتنىڭ بىرى بولمايدىكەن، شېئىر پەرۋازسىز قالىدۇ. مەزمۇن ئابستراكت، شەكىل كونكرېتنى بولىدۇ. ئەگەر مەزمۇن شەكىل ئارقىلىق خۇسۇسىيەتلەنمىسە، مەزمۇننىڭ مەنە بېرىش دائىرىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە شەكىلگە مەزمۇندىن ئىبارەت مەنبە قوشۇلمىسا، شەكىل ئاۋۋالقى شەكىلسىزلىك بوشلۇقىدا مەنىگە ئېرىشىشتىن مۇستەسنا ھالدا تۇرۇۋېرىدۇ.

مىسال ئالساق. سۇ مەنبە، سۇنى قورشاپ تۇرغان ماددا

ياكى جىسىم شەكىل. سۇدا شەكىل بولمايدۇ، لېكىن سۇ بوتۇلكىغا قاچىلانسا، سۇ بوتۇلكا شەكلىدە نامايان بولىدۇ. ئەگەر سۇ يەنە ئوخشاش بولمىغان باشقا بىر شەكىللىك جىسىملارغا قاچىلانسا سۇ دەرھال يەنە شۇ خىل شەكىللەرگە ئىگە بولىدۇ. دېمەك، مەنبە بولمىش سۇ تاشقى مۇھىتتىكى قانداقلىقى بىر شەكىل بىلەن ئۇچراشسا ئۇ ئۆزىنى شۇ خىل شەكىلدە يارىتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، شەكىل بىزنىڭ «نېمە»نى يازىدىغانلىقىمىزنى ئەمەس، بەلكى«قانداق»يازىدىغانلىقىمىزنى روياپقا چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىزنىڭ «نېمە»نى يېزىشىمىز مۇھىم ئەمەس، بەلكى «قانداق» يېزىشىمىز مۇھىمدۇر. بىر ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىمۇ«نېمە»نى يازغانلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى«قانداق» يازغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ يەردىكى«قانداق يېزىش» دەل بىز دەۋاتقان شەكىلدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئەسەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللانغان بىر شەكىل گۆھەرگە ئوخشايدۇ. گۆھەر ئىگىسىنى تونۇيدۇ. ئەمما ئۇ گاھىدا بەزى ئادەملەرنىڭ قولىغا تاش بولۇپ چىقىپ قالىدۇ.

**سىز شېئىرلىرىمدا مەلۇم بىر خىل ئىدىيە بار دەپ قارامسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟**

-ئۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى مەن ئەزەلدىن شېئىرلىرىمنى ئىدىيەلەشتۈردۈم دەپ قارىمىدىم. گەرچە مەلۇم بىر خىل كۆز قاراشتا ھېچكىمنىڭ بىر بىرىنى قايىل قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايمەن. چۈنكى بىز بۇ يەردە ئەدەبىيات ھەققىدە پىكىر قىلىۋاتىمىز. شۇڭا شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈمكى، مەن ھامان ئەدەبىياتنىڭ تەربىيەلەش رولىغا گۇمان بىلەن قارىغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى رەت قىلغۇچىلاردىنمەن. يەككە شەكىل بىلەن پىكىر بايان قىلسام، شەخسەن مەن ئۆزۈم نۇرغۇن ئەدەبىي ئىلىملەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۆتمۈشنىڭ يىللار قاتلىمىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بەزەن بىر بۈيۈك زاتلارنىڭ ئالەمشۇمۇل دەستۇرلىرىدا تىلىم راۋان بولمىدى-يۇ، رېئاللىقتىكى قەلەمداشلىرىمنىڭ چۇقانلىرىغا مەپتۇن بولدۇم. ئوغرىلىق ئەيىبلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئوغرىلىقنىڭ يوشۇرۇن تۈپرىقىدىن يىراقلاپ كەتمىدىم-يۇ، ئىچكى دۇنيارىمدىكى ئوغرىلىقنىڭ باتىن نۇرلىرىنى ھېس قىلىۋالدىم. قەھرىمان تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپمۇ قەھرىمان بولالمىدىم-يۇ، ئىچ-ئىچىمدىن ھاياجانغا چۆمدۈم. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئەمەس، نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان نامەلۇم ۋاقىت چەمبىرىكىدىن باشلاپ كۆزۈم كۆرگەن ئەمەس قەلبىم ھېس قىلغان نەرسە ھەققىدە ئويلاندىم. كۆزۈم كۆرگەن نەرسە ماددا بولسا، قەلبىم ھېس قىلغان نەرسە چوقۇمكى تۇيغۇ بولىدۇ. چۈنكى كۆڭۈلگە تۇيغۇ پاتىدۇكى نەرسە، يەنى ماددا پاتمايدۇ. مېنىڭ نەزەرىمدىكى شېئىر قەلەمدىن چىقمايدۇ ياكى كۆزۈم كۆرگەن تەبىئەتتىن كەلمەيدۇكى، ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئاسماندا نېمە بار؟ ئاسماندا ئىنسانلارنىڭ رىزقى بار. مەن شېئىرنى شېئىر يازغۇچىلارنىڭ رىزقى دەپ قارايمەن. دېمەك، سىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىيە نەرسىدە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ، تۇيغۇدا ئىدىيە مەۋجۇت بولمايدۇ. مەن كۆزۈم كۆرگەن نەرسىگە ئالدانمىغان ئىكەنمەن چوقۇمكى قەلبىمدىكى نەرسىگە ئالدانغان بولىمەن. شۇڭا مەن بىر نەرسىنى ئۆزۈمدە يوق دەپ ھۆكۈم قىلالىغان ئىكەنمەن، چوقۇمكى ئۇ نەرسىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالمايمەن. چۈنكى مېنى ئاسارىتىگە ئالىدىغان ئۇ نەرسە مەندە يوقتە!

**-سىزچە ئەدەبىي ئەسەر خەلق ئۈچۈن يېزىلىشى كېرەكمۇ ياكى سىزمۇ «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن قاراشقا قوشۇلامسىز؟**

-بۇ بىر قوش بىسلىق ھالەت بولۇپ، شېئىر يازغۇچى شائىرغا خەلق ياكى مىللەت مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن زامان، ماكاندا شېئىرنى چوقۇمكى خەلق ئۈچۈن يېزىش كېرەك. چۈنكى ھەربىر قەلەم ئىگىسىدە خەلق ياكى مىللەتنىڭ ھەققى بار. خەلق ياكى مىللەت شۇ شېئىر يازغۇچىغا مۇھتاج بولغۇدەك مەسئۇلىيەت يۈكلەش بۇرچىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەم شۇ شېئىر يازغۇچىنى خەلق ياكى مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىستىتىكىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ شېئىر يېزىش ھوقۇقىنى بەرگەن زامان، ماكاندا، ئەدەبىي ئەسەرنى چوقۇمكى سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت دەۋاسىدا تۇرۇپ يېزىش كېرەك، دەپ قارايمەن. مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياج سەۋەبىدىن سەنئەتتە «ساپ سەنئەت» دېگەن بىر ئۇقۇم مەيدانغا كەلگەن.

**- سىز نېمىشقا شېئىر يازىسىز؟**

-نېمە ئۈچۈنگە جاۋاب بېرىش دەل باھانە ئىزدەش جەريانىدۇر. ئەمما شېئىر يېزىش ئۈچۈن باھانە كەتمەيدۇ. چۈنكى شېئىر يېزىشتا ۋەزىپە بولمايدۇ، ئەمما يۈكسەك ھالەتتىكى ئۆزلۈك مەسئۇلىيەت بولىدۇ. بۇ ئۆزلۈك مەسئۇلىيەت بولسا، تەندىن ھالقىغان روھتىن كېلىدۇ. مەن روھىيىتىمدىكى مانا مۇشۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شېئىر يازىمەن.

- ئۇنداقتا بۇ مەسئۇلىيەت روھقا قەيەردىن كېلىدۇ؟

- ئىلھامدىن كېلىدۇ.

- دېمەك، سىز ئىلھامنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىز-دە؟

- شۇنداق. چۈنكى بىز تىلغا ئالغان روھنى بىر تۈگمەن، دەپ مىسال قىلساق، ئىلھام شۇ تۈگمەن ئېھتىياجلىق بولغان

ئۈگۈتتۇر. ئۈگۈت بولمىسا، تۈگمەننىڭ ھەرىكىتىدىن نەتىجە چىقمايدۇ.

— ئەمىسە تۈگمەن بىلەن ئۈگۈت ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم، يەنى شائىرچۇ؟

— شائىر تۈگمەننى قورشاپ تۇرغان ئالتە تام!

— سىزچە ئىلھام قەيەردىن كېلىدۇ؟

— ئىلھامنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ مەسىلە ئىنسانلار ئۆز چۈشەنچىسىدە بىرلىككە كېلەلمەيۋاتقان مۇرەككەپ جەريان. شۇنداق بولسىمۇ بىز كۆپ ھاللاردا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە «ئىلھام كەلدى» ياكى «ئىلھام كەلمىدى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرىمىز. بىز«ئىلھام كەلدى» دېگەن ۋاقتىمىزدا كۆڭلىمىزدە قانداقتۇر بىر تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇپ، بۇ تۇيغۇلارنىڭ «سۆزگە ئايلىنىمەن، شەكىلگە كىرىمەن» دېگەندەك تېپىرلاشلىرى بىزنىڭ روھىي قاتلىمىمىزنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە مۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. يەنى بىر ئورۇنغا مەلۇم بىر نەرسە قويۇپ قويۇلغان بولسا، شۇ ئورۇنغا چوقۇم شۇ نەرسىنى«قويغۇچى» مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ناۋادا«نەرسە»نى «ئورۇن»غا«قويغۇچى»مەۋجۇت بولمىسا، قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن قوبۇل قىلىنغۇچى نەرسىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا كۆڭۈلدە پەيدا بولۇپ قالغۇچى«ئىلھام» «قويغۇچى»سى كىم بولىدۇ؟

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ كۆڭۈل دېگەن تەندىكى قايسى ئەزانى ئىشارە قىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

تەندە كۆڭۈل دېگەن ئەزا يوق. لېكىن بىزدە كۆڭۈل دېگەن سېزىم بار. كۆڭۈل مەزمۇنى ياكى شەكلى يوق ئەمما ماھىيىتى مەۋجۇت ھادىسە. دېمەك، كۆڭۈل شەكىلگە ئىگە بولمىغانىكەن، ئۇنىڭدا ماددىلىق خۇسۇسىيەت ھازىرلانمىغان بولىدۇ. ماددىغا تەۋە بولمىغان ھالەت چوقۇم روھقا تەۋە بولىدۇ. دېمەك، كۆڭۈل ماددا جۇملىسىگە تەۋە ئەمەس، بەلكى روھىيەت جۇملىسىگە تەۋە ھالەت بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قويۇلغان نەرسىمۇ ھەم شۇ نەرسىنى قويۇپ قويغۇچىمۇ ماددا جۇملىسىدىن ئەمەس، بەلكى روھ جۇملىسىدىن بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەن ئىلھامنى ئالەمدىن تاشقىرى يۈكسەك بىر كۈچنىڭ كۆڭۈلگە قىلغان ئىشارىسى دەپ قارايمەن.

**— سىز گۈڭگا شېئىر دېگەن ئاتالغۇغا قانداق قارايسىز؟**

— 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىش ئېلىپ كەلدى. بىر قېتىملىق ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ۋە ئىزدىنىمە ھېكايىچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ قوزغىلىش جەريانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئابستراكتلاشقان، شوئارلاشقان، دوگمىلاشقان ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، شېئىرنىڭ ئۆزىگە قايتىش سەپىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇتۇقلۇق تاماملىدى. بۇنىڭ بىلەن پەقەت ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسىغا تايىنىپ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان شائىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تۈركۈم تۇيغۇغا يېقىنلاشقان شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۇيغۇ بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزگەن ئەسلى ھالىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتۇردى. بۇ ھادىسە گەرچە دەسلەپكى باسقۇچتا «گۈڭگا شېئىر»، «تۇتۇق شېئىر»، « يېڭى شېئىر»، «يېغلاڭغۇ شېئىر» دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان ناملاردا سۈپەتلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «تارىم» ژۇرنىلى، «تەڭرىتاغ»ژۇرنىلى، «كروران» ژۇرنىلى، «ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»قاتارلىق مۇنبەت تۇپراقلارنىڭ ئىسسىق قوينىدا ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك تەجرىبە قىلىنىش، سىناق قىلىنىش، قوبۇل قىلىنىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى قانداقتۇر بىر ئەخمىقانە ھادىسە بولماستىن، بەلكى شېئىرىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئەسلىگە قايتىش جەريانى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى روياپقا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن تەلەيلىك ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىر تۈركۈم خاسلىققا ئىگە شائىرلىرىغا مۇيەسسەر بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى.

ئەمەلىيەتتە گۈڭگا شېئىر دېگەن بۇ ئاتالما 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن يېڭى شېئىرىيەت ئىنقىلابىمىزنىڭ شېئىرىيەتنى ئەسلىگە قايتۇرۇش باسقۇچىدىكى ۋاقىتلىق ئاتالما بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ يېڭىچە تەپەككۇر ۋە يېڭىچە ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ ئوق مەركىزى قىلغان. لېكىن تۇيغۇنى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش بۇرچى قىلغان شېئىرىيەت ئەندىزىمىزگە كۆنۈككەن ئاڭ فورماتسىيەمىز تۇيغۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن چىققان بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ھېسسىي ۋە ئەقلىي بىرلىك ھاسىل قىلالمىغاچقا، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا يېڭىلىق تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان بۇ خىل شېئىرىيەت ھادىسىسى گۈڭگا شېئىر دېگەن يېڭىچە ئاتالمىلار بىلەن سۈپەتلىنىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بىر مەزگىللىك قىزغىن بەس-مۇنازىرىدىن كېيىن شېئىرىيەت تارىخىمىز، بۇ خىل شېئىرىيەت ھادىسىسىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆزىگە قايتىش سەپىرىدىكى بىر قېتىملىق شېئىرىيەت ئىنقىلابى ئىكەنلىكىنى ئورتاق يوسۇندا قوبۇل

قىلدى. لېكىن شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇكى، تەپەككۇرنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك قاتمال ھالىتىدىكى سۆكۈتتە ياتقان قەلبى بىلەن بۇنى ھېس قىلىش جانغا ئېكەك سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر ئوقۇرمەننىڭ بىر پارچە شېئىرنى چۈشىنىش مەنزىلگە يېتىپ بارالماسلىقى ھەم قوبۇل قىلىش ئىمتىيازىغا مۇيەسسەر بولالماسلىقى شۇ شېئىر ياكى شۇ شېئىر ئاپتورىنىڭ چۈشەندۈرۈش ياكى قوبۇل قىلدۇرۇش مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاڭ ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى شۇ ئوقۇرمەننىڭ چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاڭ ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى شېئىر يازغۇچىنىڭ شېئىر يېزىش مەسئۇلىيىتى بولغىنى بىلەن شېئىرنى چۈشەندۈرۈش مەسئۇلىيىتى بولمايدۇ. دېمەك بىز بۇ نۇقتىدىن شۇنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىزكى، مەيلى شائىردىن بولسۇن، ياكى ئوقۇرمەندىن بولسۇن چوڭقۇر تەپەككۇرنى تەلەپ قىلىش بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىكىمىزنىڭ تۈپ نىشانىدۇر.

**-سىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىڭىز نارازى بولغان ئەسەرىڭىز بولغانمۇ؟ بولسا نارازى بولۇش سەۋەبىچۇ؟**

-بولغان. مەسىلەن مەن:

**ئىيسانى كىرېستقا مىخلاپ قويغاندەك،**

**مىخلاپ قوي ئەي دۇنيا مېنى شېئىرغا.**

«شېئىر مېنىڭ پەرۋازىم»دىن

دېگەن مىسرالاردىن تۈزۈلگەن يۇقىرىقى«شېئىر مېنىڭ پەرۋازىم» ناملىق شېئىرىم ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمدە نارازىلىق پەيدا قىلغانلىقىمنى بىلگىنىمدە ئەسلىدە ... نارازىلىق بىخلاندۇرۇپ قويغانمەن. بۇ شېئىر 1995- يىلى يېزىلىپ شۇ يىلى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەن بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىمسىزلىكىم سەۋەبىدىن ئىيسا ھەققىدىكى ھۆكۈمنى خاتا ھالەتتە قەلەمگە ئېلىپ قويغانمەن. 2000-يىلى بۇ ئەسەرنى قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق ھازىر قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان«يەر شارىنىڭ ئۆلگەن كۈنى» ناملىق شېئىر توپلىمىمغا ئىزاھات بىلەن قايتا قوشۇپ ئالدىم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن، بۇ جەريانلاردا ماڭا تىل بايانى ياكى كۆز بايانى ئارقىلىق بېشارەت بېرىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

**- سىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىر بىلەن ھېكايىنى تەڭ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىقتىدارلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنداقتا سىز بۇ ئىككى ژانىرنىڭ قايسىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟ كېيىن قايسىسىنى تۇتقا قىلىسىز؟**

- ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى قەلبىمگە ئەڭ يېقىن ھالەتتىدۇر. يەنە كېلىپ مەن قان ۋە جان بىلەن ئويىنىشىدىغان بۇ سازلىقتا ئېپىتىم بىلەن كىرگەن. مېنىڭ بۇ سازلىقتا قالغان ئېپىتىم بۇ سازلىقنىڭ شېئىرنى تۇتقا قىلغان نەزمىي بۇرجىدىمۇ ياكى ھېكايىنى تۇتقا قىلغان نەسرىي بۇرجىدىمۇ... بۇ ھەقتە ئالدىن ھۆكۈم قىلىشقا ئىقتىدارسىزمەن، شۇڭا بۇ ھەقتە ۋاقىتنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتىمەن. مەن ھازىر بۇ سازلىقتا پەقەت ئۆزلۈكىنى ئىزدىگۈچى، خالاس.

**«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان«پىسخىكىلىق بوھران» ناملىق پوۋېستىڭىزدا يارىتىلغان مەن ئوبرازى بىلەن ئەسەر تېمىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار دەپ قارايسىز؟**

پىسخىكىلىق بوھران ئەمەلىيەتتە ئەسەردىكى مەننىڭ ئىچكى قاتلىمىنىڭ بوھرانى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل بوھران ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قېلىپقا چۈشمەيدىغانلىقىدەك خاراكتېرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئەسەردىكى مەن قەلبى مۇھەببەتكە تولغان ئوبراز. ئۇنىڭدا لالەگە بولغان ھەقىقىي سۆيگۈ بار. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ مەينەت كېسەل بىلەن لالەنىمۇ يۇقۇملاندۇردى. بۇ نۇقتىدا ئەسەردىكى «مەن» تىپىك قەھرىمان بولماستىن، بەلكى قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان ئاددىي شەخس. شۇڭا ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار قۇربان بېرىش روھى يوق بولۇپ، رېئاللىقتىكى تىرىك ئادەمدەك ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چىقىش نۇقتىسى قىلدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئوبراز سۈپىتىدە ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ مەن مېخانىك شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ چىققان ياسالما ئوبراز بولماستىن، بەلكى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىلەن مېنىڭ قەلىمىمدە سەنئەت شەكلىدە ئۆزىنى يارىتىش جەريانىدۇر.

**- نۆۋەتتە سىزنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە، پوۋېستلىرىڭىز «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. سىز ھېكايە يېزىقچىلىقىدا قايسى نۇقتىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايسىز؟**

- ئادەتتە مەن ھەرقانداق بىر پارچە ئەسەردە تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى ئامىللاردىن تىل ئامىلىنى ئەڭ مۇھىم ئامىل دەپ قارايمەن. تىل ئامىلى ئوقۇرمەنلەرنى بىزنىڭ ئەسىرىمىزگە قىزىقتۇرىدىغان مۇھىم نۇقتا. ئويلاپ باقسام بىز ئەدەبىي تىل ھەققىدە كونكرېتنى پىكىر قىلىدىكەنمىز. لېكىن مېنىڭچە ئەدەبىي تىل ئىچىدە يەنە بىر خىل تىل، يەنى ئىجادىيەت تىلى مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بۇ خىل ئىجادىيەت تىلى بىزنىڭ بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمىزدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىكەن. ئەدەبىي تىل بىلەن ئىجادىيەت تىلى بىر

پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن سىرت يەنە ئىجادىيەت تىلى بىزنىڭ يېزىقچىلىق پائالىيىتىمىزدە بىزنىڭ يېڭىدىن يېڭى جۈملىلەرنى تۈزۈشىمىزدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدىكەن. بۇنداق ئىجادچانلىق روھىغا باي بولغان تىل بىزنى ھەقىقىي بىر ئەدەبىي مۇھىتقا باشلاپ كىرىپ، شۇ بىر پارچە ئەسەرنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىگە ئىگە قىلىدىكەن. بىز«نېمە»نى يېزىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىمىزدا بىزنىڭ ئاڭ پائالىيىتىمىز ئەدەبىي تىلنىڭ ئىمكانىيەت دائىرىسىدە بولغان بولسا، بىز «نېمە»نى«قانداق» يېزىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىمىزدا بىزنىڭ ئاڭ پائالىيىتىمىز ھەم ئەدەبىي تىلنىڭ ھەم ئىجادىيەت تىلنىڭ ئىمكانىيەت دائىرىسىدە بولغان بولىدۇ. بۇ دائىرىدىكى ئەدەبىي تىل بىزنىڭ بىر پارچە ئەسەرنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشىمىزنى زۆرۈر شەرت بىلەن تەمىن ئەتسە، ئىجادىيەت تىلى بىزنىڭ جۈملىلەرنى ئۆزىمىزگە خاس بولغان شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ چىقىرىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن شېئىرىي ئىجادىيەت تىلدا ئىشلىتىلىدىغان ئىجادىيەت تىلى بىلەن ھېكايە ئىجادىيەت تىلدا ئىشلىتىلىدىغان ئىجادىيەت تىلدا ھەم ئورتاقلىق ھەم پەرق مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. چۈنكى شېئىرىي، تىل زىچلىقى يۇقىرى ھالەتتىكى تىل ئىمكانىيىتى بولۇپ، نەسرىي، ئەسەرلەردە بولسا بۇ ئىمكانىيەت بىر قەدەر كەڭرى ھالەتتە بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك بۇلارنى مەلۇم ئىمكانىيەت بوشلۇقىدا ئۆزئارا قوللىنىش پۇرستى يوق، دېگەنلىكتىن بېشارەت بەرمەيدۇ. بەلكى بۇلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر قىلدۇرۇپ بېقىشنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە سىناپ بېقىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر بىز شېئىرىي مۇھىتتىكى تىلنى نەسرىي، ئەسەرلەرگە مۇۋاپىق رەۋىشتە تەدبىقلىيالىساق بىز قولىمىزدىكى نەسرىي ئەسەرگە، جۈملىدىن شۇ بىر پارچە ھېكايىگە مۇئەييەن دەرىجىدە لىرىكىلىق خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى جىمجىت مۇھىتتىن ئىككىنچى بىر خىل رومانتىك مۇھىتقا باشلاپ كىرەلەيمىز ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەسەردىن زېرىكىش، بىزارلىق ھېس قىلىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. دېمەك، تىلنىڭ يېقىملىق، گۈزەل، رەڭدار بولۇشى شۇ بىر پارچە ئەسەرنىڭ جېنى بولۇشتەك خۇسۇسىيەت بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، قايسى ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى. يەنى تەن شەكلىدىكى ماددىي ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىمۇ ياكى روھىيەت قاتلىمىدىكى مەنىۋىي ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىمۇ؟

بۇ دېگەنلىك بىز ۋەقەلىك ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى ياراتماستىن، بەلكى شۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتى، يوشۇرۇن پسىخىكىسى ئارقىلىق مەلۇم ۋەقەنى يارىتىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازما ئىگىسىدىن كۈتىدىغىنى قانداقتۇر بىر ۋەقەلىكلەر بايانىنى ئاڭلاش بولماستىن، بەلكى شۇ ۋەقەلىك ئىچىدە تۇرغان پېرسوناژنىڭ يەنى ئادەمنىڭ روھىي ھالەت ئۆزگىرىش باسقۇچىدىكى پسىخىك كەچۈرمىشىدۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم ھەم نورمال بولغان ھەم نورمال بولمىغان ئىككى ياقلىملىق روھىي ھالەت پسىخىكىسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ناۋادا بىز بىر ئادەمدىكى بۇ ئىككى خىل روھىي ھالەت قاتلىمىنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىدىكەنمىز، بىزنىڭ قەلىمىمىز ئاستىدىكى پېرسوناژدىن ئىبارەت بۇ ئادەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە زاۋۇتتىن ياساپ چىقىرىلغان ھەيكەلدەك ياكى تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىدىكى ئويۇنچۇق قونچاقتەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ-دە، ئوقۇرمەنلەرگە بىر پۈتۈن ئەسەر سۇنئىي توقۇلما جەريانىدەكلا تۇيۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك، تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىدىكى تۈتقۇننىڭ مۇۋاپىق بولۇش بولماسلىقى مەلۇم بىر پارچە ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش ياكى چىقماسلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. جۈملىدىن مەنمۇ ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە مۇشۇ ئىككى خىل نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

- سىزچە تۇرمۇشنىڭ بىمەنە تەرەپلىرىنى يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟

- مېنىڭچە تۇرمۇشنىڭ بىمەنە تەرەپلىرى بولمايدۇ. بەلكى بىزنىڭ تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە بولغان بىمەنە قاراشلىرىمىز بولىدۇكى، بىزنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ياكى قوبۇل قىلىش دائىرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن تاشقى قاتلاملا بىزنىڭ ئىنكاسىمىزدا بىمەنىلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ھال بىزنىڭ «چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكتى» دېگەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئەقلىي خۇلاسىمىزگە زىت كېلىپ قالىدۇ. مىسال ئالساق، كېسەك چوقۇم تۆت چاسا بولۇشى كېرەكتى. يۇملاق كېسەك بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. يەنە كېلىپ يېزىقچىلىقتا كېسەكنى تۆت چاسا شەكىلدە ئەمەس، يۇملاق شەكىلدە تەسۋىرلەپ قويۇشنىڭ ئۆزى ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قوياتتى. ئەمدى قاراپ باقايلى. كېسەك دېگەن بۇ نەرسە يۇملاق شەكىلدە بولسىمۇ بولىدىكەنغۇ. يەنە كېلىپ يۇملاق شەكىللىك كېسەك تۆت چاسا شەكىللىك كېسەككە قارىغاندا يەنىمۇ ئەپچىل ۋە كۆركەم بولىدىكەنغۇ. شۇڭا بىمەنىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبنى مەن بىزنىڭ ئۇنى نەزەر-ئېتىبارىمىزغا سىغدۇرالمىغانلىقىمىزدا بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى نۇرغۇن بىمەنە ئەسەرلەر بىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بىز ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىمىدۇقمۇ؟

-سىزچە ئەدەبىي تەنقىد قانداق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك؟

- مىنىڭچە ئەدەبىي تەنقىدنى مەلۇم بىر خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ ئەدەبىي تەنقىدنى قانداقتۇر بىر خىل ئۆلچەم ئىچىگە بەند ئېتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىدمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇستەقىل ئىجادىيەت جەريانى بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆپ خىل ۋە رەڭدارلىقىغا تويۇنغان خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەدەبىي تەنقىد ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭمۇ مول بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە مۇكەممەل ئەخلاق قارىشىغا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئەدەبىي تەنقىدچىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ئەدەبىي تەنقىدچىنى شۇ ئەسەر ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەندۈرگە ئىگە قىلسا، ئەخلاق مىزانى ئەدەبىي تەنقىدچىنى تولۇق بولغان ئالىيجانابلىق چەمبىرىكى ئىچىدە سەممىي رەۋىشتە تەنقىد پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەنقىدچى ئەسەرنى تەنقىد قىلىش رولىنى ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە تۆھمەت قىلىش رولىنى ئويناپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئەسەر ئۈستىدىكى تەنقىدچى بىر پۈتۈن تەنقىد پائالىيىتى جەريانىدا شۇ ئەسەرنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشى بويىچىلا كېسىپ-ئۈلاش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ، خالاس. نەتىجىدە شۇ ئەسەر ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان تەنقىدىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى نابۇت بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

-ئەدەبىي تەنقىدتە ئەسەر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراش كېرەك؟

- ئەدەبىي تەنقىد ئىجادىيىتى جەريانىدا ئەدەبىي تەنقىد چوقۇمكى ئەسەردىن باشلىنىپ يەنە شۇ ئەسەردە ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا ئەدەبىي تەنقىد جەريانىغا ئەسەر ئاپتورىمۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە سۆرەپ كىرىپ قېلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچى ئەسەرنى ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسەر ئاپتورىنى تەنقىدلىمەكچى بولغاندەك، تېخىمۇ روشەنرەك دېگەندە، تەنقىدچى ئەسەر ئاپتورىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك غەيرى تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەنقىدچى بىلەن ئاپتور ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت چەمبىرىكىگە دەز كېتىپ، ئەدەبىي تەنقىدچى بىلەن ئەسەر ئاپتورى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش ئالامەتلىرى يۈز بېرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل غەيرى ھالەت بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نوقۇل ئاپتورنى دۇمبالاش ھادىسىسى ئىكەن، دېگەن تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا قاراش بولۇپ، ئەسەر ئۈستىدىكى تەنقىدنىڭ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئەسەردىن ھالقىپ، شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ قېلىشى نورمال ھادىسىدۇر. چۈنكى مەلۇم بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ تەنقىد ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوبيېكتى كۆرۈنۈشتە بىر پارچە ئەسەردەك قىلغىنى بىلەن ماھىيەتتە ئۇ شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىدىيەسىگە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەنقىد جەريانىدۇر. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزىنىڭ تەنقىدى ئاستىدىكى شۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويۇشلا بولماستىن ،بەلكى شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، تەپەككۇر قاتلىمى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ھالىتىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دېمەك، تەنقىد ئۈستىدىكى تەنقىدچىنىڭ بىردىنبىر نىشانى ئەسەر ئارقىلىق ئەسەر ئاپتورىنىڭ روھىيىتىنى پارچىلاپ تاشلاش بولغانلىقتىن تەنقىدنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەردىن ھالقىپ ئەسەر ئاپتورىغا يۈزلىنىشى بىز ئۈچۈن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت بولمىغان مۇقەررەر جەرياندۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەسەر شۇ ئەسەرنى روياپقا چىقارغۇچى ئاپتورنىڭ مەلۇم قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكى ئۈچۈن تەنقىدچى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغىنى ھامان ئەسەر بەلكى ئەسەر ئاپتورى بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نىشانى شۇ بىر پارچە ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىگە دىياگنوز قويۇش بولماستىن، بەلكى شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ بىر پۈتۈن قاراشلىرىغا تەسىر قىلىشتىن ئىبارەت.

- سىز شېئىر يېزىۋاتقان چاغدىكى غىرىبلىقىڭىزنى ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىش دەپ قارامسىز؟

ئۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى غېرىبلىق تەنھالىقنىڭ ئۆزى ئەمەس.

- سىزنىڭ يەنە نېمىلەرنى قوشۇمچە قىلغۇڭىز بار؟

بىز مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەنمىز، ھامان تۈرلۈك-تۈمەن تۇيغۇلارنىڭ قورشاۋىدا ھەرىكەت قىلغان بولىمىز. دېمەك بىزنىڭ روھىيىتىمىزدە تۇيغۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلا ئىكەن، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا قوبۇل قىلىش، يېڭىلىنىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا بىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىياتتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى ئەدەبىيات بىزنى پىكىر قىلىشقا، پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزلۈكنى، ئۆزلۈك ئارقىلىق ھەقىقەتنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئېھتىمال ئەدەبىيات سىز بىلەن بىزنى تەربىيەلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئەدەبىيات بىزگە تەسىر قىلىدۇ. ئېھتىمال ئەدەبىيات يەنە ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال بولمىغان تۈزۈلمىلىرىنى ئۆزگەرتەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن يەنە شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىڭكى، ئەدەبىيات ھامان بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

(ئاپتور «كروران» ژورنىلى تەھرىر بۆلمىدە)

# ئەدەبىيات-مۇھەببەت دېمەكتۇر



ئابدۇرەشىد مۇھەممەدئىمىن

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بۇيان ئىككى ئېغىز كۆڭۈل سۆزۈمنى ئېيتىپ بېقىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۇ ھەققىدە يۈزەكى باھالارغا ياكى فورماللاشقان نەزىرىيەۋى تەھلىللەرگە تازا كۆڭلۈم تارتمايتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئون يىللار مابەينىدە سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بار ژۇرناللارنى كۆرسەملا خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندەك خۇشاللىق بىلەن ئالدىراپ سېتىۋالاتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر مەستانە ئوقۇرمىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەققىدە دېمەكچى بولغانلىرىمنى قەلبىمنىڭ سىرتىدا قالغان «قېلىپ» بىلەن بايان قىلىشنى خالىمايتتىم. شۇنداق كۈنلەردە 18-نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇنىڭ «536-بېكەتتىكى قار ئاخشىمى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىگە شاھىد بولدۇم ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ ئىپتىخارلاندىم. ئۇنى قايتا- قايتا تەبرىكلەپ قوللىرىنى سىقتىم ۋە ئەڭ سەممىي ئوقۇرمەنلىك، قېرىنداشلىق ھېسسىياتىم بىلەن قۇچاقلىدىم.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ھەققىدە يەنە كۆپ ئويلاندىم. ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۈستىدە ئېيتقىنىمدەك قېلىپ بىلەن ئەمەس، قەلب بىلەن، مۇھەببەت بىلەن گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىغا ئورتاقلىشىش ھېسسىياتىمنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىمنى ئېيتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ كېلىۋاتقان «ئاخىرقى پۇرسەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى 10يىلدىن بۇيان قايتا - قايتا ۋاراقلاپ كەلگەنىدىم. ھېكايىلىرىنى ئاجايىپ ھەيرانلىق ۋە مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئوقۇپ چىقاتتىم. 18-نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىش مۇراسىمىدىكى نۇتۇقىدا ئۇ «مۇھەببەتلا بولىدىكەن بىزنىڭ دۇنيارىمىز يەنىمۇ گۈزەل بولىدۇ. مۇھەببەت دېمەك قىزغىن ھايات دېمەكتۇر!» (بۇ نۇتۇق شىنجاڭ يازغۇچىلار تورىدىمۇ بار) دېگەنىدى. بۇ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئەدەبىيات قارىشى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتقا جۈملىدىن بىر پۈتۈن ھاياتقا ئاجايىپ قىزغىن بىر مۇھەببەت بىلەن مەنا يۈكلەۋاتاتتى. دېمەك، ئۇ ھەققىدە توختىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىش كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ھەققىي قەلب سۆزلىرىمىزنى، قەلب سادالىرىمىزنى تېپىپ چىقالايتتۇق.

## كۆك بۆرىنىڭ ئارخىپى

ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئاۋازى بىلەن ھۆۋۈلاۋاتقان، شېئىرىيەت، نەسر، پىروزا قىرلىرىدا بىر-بىرىدىن جۇلالىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ بىزنى ھەيرەتكە سېلىۋاتقان كۆك بۆرە- ئەكبەر ئىمام 1970-يىلى 5-دەكابىردا بۆرتالا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا -باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيەسىنى بۆرتالادا ئالغاندىن كېيىن، 1991-يىلدىن 1993-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپىدە بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىغا كىرىپ كېلىشىنى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:«ئېنىق يادىمدىكى، تۇنجى شېئىرلىرىم مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنغان 1993 - يىللىرىلا ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك دۇنيانىڭ پوستىنى ئۈمۈرلۈك باغرىمغا باسقانلىقىمنى ھېس قىلغان ئىدىم. مەن ئۈچۈن جەلب قىلىش كۈچى

- يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىنمۇ زور بولغان بۇ سېھىرلىك دۇنيا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا مىسالى بىر ئالتۇن غار ئىدىكى، مەن بۇ ئالتۇن غار ئالدىدا 18 يىل گۈزەل چۆچەكلەردىكى ساماۋىيلاردەك ‹سىم سىم ئىشكىنى ئاچ› دەپ ئىشتىياق بىلەن نىدا قىلىپ كەلدىم»(نۇتۇقتىن.) شۇنداق، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 6-سانىدا ئېلان قىلغان «ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى»، «چىرايلىق تەقدىر»،«ئۆزۈمگە بېغىشلاپ» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن باشلانغان ئىدى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان بىز بىلىدىغان كۆك بۆرە ئۆزىنىڭ ھاياتىقا بولغان پاكىز، سەمىمىي مۇھەببىتى بىلەن ئەدەبىيات قەسرىدە ھۇۋلاۋاتقىلى 19 يىل بولدى. بۇيىللاردا ئۇ ئەدەبىيات قەسرىگە 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە-پوۋېستلىرىنى تەقدىم ئەتتى. 2000 -يىلى«ئاخىرقى پۇرسەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. «ئوتلۇق تىلەكلەر» ناملىق شېئىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى «يۈرەكسىز سۆيگۈ» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. 2007- يىلى «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى تەرىپىدىن تۆھپە مۇكاپاتىغا؛2011-يىلى مۇنەۋۋەر ئەدىب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2011 - يىلى «536 - بېكەتتىكى قار ناخشىسى» ناملىق ھېكايىسى18 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇ يەنە يېقىنقى يىللاردا يازغان «پەرىشتە ئانا»، «كۈلرەڭ قۇياش»، «پىشانىگە پۈتۈلگەن ئازاب»، «ئەزرائىلنىڭ سەھىرى» قاتارلىق سىنارىيەلىرى تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەندى.

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە بورتالا ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بورتالا شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كاتىپى.

## كۆك بۆرىنىڭ شېئىرىيەت قەسرى

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ ئەدەبىيات قەسرىدىكى قەدەملىرى بايا ئۈستىدە ئېيتىلغاندەك شېئىرىي پىچىرلاشلار بىلەن باشلانغان ئىدى. ياش شائىرنىڭ بۇ قەسىردىكى قەدەملىرى ئەمدىلا باشلانغان مەزگىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «گۇڭگا شېئىرىيەت» دەپ ئاتالغان يېڭىچە شېئىرىيەت ھەرىكىتى ناھايىتى كۈچلۈك زىلزىلە قوزغاۋاتقان، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر ناھايىتى قىزغىن بىر پەللىگە يەتكەن ۋاقىت بولۇپ، ياش شائىر ئۆزىنىڭ ياش قەلبى ئارقىلىق ھېس قىلغان دۇنيانى مانا شۇ«گۇڭگا شېئىرىيەت» نىڭ تەسىرىدە ئىپادە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى سىناق پىچىرلاشلىرىدىن بارغانسېرى دادىل، مەردانە ھۇۋلاشلىرىغا قەدەر بولغان بۇ 19 يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھېساپتا شېئىرىيەت تارىخى بولدى. ئۇنىڭ بۇ 19 يىلىنى مېنىڭچە مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

بىرىنچى باسقۇچ، ئۇنىڭ 1993-يىلىدىكى تۇنجى پىچىرلىشىدىن تاكى 2000-يىلغىچە بولغان دەسلەپكى باسقۇچى. بىز بۇ باسقۇچتىكى ئەكبەر ئىمامنىڭ شېئىرىيەت ئارخىپىنى ۋاراقلىساق، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا يېڭىچە شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ باسقۇچتا، كۆك بۆرە يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ ئە. ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پولات ھېۋىزۇللا، باتۇر روزى، پەرھات ئىلياس، ئادىل تۇنىياز قاتارلىق سەركىلىرىنىڭ ۋە ئۇلار تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مودېرنىزمچى داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن زور تەسىر ئالدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭىچە شېئىرىيەت ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆزىتىشىچە، يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ يېڭىلىقى، جۇلاسى بەكرەك ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى گۈزەللىكى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى گۈزەللىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچەپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى سىناقلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ باسقۇچتا يازغان«يىرىل تېشىم، يىرىل»،«مەن ۋە سەن»، «ئارمان» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.2000-يىلى نەشر قىلىنغان «ئاخىرقى پۇرسەت» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىمۇ مۇشۇ باسقۇچتىكى پىچىرلاشلىرىنىڭ جەمگاھى، ئابىدىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئارخىپىدا ساقلىنىپ قالدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، ئۇنىڭ 2000-يىللاردىن كېيىن تاكى 2010 -يىلغىچە بولغان پىشىپ يېتىلىش باسقۇچى بولۇپ، بىز كۆك بۆرىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئالدىنقى بىر باسقۇچقا قارىغاندا، خېلى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، كۆك بۆرىنىڭ دەسلەپكى تارتىنىپ پىچىرلاشلىرىدىن مەردانە ھۇۋلاشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنداق، 2000-يىلى تۇنجى توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىگە زور ئىلھام بولغان ئىدى. قەلەمكەشلەر ساھەسىدە كىتاب چىقىرىشنىڭ قىيىنلىقى ھەققىدىكى ۋايساشلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان شۇ يىللاردا تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئالدىراش خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن كۆك بۆرىگە تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلگەن چوڭ يېشىللىك پوسۇلكىلار ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ بۇ پوسۇلكىلاردىكىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى گۈلدەستىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئىتتىكلا پوسۇلكىنى ئاچقان قوللار پوسۇلكا ئىچىدىكى كىتابنى ئالغىنىدا يەڭگىل تىترىدى. قوللارلا ئەمەس، شېرىن خۇشاللىقتىن، ئىپتىخارلىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندا تىترەپ غەليان قىلاتتى. نەشرىياتتىكى مۇھەررىرلەر ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بەدئىيلىكىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دەرھاللا نەشر قىلىپ چىقارغانىدى. بۇنىڭدىن تېخى خەۋەرسىز يۈرگەن كۆك بۆرە ئاپتور ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئىسمى يېزىلغان يېشىل تاشلىق بۇ كىچىك كىتابچىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى.

ھاپىلا-شاپىلا پوسۇلكىنى قايتا ئوراپ كىرا قىلىپ ئۆيگە كىتابلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن كۆك بۆرە پۈتۈن پوسۇل-كىلارنى ئاچتى ۋە مېھمانخانا ئۆيگە يايدى. ئۇ بۇ شېرىن مېۋىسىگە ئوبدانراق قېنىۋېلىش ئۈچۈن شۇ پېتى ئۈچ كۈنگىچە كىتابلارنى يىغمىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى چۈشەنگەن ئايالى ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ سۆيۈملۈك شائىر ئېرىگە ئېپتىخارلىق بىلەن قارايتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ئىجادىيەتنىڭ نەقەدەر شېرىن ئىش ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. ئىجادىيەتكە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن چۆكتى.

يېڭى ئەسىر كىرىشنىڭ ئالدى-كەينىدە تالانتلىق يازغۇ-چىمىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدىن باشلىنىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇرۇپ پولات تەكلىماكانىي، يار مۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى قاتارلىق زىيالىيلار باشچىلىقىدىكى مىللىي كىملىك، ئۆزلۈك ئويلىنىشى مۇنازىرى-لىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن مىللىي ئاڭ ئويغىنىشى پۈتكۈل جەمئىيەتتە زىلزىلە قوزغىغان ئىدى. 2000-يىللاردىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭىچە شېئىرىيەت تالاش-تارتىشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە خۇلاسە-لىنىپ قالغان بولۇپ، شېئىرنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى، يېڭىچە شېئى-رىيەتنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ يولى ئۇنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىكەنلىكى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ كىملىك تامغىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرلەر ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە ئېتىراپقا ئېرىشكەن ئىدى. ئەدەبىيات قەسىرىگە مەپتۇنكارلارچە دىققەتتە يۈرگەن ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى دەڭسەپ كۆردى. قانداق قىلسا ئەدەبىيات سېپىدىن چۈشۈپ قالماي، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ سەپتىكى ئۆزگىچە ئىزىنى قالدۇرالايدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن شېئىرى-يەتنىڭ خەلقتىن، خەلق تۇرمۇشىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلى-قىدەك رېئاللىقى ئالدىدا شائىر شېئىردىكى ھەر بىر سۆزنىڭ بىر خىل مىللىي ئورامنى شېئىرغا ئېلىپ كىرىدىغان دېتال ئىكەنلىكىنى، شېئىرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتىن، ئىجتى-مائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلغاندا ناھايىتى ئۆلۈك ھېسسىيات تەسۋىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، شېئىردىكى مىللىيلىكنىڭ شائىر ئۆزلۈكىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شېئىرنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇڭا بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدا يەنىمۇ بەكرەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ئەتراپىدىكى رېئال ھاياتقا يۈزلىنىپ شەخسىي دۇنيادىن ھالقىشقا، مىللىي ھاياتىمىزنى شېئىرىي دۇنيا بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ بۇ مەردانە ھۆۋۈلاشلىرىدا بىر رېئال ئادەمنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي قىسمەت ۋە تەقدىر، مىللىي كىملىك ۋە ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئويلىنىشلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. شېئىر-لىرىدا سۆز تاللاشقا، سۆزلەرنىڭ مىللىي ئورامىغا ناھايىتى دىققەت قىلدى. شۇڭا بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدىن بىز ئۇنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدى-غان«دىنسىز تەڭرى»، «خىيانەتچى ئىلاھ»، «كونا ئىتقاد»، «خىيالچان ۋىناس»، «دات باسقان ئىتقاد»، «ئىھرام كەبى سۆيۈملۈك يۈرەك»، «كىرىستقا مىخلانغان ئەيسا»، «تەڭرى-نىڭ پەريادى»،«قاپقارا ئەخلاق»... دېگەندەك ئوقۇرمەنلە-رىمىز قەلبىگە يات، مىللىي مەدەنىيەت يىلتىزىمىزدىن يىراق، سوغۇق تۈيۈلىدىغان ھېسسى ئوبرازلارنى ئۇچراتمايمىز. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان « نان يېقىش »، «ئات سويۇش»، «يۇقىرى بېسىملىق چۈش»، «خوتەن قىغىزى»، «ئورما ئورۇش»،«ئەكبەر ئىمامنىڭ داچىسى» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇنىڭ دەلىلدۇر. بۇ شېئىرلاردا شائىر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكىنى تەنتەنە قىلغان. شۇنداقلا ئۆز تۈيغۇلىرىنى مىللىي كەچمىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ يېڭىچە بىر ئىجادىيەت پەللىسىنى ياراتقان.

ئۈچىنچى باسقۇچ، 2010-يىلدىن بۇيانقى ئىككى يىللىق ئىجادىيەت باسقۇچى بولۇپ، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە يەنە ئۆزىنى يېڭىلاشقا تىرىشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنىڭ يالغۇز شەكىلدىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ھەر بىر پەش، چېكىتى، ھەر بىر سۆز، ئىماگلىرىدا ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش دېتاللىرىنى بىۋاستىلا ئاددىي شېئىرىي بايانغا ئايلاندۇرۇشنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكنى ئۇنۇملۇك يارىتالايدىغانلىقىنى، مىللىي ھاياتى-مىزنى ھەقىقىي بەدىئىي گۈزەللىكتە ئىپادە قىلىش ئۈچۈن شائىر بولغۇچىنىڭ شېئىردىكى ھەر بىر پەش، چېكىت، ھەر بىر سۆز، ھېسسى ئوبرازغا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە، سەنئەتلىك تۈستە مۇناسىۋەتلىشىشىگە، ھەر بىر شائىرنىڭ شېئىرىي تىلى-نىڭ باشقا شائىرلاردىن پەرقلىق، سەنئەتلىك بولۇشىغا ئەھمى-يەت بېرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقلا، شائىر بولغۇچىنىڭ كۈنۈككەن تىل ئادەتلىرىنى يېڭىلاپ، ئانا تىلنىڭ يېڭىچە بىر جۇلاسىنى يارىتقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، شېئىرلىرىدا شەكىل، قۇرۇلما جەھەتتىكى دادىللىق بىلەن بىرگە شېئىردىكى تىل مۇناسىۋەتلىرىدە، ھېسسى ئوبرازلاردا يېڭىلىق يارىتىشقا، شېئىرنىڭ سەنئەتلىك تەرىپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە، تېخىمۇ ئۆزگىچە «ھۆۋۈلاپ» ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىشقا، يەنىمۇ جۇلالىق ئىزلارنى قالدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ھۆرمەت، ئەدەبىياتقا بولغان سەۋدايىلىق، ئوقۇرمەنلەرگە بولغان ئاشقى بىقارارلىق تۇيغۇسىدا سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل لىباستا زىننەتلىنىشىگە

قۇربىمنىڭ يېتىشچە ئۇرۇندۇم. چۈنكى ساھىبخان بولۇش
سۈپىتىمىز بىلەن خەلقتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغ مېھمانغا ئۆزد-
مىزنىڭ ئەڭ گۈزەل نېمەتلەرىمىزنى سۇنۇش بىزنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىشمىزنىڭ ئاساسى ئىدى»(نۇتۇقتىن)بۇ يەردە
ئۇنىڭ «گۈللەردەك يەلپۈنۈپ يىغلايمەن جېنىم»،
«دولقۇنلاپ ئاقىدۇ ئېچىلغان گۈللەر»، «كۆيۈۋاتقان
گۇناھ»، «ئەتىرگۈل باغچىسى»، «دادامنىڭ يەتتىنچى
ئوغلى»، «يېشىل بۇلۇتۇم»، «ئىشىق دەشتىدە بەش
كارۋان» قاتارلىق شېئىرلىرىدىكى قۇرۇلما گۈزەللىكى بىلەن
شېئىرىي مەنادىكى يۈكسەكلىكنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بىرلەشتۈ-
رۈلگەنلىكىنى سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ
ئۆتسەم، بۇ شېئىرلاردىكى ئۆزگىچە مەنالارنى ئىپادە قىلىۋات-
قان يېڭىلانغان ياكى يېپيېڭى ھېسسى ئوبرازلار، ھەر بىر
كۇپلېت، ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر سۆزگە يۈكلەنگەن مىللىي
ئورام، شەخسىي تۇيغۇلارغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن مىللىي تۇيغۇ
ۋە كەچمىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاۋاتقان، بىر گەۋدىلەشكەن
مۇكەممەل شېئىرىي قۇرۇلما، شۇنداقلا بۇ شېئىرىي قۇرۇلمى-
دىكى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇلغان شېئىرىي كەڭلىك بىزگە بۇ
شېئىرلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان.

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ بىر پۈتۈن شېئىرىيەت ئىجا-
دىيىتىنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش بىلەن بىرگە
ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىر قانچە
نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەڭ
ئالاھىدە بىر نۇقتا - ئۇنىڭ بىر پۈتۈن شېئىرلىرىدىن ئۇرغۇپ
تۇرغان كۈچلۈك مۇھەببەت. ھايات- مۇھەببەت دېمەكتۇر.
بىز ئۇنىڭ بىر پۈتۈن شېئىرىيەت ئارخىپىغا قارايدىغان
بولساق، ئۇنىڭ ھاياتقا، ئەتراپىدىكى ھەر بىر نەرسىگە، ھەر
بىر شەيئىگە نەقەدەر مۇھەببەتلىك بىر كۆزدە قاراۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلىمىز. مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسىدە
مۇھەببەت ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ. بىز شائىرنىڭ بىر پۈتۈن
شېئىر ئىجادىيىتىدىن ئەتراپىدىكى ھەر بىر شەيئىنى، كۆڭۈل-
دىكى ھايات ئەندىشىلىرىنى، ئاچچىق -تاتلىق تۇيغۇلىرىنى
ئاجايىپ مۇھەببەت بىلەن بايان قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلى-
مىز. شۇنداقلا شائىرنىڭ بىز ئۈستىدە تىلغا ئالغان« 18
-نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىش نۇتۇ-
قى»دىكى «مۇھەببەتلا بولىدىكەن بىزنىڭ دۇنيارىمىز يەنىمۇ
گۈزەل بولىدۇ. مۇھەببەت دېمەك قىزغىن ھايات دېمەكتۇر!»
دېگەن مۇنۇ قۇرلاردىنمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى مۇھەببەت نۇقتى-
سىدىن چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات قارىشىدا مۇھەببەتنىڭ
ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئىككىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى
ئىككىنچى بىر ئالاھىدە نۇقتا-ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزگى-
چە ھېسسى ئوبرازلار دۇنياسى. شېئىر شائىرنىڭ ھاياتتىكى
ھەر بىر شەيئىگە چۈشكەن نەزىرىنى، ھېس تۇيغۇسىنى
باشقىلارغا ئوخشىمىغان كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، كۆنۈك-
كەن تىل ئادەتلىرىنى يېڭىلاپ، يېڭىچە بىر سۆزلەر مۇناسى-
ۋىتى ئارقىلىق ئالاھىدە مەنا ۋە تۇيغۇ ئىپادىلەش رولىغا
ئىگە ھېسسى ئوبرازلارنى ھاسىل قىلىپ، شېئىرىي مەنا، شېئى-
رىي بوشلۇق، شېئىرىي كەيپىيات يارىتىش جەريانىنىڭ
مەھسۇلى. شېئىردىكى ھېسسى ئوبراز شېئىرنى شېئىر قىلىپ
تۇرىدىغان مۇھىم بەدىئىي ئامىللارنىڭ بىرى. ھەر قانداق
شائىرنىڭ بىر قاتار ئۆزىگە خاس ھېسسى ئوبرازلار دۇنياسى
بولىدۇ. بىز ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرىنىڭ بۇ19 يىللىق شېئىرىيەت
ئارخىپىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىنچىل ئۆزىنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلىتىش، ئۆزىگە خاس «ھۇۋلاش» ئۈچۈن تىرى-
شىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى باشقا
شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىۋاتقان مۇھىم
ئامىللارنىڭ بىرى دەل ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزگىچە
ھېسسى ئوبرازلار دۇنياسىدۇر. مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى
ئوقۇپ كېلىۋاتقىلى 10يىللاردىن ئېشىپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا
دائىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزگىچە ئىماگلاردىن ئالاھىدە
يېڭىلىق ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا سۆزلەرنىڭ
يېڭىچە بىر مۇناسىۋەتلىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ھېچكىم-
نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىماگلىرىدىن شېرىن زىلزىلىگە كېلى-
مەن. ئۇنىڭ قەلىمىدىكى «گۈلدەستە كۆتۈرگەن خىيال،
تەقدىر دېگەن ماركا، كۆك بۆرە، گۈزەل قىساس، ئوماق
جىنايەت، قوي كۆزلۈك كېسەل، سەھەرلەرنىڭ غېرىپ
غۇنچىسى، ئازاب گۈللىرى، تەن بەرگى، يۇمشاق قان،
سىمىز كېچە، توزىغان يۇلتۇز، ۋەتەننىڭ كۆلى ...» دېگەن-
دەك ئۆزگىچە كۆلۈپ تۇرغان ھېسسى ئوبرازلار بىزنى ئاشۇ
شېئىرلارنىڭ تومۇر تومۇرلىرىغا باشلاپ بېرىپ، بىزگە
ئالاھىدە ئىستېتىك تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. «يازغۇچىنىڭ ئەس-
ىرىدىن ئوقۇرمەنگە يېتىدىغىنى دەل يازغۇچىنىڭ ئەقىل-
پاراستى، ھېس-تۇيغۇسى قاتارلىق تۈرلۈك پسىخىك ئامىل-
لىرىدىن تەركىب تاپقان تەجرىبە سىناقلار دۇنياسى بولۇپ، بۇ
بىر گۈزەللىك سىنىقىدىن ئىبارەت»(رېنې. ۋېللېك en é
RWellek)، ئاۋستىن. ۋەررىن:(Austin Warren) «ئەدە-
بىيات نەزەرىيەسى»(ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1984-يىل
نەشرى؛ 202-بەت.) دەر ھەقىقەت، بىز شائىرنىڭ شېئىرلى-
رىدىكى توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرغان ھېسسى ئوبرازلار
دۇنياسى ئارقىلىق ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۈزلۈكسىز سىنىقىنى،
بۇ «گۈزەللىك سىنىقى»دىن بەرپا بولغان شېئىرىي دۇنياسىنى
تېخىمۇ كونكرېت چۈشىنىمىز.

ئۈچىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى
يەنە بىر ئالاھىدە نۇقتا -ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك
تەنھالىق تۇيغۇسىدۇر. شائىر ھامان رېئاللىققا گاھى ئاشكارا،
گاھى پىنھان قارشى چىققۇچىدۇر. ئۇ ئاددى كىشىلەر كۆرۈپ
تۇرغان رېئاللىقنى شۇ بويىچە كۆرۈشكە، شۇ بويىچىلا ئۆلۈك
بايانغا ئەكىرىشكە جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇنى
ئۆزگەرتىپ باشقىچە رەڭدە كۆرۈپ، باشقىچە يېڭى بىر تىل
مۇناسىۋەتلىرىدە سۆزلەيدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشىلەر

ئارىسىدا دائىم تەنھا قالغۇچىدۇر. مۇھەببەت بىلەن ھاياتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەنھا قالغان شائىرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا گۈزەل بىر تىراگېدىيە تولغان شېئىر مەيدانىغا كېلىدۇ. شېئىر ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتىن گاھى شىددەتلىك كەلكۈن كەبى يامرىسا، گاھىدا ياش كەبى سىرغىپ تۇرىدۇ. شائىر مانا شۇ ھاياتقا مۇھەببەتلىك تەتۈر قاراشلىرىدا ھامان تەنھا قالغۇچى. ئۇنىڭ تەنھالىقى گاھىدا بىر تال قىل، بىر تىنىق سىغمىغۇدەك دەرىجىدە شەخسىيلەشكەن بولسا، گاھىدا پۈتكۈل كائىنات، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەنھالىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەيلى شەخسىي دۇنياسىدىكى تەنھالىق بولسۇن ۋە ياكى كائىناتقا بويى سوزۇۋاتقان تەنھالىق ئىچىدە بولسۇن، شۇنداق بىر بۈيۈكلۈك باركى، ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ سۈزۈك قەلبى. ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ **19** يىللىق شېئىرىيەت تارىخى بىر ھېسابتا تەنھالىق تارىخىدۇر. سۆزىمىزنىڭ دەللىلى سۈپىتىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر قانچە مىسال كۆرۈپ باقايلى:

كىمنى كۈتتۈم بىلمەيمەن بىراق،
چېكىلمىدى پۈتۈن كۈن ئىشىك
يەر شارىدا يوقتەكلا ئادەم.
(«5-دېكابىر خاتىرىسى»، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» **1996**-يىللىق **4**-سان)

تونۇمايدۇ ئادەملەر مېنى،
تونۇمايدۇ ھەتتاكى دۇنيا،
تونۇمىغاندەك دىنسىز، تەڭرىنى.
(«ئۆزۈمگە بېغىشلاپ»، «ئاخىرقى پۇرسەت» **7**-بەت)

ئەكبەر ئىمام
رومانتىك مۇزىكا ھېچكىم چالمىغان،
بىر مىسرا لىرىكا ھېچكىم يازمىغان.
.................................
بىر بۈيۈك شەھەرنىڭ خارابىسىدۇر،
باھارنىڭ ئازابلىق خازان پەسلىدۇر،
تۈندىكى ساقىغان تەنھا يۇلتۇزدۇر،
بەختىنىڭ روھىدىن تۆكۈلگەن نۇردۇر.»
(«ئەكبەر ئىمامنى تونۇشتۇرۇش»، «ئاخىرقى پۇرسەت» **90**-بەت)

مەن بۇ ئادەمنىڭ ساقاللىرىدىن
«رېئاللىق بۇ ئادەمنى تاشلىۋەتكەن»
دېگەن خەتنى ئوقۇيتتىم.
(«دادامنىڭ يەتتىنچى ئوغلى»، «كروران» ژورنىلى **2011**-يىللىق **1**-سان)

يۇقىرىقى مىسرالارغا قارايدىغان بولساق، شائىرنىڭ تەنھالىق تۇيغۇسىنىڭ ئىنچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تەنھالىقنىڭ شېئىرغا ئالاھىدە كەيپىيات بېغىشلاپ، شېئىرنىڭ تىراگېدىك رېڭىنى قېنىقلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز ئۇنىڭ تۈرلۈك تېمىلاردىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھەر بىر شېئىردىن سىرغىپ تۇرغان تەنھالىقنى، غېرىپلىقنى ھېس قىلىمىز. بۇ شېئىرىي تەنھالىق ئۆز نۆۋىتىدە شېئىرنىڭ تىراگېدىك قاتلىمىنى تېخىمۇ كۈچلۈك كەيپىياتقا، چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ، شېئىرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان.

ئۈچىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدە نۇقتا-كۈچلۈك مىللىي تۇيغۇ ۋە تارىخىي ئەس. كۆك بۆرە ئۆزى تەۋە بولغان يېڭىچە شېئىرىيەت ئىزباسارلىرى ئىچىدە بىر قەدەر كۈچلۈك مىللىي ئاڭ ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ئىچىدە ياشايدىغان شائىر بولۇپ، بىز ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئارخىپىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بالقىپ تۇرغان كۈچلۈك مىللىي تۇيغۇنى، ئۆز قوۋمىنىڭ يىلتىزىغا تۇتاشقان تارىخىي ئەسنى بايقايمىز. مەن ئۇنىڭ تەخەللۇسى «كۆك بۆرە»نى دەسلەپ ئۇچراتقان چېغىمدىلا يىراق تارىختا ئۆزىنى باغلاۋاتقان شائىرنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. كېيىنكى پۇرسەتلەردە ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«مەن يىلتىزىمىزغا نەزەر سالسام، يىراقتىكى رىۋايەتكە ئايلانغان تارىخ ئىچىدە ‹كۆك بۆرە› بارغانسېرى ئەسلىرىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن بۇ نامىم كېيىنكىلەرگە ئاشۇ تارىخىي رىۋايەتنى ئەسلىتىپ تۇرسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئىنچىل ئۇنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىپ كەلدىم» دىدى. شۇنداق، بىز ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك مىللىي پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. يەنە بەزىدە ئۇنىڭ تەكرار ئۆزىنى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى سوراقلاۋاتقانلىقىنى، تۇرۇپلا ئۆزىگە شېئىرىي تەبىر بېرىۋاتقانلىقىنى، يەنە تۇرۇپلا ئائىلە شەجەرىسىگە ئۆزىدىكى شېئىرىي تۇيغۇلار بىلەن سۈركىلىۋاتقانلىقىنى، تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ كېسىشمىسىدە تۇرۇپ، ھاياتقا نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ تارىخىي ئەسنى ئۆزىگە مۇھىم دېتال قىلغانلىقى ياكى مۇشۇ خىلدىكى تارىخىي تېمىغا ياندىشىقانلىقى سۆزىمىزنىڭ دەللىلى بولالايدۇ.

بەشىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدە نۇقتا - شېئىرلىرىدىكى قۇرۇلما گۈزەللىكى. ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ، دەسلەپكى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن مەزگىل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمى تازا گۈللەنگەن بىر ۋاقىت بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ مەزگىلدىكى «شېئىردا ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئەركىن بولۇش، قۇرۇلمىدا قېلىپتىن چىقىش»دەك بەدىئىي سىناقلار ياش شائىرغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچىدىلا شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە خېلى ئۇزاق مەزگىل سىناق ئېلىپ باردى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ئەركىن، تەبىئىي، چاققان، مۇكەممەل بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ تەبىئىي،

چاقچان ئىكەنلىكىنى، قۇرۇلمىسىدا زورۇقۇشنىڭ يوقلۇقىنى، شېئىردىكى كەيپىياتقا يارىشا قۇرۇلما شەكىللەندۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئاشۇ چاقچان ھەجىملىك شېئىرلارغا چوڭ ھەجىملىك داستانلارنىڭ بەدىئىي خۇرۇچلىرىنىڭ يېتەرلىك سىغدۇرۇلغانلىقى، شۇنداقلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغانلىقى بىزنى ئالاھىدە سۆيۈندۈردۇ.

## كۆك بۆرىنىڭ پىروزا باغچىسى

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ ئەدەبىيات قەسىرىدىكى قەدەملىرى بارغانسېرى ئۇتۇقلۇق بولۇپ، ئۇ شېئىرىيەت قەسرى ۋە پىروزا باغچىسىدا تەڭلا تىرىشماقتا. ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى دەسلەپكى سىنىقى«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ **1996**ـيىللىق **15**ـئىيۇل سانىدىكى«قارلىق چوققا» ئەدەبىي بېتىدە ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىسى«ئىزدەش»تىن باشلانغان. پىروزا ئىجادىيىتىدىكى دەسلەپكى بىر مەزگىللىك سىناقتىن كېيىن، **2004**ـيىللاردىن باشلاپ ئاندىن داۋاملىق بىلەن خېلى مۇنەۋۋەر، ئېسىل ھېكايە، پوۋېستلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ«ئالتۇن كەشى يىتكەن قىز»، «پىسخىكىلىق بۆھران»، «**536**ـبېكەتتىكى قار ناخشىسى»، «قارا يەكشەنبە»، «ھالرەڭ قان» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور قىزىقىش قوزغاپ، ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولغان. پىروزا ۋە شېئىرىيەتتە تەڭ يېتىلگەن ئۇمىدلىك قەلەمكەشلەردىن بولۇپ قالغان.

ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىگە رەسمىي كىرىشكىنىگە تېخى بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا پىروزا ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتا يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇتۇق ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە توختىماي ئىزدەنگەنلىكى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشىمىغان يول تۇتۇشىدىن كەلگەن. مەن ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرىنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنى ئىنچىكە ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇپ كەلدىم. ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقى ئۇنىڭ بايان سەنئىتىدە دەپ قاراشقا بولىدۇ. پىروزا ئىجادىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يازغۇچىنىڭ ھېكايە سۆزلەش سەنئىتى بولۇپ، بىر پارچە پىروزا ئەسىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى ئالدى بىلەن يازغۇچىنىڭ ھېكايە سۆزلەش سەنئىتىگە باغلىق. ئەكبەر ئىمام پىروزا ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ«ھېكايە سۆزلەش»تە يېڭىچە يول تۇتۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگىچە بىر يېقىشلىق بايان سەنئىتى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يەنى ئەكبەر ئىمام پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان تىلى ئالاھىدە ھېسسىياتلىق، كەيپىياتقا تويۇنغان بولۇپ، يېپيېڭى بىر خىل نۇقتىلار بويىچە ھېكايە بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدە تاشقى مۇھىت تەسۋىرى بىلەن ئىچكى مۇھىت تەسۋىرى، دىئالوگ بىلەن مونولوگ، رېئاللىق بىلەن خىيال گىرەلەشتۈرۈلۈپ، كۈچلۈك كەيپىيات ھاسىل قىلىنغان. ئاپتورنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە «بىرىنچى شەخس» بايان ئۇسۇلى قوللانغان بولۇپ، «بىرىنچى شەخس چەكلىك بايان مەۋقەسى» تاللاپ ئىشلىتىلگەن. خۇددى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەتتۇرسۇن ئىلى مۇئەللىم:«بىرىنچى شەخس چەكلىك بايان مەۋقەسىدە پېرسوناژلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى، بىۋاستە سېزىملىرى، پىسخىك كەچۈرمىشلىرى، زامان، ماكاندىن ھالقىغان ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئەركىن باغلىما تەسەۋۋۇرلىرى قاتارلىقلارنى ئەركىن ئىپادىلەپ بەرگىلى ھەمدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتقىلى، ھەتتا ئوقۇرمەنلەرنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا باشلاپ كىرگىلى بولىدۇ. يالغۇز ئەسەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھېكايە بايان قىلىش ۋە ھېسسىيات- تۇيغۇ ئىپادىلەشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ»(مەتتۇرسۇن ئېلى:«ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىدا بايان مەۋقەسى»، «تارىم»ژۇرنىلى **2011**ـيىللىق **12**ـسان)دەپ ئېيتقىنىدەك ئۇنىڭ پىروزا يېزىقچىلىقىدىكى بۇ خىل تاللىشى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدە تەسىرچان، ئۇتۇقلۇق چىقىشىغا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، بىز ئۇنىڭ «كۆلرەڭ باياۋان» ناملىق ھېكايىسىگە قارايدىغان بولساق، ئەسەر «مەن»نىڭ ھېس-تۇيغۇ، ئوي-خىياللىرىغا باغلاپ قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتور ئىش-ۋەقەنىڭ ئۆزىنى يېزىشقا كۆچىمەستىن، بەلكى ئەسەردىكى«مەن»نىڭ ئوي - خىياللىرىنى، ئىچكى مونولوگلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى «مەن»نىڭ بىۋاستە ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. نەتىجىدە بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بايان تىلىنىڭ ھېسسىياتلىق، كەيپىياتقا تويۇنغان، تەسىرچان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

ئىككىنچى، ئەكبەر ئىمام پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ گۈزەل، يېقىشلىق، شېئىرىي تىلغا مايىللىقى. بىز يۇقىرىدا ئېيتقان پىروزىنىڭ بايان سەنئىتى ماھىيەت يېقىدىن ئېيتقاندا پىروزا ئىستىلىستىكىسىنىڭ ماكرولۇق ئاملى بولۇپ، تىل مەسىلىسى ئۇنىڭ مىكرو ئاملىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك. پىروزا تىل جەھەتتە نەسرىي تىلنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلغان بولۇپ، پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلى بىلەن شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت. پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلى دەل، ئېنىق، ئوچۇق، بىۋاستە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا سېلىشتۇرغاندا بەدىئىيلىك جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن شېئىرىي تىل فورمىسى ۋە پىروزا تىلى فورمىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، نۆۋەتتە بىر قىسىم ياش يازغۇچى - شائىرلار بۇ ئىككى خىل تىل فورمىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىپ يېڭىلىق يارىتىش

يولدا ئىزدەنمەكتە. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئـ
رىي تىلنىڭ نەسرىيلىشى ۋە پىروزا تىلىنىڭ شېئىرىيلىششى
يېڭىچە سىناق بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە ئىستېتىك
زوق بېغىشلىماقتا. ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ئىجادىيىتىدە
ئىزچىل سىناق ئېلىپ بېرىپ، شېئىرىي تىلنى پىروزا ئەسەرلەر
تىلىغا بىرلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئۈتۈقىنى قولغا كەلتۈردى.
ئۇنىڭ كۆپلىگەن پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلى پىروزىچىلىقىمىز-
دىكى ئومۇمىي تىل ئۇسلۇبىغا قارىغاندا خېلى ئۆزگىچە
بولۇپ، ئاددى تەسۋىر، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش ياكى
جانلاندۇرۇشتەك مىكرو تىل سەنئەتلىرىنى ئىشلىتىشتە شېئـ
رىي تىلغا كۆپ يېقىنلاشتۇرۇلغان. ھەتتا پىروزا تىلىغا شېئىرىي
ئەسەرلەرگە خاس بولغان ھېسسى ئوبرازلارنى دادىللىق بىلەن
قوللىنىپ ئۆزگىچە ئۇنۇم ياراتقان. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئالتۇن
كەشى يۈتكەن قىز»، «ھالرەڭ قان» ناملىق ھېكايىلىرى
ۋە«پىسخىكىلىق بۆھران» ناملىق پوۋېستىدە تەسۋىرلەرنىڭ
شۇ قەدەر ئۆزگىچە ۋە شېئىرىيلىقى ئوقۇرمەننى ئالاھىدە
ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

«سەن 20-ئەسىردىكى ئالتۇن كەشى يىتكەن قىز. ياق،
سەن مېنىڭ قەلبىمدىكى ئالتۇن كەشى يۈتكەن قىز....

... بىز پات - پات يوللاردا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالـ
مىز. بۇ سېنىڭ قارىشىڭ! ئەمەلىيەتتە مەن مەقسەتلىك ھالدا
سېنىڭ مېڭىش مۇمكىنچىلىكىڭ بار بولغان يوللاردا شەيتانـ
دەك ئەگىپ يۈرىمەن...»(«ئالتۇن كەشى يۈتكەن قىز»،
«تارىم» ژۇرنىلى **2004**-يىللىق **7**-سان)

«... ئەينەك بەدەنلىك ئايال، گۆش بەدەنلىك رومكا...
... شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئەتىر چېچىپ قويۇلغان ھاۋادەك
يېقىملىق ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدىن ئۆچتى.»(«ھالرەڭ قان»،
«تارىم» ژۇرنىلى **2006**-يىللىق **9**-سان)

«... مەن سەن ھەققىدىكى خىيال بوستانلىقلىرىمدا ناھا-
يىتى ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت يەككە -يېگانە ھالدا
ئايلاندىم. ئاخىر قەدەملىرىم تالدى، يوللىرىم ئۈزۈلدى،
ھايات ياپراقلىرىم پىلدىرلاپ تۆكۈلدى. يۇلتۇزلار ھەر
ئاخشىمى چاقناپ تۇرغىنى بىلەن سۈترەڭ نۇرلىرى مۇزلاپ
كەتتى. گۈللەر ھەر سەھەر ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېچىلغىنى
بىلەن قىپقىزىل رەڭلىرىدە خۇش ھېد قالمىدى....»
(«پىسخىكىلىق بۆھران»، «تارىم» ژۇرنىلى **2010**-يىللىق
**1**-سان)

يۇقىرىقى ئۈزۈندە قۇرلارغا قارايدىغان بولساق، ئەسەر-
دە ئاپتور ئوقۇرمەنلەر ئويلاپ باقمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ
تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىپ، ئاددى تۇرمۇش دېتاللىرىنى
ئوقۇرمەن كۆنۈككەن كونا تىل ئادىتى بويىچە بايان قىلماس-
تىن، بەلكى يېپيېڭى ئوخشىتىش، تەسۋىرلەر بىلەن جەلىپ
قىلارلىق ئىپادىلىگەن. بۇ خىل ئۆزگىچە تىل سەنئىتى ئۇنىڭ
بارلىق پىروزا ئەسەرلىرىدە مۇۋاپىق يوسۇندا قوللىنىلغان
بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئۇتۇقلۇق
چىقىشىدا تىگىشلىك مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۈچىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە پىروزا ئەسەرلىرىدىكى
پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ نازۇكلىقى ۋە سەنئەتلىكلىكى.
پىروزا ئەسەرلىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئۇنىڭدىكى
خاراكتېرلىرى خىلمۇ-خىل پېرسۇناژلاردۇر. پىروزا ئەسەرلـ
رىدە ئەمەلىيەتتە ۋەقەلىك پېرسوناژلارنىڭ تۈرلۈك ئىچكى -
تاشقى زىددىيىتى ئىچىدە قانات يايدۇرىلىدىغان بولۇپ،
ئاپتورنىڭ ئىددىيەۋىي خاھىشى، ئوي -خىيالى، ئىستېتىك
قارىشى كۆپىنچە ھاللاردا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە
يۈكلەنگەن بولىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چىن، جانلىق
بولىشى پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشىنى بەلگىلەيـ
دىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدە
ئومۇمەن شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ تەسىرىدە
ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراۋاتقان زىيا-
لىيلارنىڭ ئوبرازى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، پېرسوناژلار
خاراكتېرى ئالاھىدە نازۇك، شۇنداقلا سەنئەتلىك يارىتىلغان.
بىز ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پىروزا ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ
ئومۇمەن زىيالىيلار ئىكەنلىكىنى بايقاش بىلەن بىرلىكتە
ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ زىيادە نازۇك، ھېسسىياتچان،
شائىرانە تۇيغۇغا باي، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بەكرەك
يۈزلەنگەن، سەنئەتكارغا خاس سەنئەتلىك خىياللاردا ياشايدى-
غانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ بارلىق پىروزا ئەسەرلىرىدىكى
مەيلى نورمال پېرسوناژلار بولسۇن، ياكى بىنورمال پېرسو-
ناژلار بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك ئالاھىدە نازۇك بولۇپ،
ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە خاراكتېرى ئۇلارنىڭ مەسىلـ
لەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى، ئوي -خىياللىرى، مونولوگى،
باشقىلار بىلەن قىلىۋاتقان دىئالوگى ئارقىلىق بىر خىل
ئۆزگىچە سەنئەتلىك تۈستە يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ خىل
نازۇكلۇق ۋە سەنئەتلىك بولۇش ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ
بەدىئىيلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان
بولۇپ، ئۇنىڭ «ئالتۇن كەشى يىتكەن قىز»، «ھالرەڭ
قان»، «ئىشق جىلغىسى»، «قوشنامنىڭ قىزى»، «دېكابىرغا
قايتىش»، «قاراڭغۇدىكى ئادەم»، «كۆلرەڭ
باياۋان»،«**536**-بېكەتتىكى قار ناخشىسى» قاتارلىق ھېكايە-
لىرىنىڭ ھەممىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىن بۇ خىل
نازۇكلۇقنى، سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۆتىنچى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ
تېمىسىنىڭ ئومۇمەن دېگۈدەك جەمئىيەتتىكى روھىي كرىزىس-
قا، پىسخىكىلىق بۆھرانغا بېغىشلانغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەكس
ئەتتۈرۈلۋاتقان ئاساسلىق زىددىيەت ئادەملەرنىڭ روھىي
دۇنياسىدىكى ئېچىرقاش بولۇپ، شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىيـ
لىشىشنىڭ تەسىرىدىكى قىممەت قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە
كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي قىممەت قاراش بىلەن يېڭىچە قىممەت
قاراش ئالدىدىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى، بۇ خىل
پىسخىك بىنورماللىقتىن كېلىپ چىققان ياۋۇزلۇق، قوپاللىق،
رەھىمسىزلىك، پەسكەشلىكنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتە كەلتۈرۈپ
چىقىرىۋاتقان قان - ياشلىق ئاچچىق تىراگىدىيەسى بىر پۈتۈن

ئىجادىيەتتە ئاساسلىق تېما قىلىنغان. ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىـ
رىدە ئىش ـ ۋەقەلەردىن بەكرەك پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى
زىددىيەتلىك ھالەتلەر، پسىخىك بۆھران ئاساسلىق ئورۇنـدا
بولۇپ، ئاپتور ئىزچىل ھالدا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياـ
سىدىكى ئېچىرقاشقا ئالاھىدە دىققىتىنى بەرگەن. شۇ ئارقىلىق
ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز ھەتتا
ئۇنىڭ بەزى پىروزا ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ
ئىسمىنىڭمۇ پەقەت بىر ـ ئىككىلا يەردە ياندىشىپ پېرسوناژلار
ئېغىزىدىن تىلغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ رېئال پائالىيەـ
تىدىن روھىي پائالىيىتىنىڭ كۆپ بولىۋاتقانلىقىنى، رېئال
مەسىلىلەردىن كۆرە پسىخىك مەسىلىلەرنىڭ بەكرەك مۇنازىرە
قىلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل پسىخىكلىق كىرزىسنىڭ
باش تېما قىلىنىشى ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدە
تىراگىدىك گۈزەللىكىنى، تىراگىدىك قىممىتىنى ياراتقان
بولۇپ، كۈچلۈك بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىنـ
غان.

ئومۇمەن، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە پىروزا ئىجادىيىتىدە
يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە يول تۇتقان بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچەـ
لىكلەر ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئۇتۇقىنى بەلگىلىگەن.
ئەلۋەتتە، بۇ يەردە نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش
كېرەككى، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا زىيالىيلار تۇرمۇشىغا، جۈملىدىن ئىزچىل
جەمئىيىتىمىزدىكى پسىخىكلىق بۆھراندىن ئىبارەت بىر خىل
ئىجتىمائىي زىددىيەتكە بېغىشلىنىشى، ئەسەرلىرىدىكى پېرسوـ
ناژلارنىڭ ئاساسلىق زىيالىيلارغىلا يۈزلىنىپ قېلىشى،
خاراكتېرىنىڭ ئىزچىل زىيادە نازۇكلۇقى بىزنى ئويغا سالىدۇ.
بىز ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ
سەھنىسىنى، خىلمۇ ـ خىل ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋىـ
تىنى، كىشىلىك ھاياتتىكى جەڭگىۋار، قايناق كۆرەشنى
كەمرەك ئۇچرىتىمىز. خاراكتېرلاردىكى، بولۇپمۇ ئەرلەر
ئوبرازىدىكى زىيادە نازۇكلۇق بىزگە مەردۇ ـ مەردانە،
ئوچۇق ـ يورۇق، قورقماس، مەسئۇلىيەتچان، قوپال، ئەمما
سۆيۈملۈك، ساددا، ئەمما تەدبىرلىك، ئەنئەنىۋى قىممەت
قاراشلىرىدىن، ياشاش ئۇسۇللىرىدىن ۋاز كەچمىگەن
يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاددى ئاۋامنى سېغىندۇرىدۇ. بۇ بىزگە
يەنە مەلۇم نۇقتىدا ئاپتورنىڭ تېما تاللاشتىكى تار دائىرىـ
لىكى، ئوبرازلارنى يارىتىشتا بىر خىللىقا يۈزلىنىپ قېلىشىدىن
بىشارەت بېرىدۇ. دېمەك، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە گەرچە بۇ
مەنزىلگە قەدەر خېلى ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
ئالدىدا تېخى ناھايىتى بىپايان ھايات رېئاللىقى سوزۇلۇپ
ياتماقتا. مەن ئۇنىڭ پىروزا باغچىسىنىڭ تېخىمۇ رەڭدار،
تېخىمۇ خۇشپۇراق، تېخىمۇ جەزىبىلىك بولۇشىنى چىن دىلىمـ
دىن ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى
ھەققىدىكى بايان، تەھلىلىرىمنى مۇشۇ يەردە توختىتىمەن.

بۇ يەردە قوشۇمچە قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئەكبەر ئىمام
كۆك بۆرە شېئىرىيەت ۋە پىروزا ئىجادىيىتىن باشقا يەنە ئاز
بىر تۈركۈم نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەكبەر
ئىمام كۆك بۆرىنىڭ نەسر ئىجادىيىتىدىكى سىناقلىرى گەرچە
سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، خېلى يۇقىرى بولغان بەدىئىي
قىممىتى بىلەن قىممەتلىك. **1990**ـيىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا
ئۇنىڭ «ئالدانما گۈلۈم»، «ئانامغا مەكتۇپ»، «بازار»،
«ھىجران باياۋىنى»، «مېۋە قېقىش»، «روھىمدىكى
مارجانلار»، «تەنھالىق باياۋىنى» قاتارلىق بىر قاتار نەسرـ
لىرى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»،«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىـ
تى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. بۇ نەسرلەردە
ئاپتور سىمۋوللارغا تويۇنغان لىرىك بايان ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
شەخسىي كەچۈرمىشى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى مىللىي ۋە كىشىـ
لىك ھاياتقا تەققاسلاپ ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەتتە ئىپادىـ
لىگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرى بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ شېئىرى
ئىجادىيىتىگە تېما ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن ياندىشىقان
بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىگە كىرىـ
شىشىنىڭ دەسلەپكى سىنىقى بولۇپ قالغان. بىز ئۇنىڭ پىروزا
ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ پىروزا تىلىنىڭ
ناھايىتى كۈچلۈك لىرىك نەسرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس
قىلىمىز. گەرچە ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە كېيىنچە نەسر ئىجاـ
دىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرمىغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ
پىروزا ئەسەرلىرىدىن يەنىلا ئۇنىڭدىن بالقىپ تۇرىۋاتقان
نادىر نەسرچىلىكىنىڭ ئىپادىسىنى بايقايمىز.

شۇنداق، ئەكبەر ئىمام كۆك بۆرە ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتقا
بولغان ئىشقى مۇھەببەت كوچىسىدا ئۆزىنىڭ ئۆلگىلىك ئىزلىـ
رىنى قالدۇرۇشقا، توپتوغرا **19** يىل ئۆز ئاۋازىدا ھۆۋلاشقا
تىرىشتى. ئەدەبىياتقا، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە دائىم ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ مۇھەببەت دائىم
ئۇنىڭ ئەدەبىيات قارىشىدا يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئىجادىيەتتىكى سالماق، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىللىق بىلەن
ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ بىزگە «مۇھەببەتلا بولىـ
دىكەن بىزنىڭ دۇنيارىمىز يەنىمۇ گۈزەل بولىدۇ. مۇھەببەت
دېمەك قىزغىن ھايات دېمەكتۇر!» دېگەن بىر ھەقىقەتنى
ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىجتىھاتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ
بەردى. كۆك بۆرىنىڭ مۇھەببەتلىك ھۆۋلاشلىرى ئەدەبىيات
قەسرىمىزدە، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ
تەسىرلىك بىر سادانى پەيدا قىلدى. مەن ماقالەمنى يەنىلا
ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان جاكاسى، مۇھەببەتلىك تىلىكى ئارقىـ
لىق ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم:

«ئىشىنىمەنكى، مەنزىلنى مەنزىلگە كۈچ ئۇلاپ تۇتاشـ
تۇرغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن غارنىڭ
ئالدىدىكى نىدا ـ خىتابلىرى بۇ ئالتۇن غارنىڭ يۈزىنى
نۇسرەت بىلەن ئاچقۇسى ۋە بىزنى تېخىمۇ گۈزەل چېمەـ
نىستانلاردا جەم قىلغۇسدۇر!»

(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە سودا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى)




## ئۆزىنى سۆيۈش

چاچلىرىمنى سىغىنماس شامال،
چىقماس بەلكىم بۇ كېچە شامال .
مەن ياشايمەن ئەتىمۇ يەنە،
قىسمىتىمگە ئىزدىگەچ ئامال.

قار ياغمىدى چېچەككە ئوخشاش،
ۋەھىم سېلىپ تەنھا رومكىغا .
ئېسەدەيدۇ سۆيۈملۈك باتناش،
مەيلىمكىن كۆلسەم زورىغا؟

شۇنچە سىرلىق كۆڭۈلنىڭ رايى،
تەڭلىمەيدۇ دوستلىرىم خەنجەر.
يا بولمايدۇ دىلبىرىم ساقىي،
ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ ئەنبەر .

سىزىپ چىقتىم تاملارغا ئازاب،
يادىكارنى ئاتتىم تالاغا.
يالغۇز قالدىم ئەينەككە قاراپ،
تەشنا بولۇپ سۆلھى-سالاغا .

مەن يۇرمەيمەن كۆزۈمنى ياشلاپ،
شاماللارغا مەيلىم يوق ئەمدى.
دىلبەر كەتسۇن ئازابنى تاشلاپ،
سىرداش رومكام سۆيمەكتە مېنى.

گۈللەر دەيدۇ: سەندە يوق يارا،
كۆزلىرىڭدە گۈلنىڭ ئەكسى يوق.
تىكەن دەيدۇ: قولۇڭغا قارا،
ئاتا قىلار قانلا ساڭا زوق.

مەن سۆكۈتتە كەيپىمنى سورۇپ،
تىترەپ باقتىم ياپراق تۇرقىدا.
ئۆتمۈشۈمنى رومكامدىن سوزۇپ،
تېتىپ باقتىم ئاشىق خۇلقىدا.

كۆكلىگۈم يوق يەنە بىر قېتىم،
تۆككۈم يوقتۇر يۈرەك سۆزۈمنى.
ئۆز ئۆزۈمگە ئاياندۇر سىرىم،
بۈگۈن ئاخىر سۆيدۈم ئۆزۈمنى .

## قۇتلۇق كۈنۈڭ

دىلبەر، بۈگۈن ئىچتىم مەن شاراب،
خىيالىمدا كۈلدۈرۈپ سېنى .
سەن تۇرسەن رومكامدا نازلاپ،
نەچچە قېتىم ئىچسەممۇ سېنى .

قۇتلۇقلىدىم قۇتلۇق كۈنۈڭنى،
رومكىلارغا ھەمراھ بوپ شۇنداق .
ياندۇرمىدىم نۇرلۇق شاملارنى ،
تەنھالىقتا مەن شۇنداق ئامراق .

سوۋغا بەرسەم ئالامتىڭ كۈلۈپ،
نازلاندۇرۇپ زىلۋا بويۇڭنى .
يا سوۋغامنى ئورۇنسىز كۆرۈپ،
كېتەتتىڭمۇ سىلكىپ قولۇڭنى .

بەلكىم بۇ چاغ بولغانسەن ئۇخلاپ ،
ھەمراھ قىلىپ ياتنى چۈشۈڭگە .
لېكىن مەنچۇ، خىلۋەتنى يوقلاپ ،
قايتالمىدىم تېخى ئۆيۈمگە .

## بۇلاق سىرى

مەن بۇلاقنى بۇلاق ئاتىدىم ،
شۇ بۇلاقتا كىمنى ساقلىدىم؟

مەن ئوخشايتتىم تەنتەك خىيالغا
تەم كىرمەستە سۆزۈك يېشىمغا
ئاقتى بەلكىم ياشلار بۇلاققا .
چۈشىنىدۇ بۇلاقلار مېنى
(چۈشەنگەندەك مەنمۇ ھەم ئۇنى)
چۈشەنمەيسەن ۋە لېكىن مېنى.

غىچىرلايدۇ ئەپكەش ياغىچى
يىراقتىكى دەردمەن سەھرادا .
ئەللەي بولۇپ بۇلاق نىداسى
كىم ئۇ ... ؟
ئۇخلاپ قالغان بۇلاق بويىدا،
لەززەت بېرەر كۆتۈشمۇ بۇ دەم.

ھاياجاندىن تىترىدى ئالەم ،
ئالەم دېگەن شۇ يەردە بۇدەم .
بۇلاق كۈلەر تەمكىن ۋىلىقلاپ ،
ئۇنتۇلدۇردى ئالەمنى ئالەم .

ئالەم كەتتى ئالەمدىن يىراق،
ئىشىك بېشىغا ئېسىلدى پىراق .
تاڭ ساھەردە مەكتەپكە ماڭدى ،
تېخى ئاخشام ئىگىرىغان بوۋاق .

بۇلاق بەلكىم تىلسىز بىر شاھىد
كېچە كۆرگەن ئۈنتۈلغان بىر چۈش
ئەسلىمىنىڭ تۈنجى بېتى ئۇ .
بۇلاق شۇنداق سۆيگۈچان تارىخ .

## قار سېغىنىش

قار سېغىنسام يار سېغىنغاندەك،
قارمۇ ياغدى ياردەك بىر كېچە.
ئۆزۈم قاردەك، ئىزىم ئۆزۈمدەك،
تەنھا قالدىم قاردەك شۇ كېچە.

قار ياغدىمۇ مەندەك ئۇ يەردە؟
چۈشلىرىڭگە كىردىمۇ قاردەك؟
قار چۈشسەڭ مەندەك ئەگەردە،
ئېسەدەمسەن قاردەكلا مەندەك؟

قاردەك يۈرسەم سەندەك ئايدىڭدا،
قار ئىزىمدىن ئۈنەر مىڭ خىيال.
قارلار سەندەك كەلسەڭ يادىمغا،
قاردەك ئىزلەپ بولىمەن مالال.

سەن تىلەمسەن مەندەكلا قارنى؟
مەن تۇرغان بۇ شەھەردىكىدەك.
مەن تىلەيمەن سەندەكلا قارنى،
سەن تۇرغان ئۇ شەھەردىكىدەك.

يېغىپ قالسا مەندەكلا شۇ قار،
سەنمۇ قاردەك بولامسەن مالال؟
قارغا تىزسام ئىسمىڭنى تەكرار،
تۇرقۇڭ كۆكتە بولامدۇ ھىلال؟

* * *

قار سېغىنسا مەن سېغىنغاندەك،
قار يېغىپتۇ مەندەك بىر كېچە.
يارىم قاردەك، ئىزى ئۆزىدەك،
تەنھا قاپتۇ قاردەك شۇ كېچە.

## ھالقىش

كۆز ياشلىرىم
ئەقىدەمنى يۇماقتا بۈگۈن .
ئارمانلىرىم
كۆتۈشمەكتە ئەسەبىي كۈلگۈن .
مانا بۇ مەن
رومكىلارنى سۆيمەكتە بۇ كۈن .
مەن ئەمەس زاھىد
تۇيغۇم ئارا بەزمە تۈزۈشكە .
كىم دەيدۇ ؟
مەيلى يوق دەپ مېنى كۈلۈشكە،
دۇنيا بۈگۈن تەڭكەش كۈيۈمگە.
زورلاشلار يوق
زورلىنىشلارمۇ،
خۇمارىم بار كەيپ يۈرۈشكە،
مەن ئەسلىدىن ئاشىق ئۆزۈمگە .

ئۇ كۈلدۇ،
سەن كۈلسەن،
مەن كۈلمەن تەئەججۈپ ئارا،
ناتونۇش بىلەر
قەلبىم مېنىڭ قانچىلىك يارا،
مەن كۈتكىنىم ئەسلى بىر ھازا .

تونۇمايسەن بەلكىم سەن مېنى،
كۆرگۈسى يوق ئۆزىڭمۇ مېنى،
گوللاپ يۈرەي ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
بىر كۈن ساقلىسام
توپىلارغا توشقۇسى كۆزۈم.
(ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

## كۈن مارجىنى

ئابدۇللا غاپپار

ئاي تىزدۇق كۈنلەردىن، ئايدىن تولدى يىل،
كۆز قىلدۇق كۈن، ئاينى، ئىشقنى رىشتە.
ئىماندىن نۇر بەردۇق، ئىنساپتىن رەڭ، بىل،
بۇ قەدەر ئۈز مارجان بارمۇ پەرىشتە؟!

زىبالىق تاڭلارغا ئۇلاشتى كەڭلىك،
ئىشقىمىز يانغاچقا يۈرەكتە گۈر-گۈر.
پايانىم بەرگىگە سۈرتۈلدى ئەڭلىك،
تىلدىن بال، دىلدىن دۇر تۆكۈلگەچ دۇر-دۇر.

سەن مەنىڭ ئارىسى بولغاچقا تەڭلىك،
ئازابلار دەرد تارتتى، مۇڭلار يىدى غەم.
ھەرنىمىز تۇتىيا، ھەرنە قۇت رەڭلىك،
ئامانلىق، شادلىق ھەم سۆيگۈ مۇجەسسەم.

تىلەكلەر سۈتتىن پاك، ئارمانلار ئۇلۇغ،
دۇئالار سىز، بىزنى كۆكلەتكەن تۇپراق.
نىيەتلەر نۇردىن ئاق، چىداملار تولۇق،
بەردەملىك يوللارغا يېقىلغان چىراغ.

تۆزمەيىن ئەگرىگە، تۈزدىن تانمىدۇق،
تاشلىشىپ كەڭ غۇلاچ ۋاپا بەھرىگە.
مۇھەببەت شارابىن ئىچىپ قانمىدۇق،
يېڭىشلەر بىنىپسى جاپا قەھرىگە.

ئاي تىزدۇق كۈنلەردىن، ئايدىن تولدى يىل،
ئاسمانلار تانۇقتۇر كەچمىشمىزگە.
ئامراق بىز، ئىناق بىز، شۇ قەدەر ئىجىل،
يەڭ تۈرۈڭ نىشانغا يەتمىكىمىزگە.
كېلەچەك قۇۋۇقى يول بەرگىن، ئېچىل!

باغرىڭغا رەڭدار گۈل چەكمىكىڭىزگە...

## نىمجاندۇرمەن يوقۇڭدا

تۈگمەن باردۇر يالغۇزلۇق دەپ، سېنى يوق،
مېنى يەنجىپ قىلۇر كېپەك، قىلۇر ئۈن.
ساقچىسى بار غېرىبلىق دەپ، مىسلى ئوق،
ئۆيدە، سىرتتا مەن باغلاقسىز بىر تۇتقۇن.

يۇتتۇەتكۈم كەلدى تىرىك مۇشۈكنى،
قۇتىرىغاچقا تۈمەن چاشقان ئىچىمدە.
يامىيالماي ئۇيقۇ بىر جۇپ تۆشۈكنى،
قۇرۇپ كەتتى نەسلى شادلىق بېتىمدە.

سەن بىلەندۇر، سەن بىلەندۇر ئەس-يادىم،
پىژ-پىژ ياندى، كۆيدى يۈرەك ئوتۇڭدا.
ساڭا يەتكەي يا يەتمىگەي ئاھ-دادىم،
سۇسىز بېلىق - نىمجاندۇرمەن يوقۇڭدا.

كەل نىگارىم، يېنىپ كەلگىن يېنىمغا،
سەنسىز شادلىق شامىم ئۆچۈپ قالاركەن.
كەل قۇياشىم، جان ئۆلگىن جېنىمغا،
كۈن-تۈن لالما سقىنتىلار تالاركەن.

## تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تۇغۇلدۇم قايتا

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تۇغۇلدۇم قايتا،
جاھانغا يېڭىدىن تاشلىدىم نەزەر.
كۈلمىگىن، بەس، يېتەر بىرلا بېقىشىڭ،
ئەپ قاچتى كۆڭلۈمنى ئوغۇرلاپ، نەتەي.

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تۇغۇلدۇم قايتا،
بوۋاقتەك ھاڭۇېقىپ تۇردۇم بىر مەھەل.
كۆزلىرىڭ يۈرەككە سانجىدى نەشتەر،
ئاھ گۈزەل بۇ ئازاب، شۇنچىلىك گۈزەل.

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تۇغۇلدۇم قايتا،
يارالدى دۇنيامۇ سۆيگۈگە تولۇپ.
سەن كېلىپ قەلبىمدە ياراتتىڭ باھار،
كەتمىگىن، چېچەكلەر كەتمىسۇن سولۇپ.

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە ئۇچراتتىم سېنى،
بىل، تۇنجى سۆيگۈممۇ تۇغۇلدى شۇ كۈن.
ئاخشامۇ ئويغىنىپ كەتتىڭمۇ چۆچۈپ؟
بىل، سۆيگۈم يىغلىدى ئىسسەدەپ بىر تۈن.

## ۋەسلىڭ كۈشەندە

ۋەسلىڭ دەردۇ-ئەلەممگە كۈشەندە،
سويۇلدۇ تەندىن ئازاب قات-قاتلاپ.
سەن بىلەندۇر بەھىش ماڭا بەخشەندە،
كۆلەر تەندە ھەر ھۇجەيرەم قاھقاھلاپ.

قايىم بولدى سەن بىلەنلا تۇگايىنىم،
سەن ئەمەسمۇ مېنى زاردىن زەر قىلغان.
ئەنبەرىستان ۋەتەن بولدى پايانىم --
ئەكتىڭ قۇتىنى ھەر ئۆلكىگە ئارمىغان.

نېسۋەم يوق ئەمدى غېرىب دەملەردىن،
چاندى، تاندى، ئۇزاقلاشتى غۇسسىلەر.
يىراقتۇرمەن ئەمدى ئەمچى، ئەملەردىن،
ئىزىمىزدىن ئۈنەر گۈللەر، غۇنچىلەر.

كۆلەر تەندە ھەر ھۈجەيرەم قاھقاھلاپ،
دىۋەيلىگەچ ئىچ-ئىچىمدىن بىر شادلىق.
مېۋىلىدى ئارمانلىرىم شاخ-شاخلاپ،
ئىشىق - يىلتىز، ئىشەنچ - غولدۇر، جان - پاكلىق.

## ئانامغا سوۋغىتىم

قۇياشتىن كۈللىيات ئالدۇ يورۇق،
قۇياشنى كىم تۇغقان، بىلمەيدۇ جاھان.
جان ئانا، بارلىقىم ساڭا تەسەددۇق،
تەڭرىمىز سېنىڭدىن مېنى ياراتقان...

تېنىمنى سەن بەرگەن، قېنىممۇ سەندىن،
زەرىردىن زور قىلدىڭ، زەبەردەست قىلدىڭ.
جېنىمنى سەن بەرگەن، دىنىممۇ سەندىن،
يورۇتۇپ دىلىمنى مۇقەددەس قىلدىڭ.

باغرىڭدىن سۈت بەردىڭ تاڭلايلىرىمغا،
ياشلىقىڭ، ھۆسنىڭنى، كۈچۈڭنى ئەمدىم.
جاپايىم ئىز سالدى ماڭلايلىرىڭغا،
قۇندۇزدەك چېچىڭغا ئاق چېچەك تەردىم.

قانچىدۇر سەن مەنچۈن كۆز يۇممىغان تۈن،
قانچىدۇر سەن مۇڭلۇق كۈتتۈۋالغان تاڭ؟!
قانچىدۇر زېمىنغا سىڭگەن ئاچچىق ئۈن،
قانچىدۇر پەريادتىن تولۇپ كەتكەن ھاڭ؟!

باق ئانا، سېنىلا تارتتى قامىتىم،
يېڭىدىن باشلاندى ھاياتىم دېگىن.
كۆر ئانا، سەن بەرگەن بەختىم، ئامىتىم!
كۆپەيدى بىر جۈپ پەر قاناتىم دېگىن.

تۇتىيا ئەجرىڭگە تاپالماي تىمسال،
گادايلار شەھرىگە پالاندى تىلىم.
جان ئانا، خالساڭ ياشلىقىمنى ئال!
بۇ ساڭا بايراملىق بولسۇن سوۋغىتىم...

(ئاپتور مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسىدا)

## ئۇزات مېنى، شوللارغا قېتىلاي

ئابدۇقادىر قارلۇق

نىچۈن شۇنچە مۇڭ ئارا يۈرەكلەرنى ئېزىسەن؟
جىلمىيىشىڭ نازۇك كۈي، بېغىشلاندىڭ كۈي ئارا.
خىيالىمدا چالغىنىم دولقۇنلىغان كۆكسۈڭنى،
قۇرۇۋاتقان سەزگۈمنى نەملەپ قايتىم قېشىڭدا.
ئەڭ ئاخىرقى ۋە تۇنجى ئىستەك قالدى يۈرەكتە،
كۆزۈم يۇمدۇم، سەن قايتىلىڭ قىسمەت بولۇپ پىراقتا.
مەن نە ئۈچۈن تۇماندەك لەيلەپ قالدىم چۈشۈڭدە؟
مېنى كۈيگە ئورىغىن مۇڭلار ئارا يوقۇلاي.
كېچەلمەستىن باغرىڭدا قېتىپ كەتكەن جەسەتتەك،
ئۇزات مېنى، تاڭ سەھەر شوللارغا قېتىلاي!
تۈندەك قارا چېچىڭنى قىياس قىلدىم يىلاندەك،
گۈزەل، نازۇك تېنىڭنى كۆتۈرىمەن لەھەتتە.
مۇدھىش سايە بېرىدۇ ماڭا سىرلىق بىشارەت،
قىيامەتلىك يوپۇرماق قېتىپ تۇرار بېتىڭدە.
خەير، دەيمەن بارچىگە كۆزۈم قىيماس كۆزۈڭگە،
يالتىرىغان ياش كەبى تىترەپ تۇرغان ئۆزۈڭگە.
قايتىشىمنى تىلىمە، يەنە قايتسام كۈتمىگىن،
تۇيغۇڭ ئارا ئۇلغىيىپ ياشلار ئاقسۇن يۈزۈڭگە.

## كۆزۈڭدىن ئاققىنى ھەسرەتمۇ، كۈيمۇ؟

كۆزۈڭدىن ئاققىنى ھەسرەتمۇ، كۈيمۇ؟
بىشارەت بەرمەكتە سوغۇق كېچىدىن.
ئاسمىنىم قەھرىگە سىغدىڭ يۇلتۇزۇم،
قېتىلىپ نۇرۇڭغا ئالدىم يىنىك تىن.
نويابىر شەپىسى شۇنچىلىك يوچۇن،
كەلمەكتە بەك سىرلىق كەچكۈز شامىلى.
ۋەسلىڭچۈن ئۆرتىنىپ يەنە توزۇتتۇم،
مەندىكى بىتاقەت ئوتنىڭ بەرگىنى.
تۇيۇقسىز كۆز سېلىپ قارىغان بولاي،
ئېھ ، نازۇك جىلمايغىن شۇ دەم، شۇ سائەت.
كۆزۈڭدە چېڭقالغان نېمە ئاچچىق ئۆ؟
ئېيتسەن كىمگىچۈن تەقدىرگە لەنەت؟!
يوشۇرماق بولغاندا ئەيلەندىڭ زاھىر،
بۇ قىسمەت بوپ قالار مەڭگۈ كۈتمىگەن.
ئەسەبىي پىراقتا يازىمەن شېئىر،
يۈرىكىم سېنى دەپ سېغىنار ۋەتەن...

(خوتەن ۋىلايەتلىك يۇرۇڭقاش دەرياسى قۇرۇلۇش تۈر ئىشخانىسى)

## بىر ئىللىق مېھرىدىن يۈيۈندى ئىزلار

ئايىمنىسا سۇلايمان

## مۇمكىنسىزلىك

چۈشىنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ،
مەنزىلىنى ئېيتىپ بېرەلمەس.
بار ئۈنىڭدا پەقەت بىر ھەۋەس.
بولار ھەركىمنىڭ ئۆز نېسۋىسى،
سوراقسىز قالماس ھەتتا بىر نەپەس.

مەن ھېچنىمە ئەمەس ئۆزۈمدىن باشقا،
مەن بىر چۈش ياكى
پىنھاندىكى جىمجىت رېئاللىق،
يۈرىكىمگە چۈكەلمىگەن،
بىر ئازابمەن ياكى بىر شادلىق.

بىر تال چۈشىن،
يەنە بىر تال چۈشىن،
بىر ئايالنىڭ
ئۈنىڭدىن باشقا ئازابى بارمۇ؟

## يېشىل مۇھەببەت

سەن خۇش بولساڭ،
كۈلۈپ كېتەر مېنىڭ يۈرىكىم.
گەر چېچىلسام مىڭ دانە بولۇپ،
سەن ئۈچۈندۇر ھەممىسى جېنىم.
گەر خۇيلىنىپ قالسام ناگىھان،
قارىمىسام كۆزۈڭگە پىنھان،
ئەركىلەتسۇن مېھرىدە دېدىم.

سەن خۇش بولساڭ،
گۈل ھىدىگە تولدۇ جاھان.
مېنىڭ مېھرىم سەندە لاۋۇلداپ،
ئايالىقىم چاقنايدۇ ھەرئان.

ئوت بولاي دېدىم،
توڭۇپ قالساڭ قارلىق يوللاردا.
سۇ بولاي دېدىم،
چاڭقاپ تۇرساڭ باياۋانلاردا.
سەن خۇش بولساڭ،
چۆل بولاي دېدىم،
ئۈنتۇلۇپ ھەرئىز، ھەر ئىمكانلاردا.

سېنىڭ خۇشلۇقىڭدا ئېچىلاي دېدىم،
سېنىڭ رازىلىقىڭغا چېچىلاي دېدىم.
مىڭ بىر نازاكەتتە ساڭا تۆكۈلۈپ،
ئىككى دۇنيارىڭغا قېتىلاي دېدىم.

سەن خۇش بولساڭ،
پورەكلىگەن ئايالىقىمدا،
ھېكمەت ياتار دەستە-دەستىلەپ.
خۇش بولار ھەممە، خۇش بولار جاھان،
كۆكلەپ تۇرار يېشىل مۇھەببەت.

## ئەقىدە

سېنى مەن تاغلاردىن ئېگىز دەپ كەلدىم،
جۇدۇندا قويمىساڭ مېنى كۆيپايە.
سېنى مەن باغلاردىن گۈزەل دەپ كەلدىم،
قىلمىغىن كۆڭلۈمنى زىنھار ۋەيرانە.

ھاياتنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىغا،
ئىسمىڭنى بەھۇزۇر پۈتۈپ قويىمەن.

ئوتۇمدا كۆيگەن، سۆيۈمدە ئاققان،
ھەربىر ئىزلىرىڭدا كۆكلەپ تۇرىمەن.

سەن بىر دەرەخ، مەن گۈزەل تۇپراق،
سەن بىر زامان، مەن بىر رىۋايەت.
سەن بارچە ئالەم ماڭا مۆكۈنگەن،
سېنى دەپ ياشماقنى ئىستەيمەن ئۇزاق...

## يۈرىكىڭنى بەرسەڭ ئايانماي

خوتەن بىلەن قەشقەر،
سەن بىلەن مەندەك يېقىن شۇ قەدەر.
ئۇيغۇرنىڭ مېھرى،
يۈرىكىڭگە تولار لىپمۇ-لىق.
مۇھەببەتتىن ياشىرىسەن،
سۆيۈپ تۇرسا گۈزەل رېئاللىق.

ياغلىق ئارتقان گۈزەل ئاياللار،
سۈبھىلەردە چاقنار قۇياشتەك.
ئۆي-ئۆيلەردە باھار جۇلاسى،
مۇھەببەتتىن مەستخۇش ھەر يۈرەك.

پادىشاھتەك مەغرۇر ئەرلەرنىڭ،
كۆزلىرىدە بەخت جىلۋىسى.
قىلزىلگۈلدەك لىۋەن ئاياللار،
ئەركەكلەرنىڭ ھەممە نېمىسى.

قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقى،
بىر زەنجىر،
بىر رىشتە،
كۈنلەرنى بەختكە ئۇلاپ تۇرغان،
بىزنى يىراقتىكى غېرىب شەھەردە.

ئاتا-ئانام،
خوتەندەك ئىللىق مېھرى بىلەن،
دۇئا قىلسا شادلىقىمىزغا.
قەشقەردە ئانام،
بەختىمىزدىن كۈلىدۇ مەستخۇش.
ھايات شۇنداق گۈزەل بىر داستان،
يېزىپ چىقساڭ مۇھەببىتىڭدە.
يۈرىكىڭنى بەرسەڭ ئايانماي،
قۇياش چاقنار زۇلمەتلىرىڭدە...!

(ئاپتور كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

## قىش لىرىكىلىرى

ئايسىمە ئىدرىس

### يېزىدىكى قار ناخشىسى

ئاپپاق دۇنياغا كېتىۋاتىمىز
مۇلايىم قارلارنى كۈتىۋاتىمىز
سەھەر ئۇۋىلاپ ئاچقاندا كۆزىنى،
بىز سوغۇقنى يۇتىۋاتىمىز.
ماشىنا يوغان-يوغان ئىزى بىلەن
يولنىڭ باغرىنى ئەزگەندە،
بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراپ،
ئاق چېچەكلەرنى تۇتىۋاتىمىز.
دەرەخلەردە ئاپپاق توشقانلار،
ئۇچالمايدىغان ئاق قۇلار،
قونۇۋالغان شاخلارغا-
ئاق كىيىملىك ئاپپاق ئارمانلار.
يېشىل ئورمان ئاپپاق چۈش بىلەن ،
كىرىۋالغان قىشنىڭ قوينىغا،
قىش قىزىمۇ ھەجەپ ئىشچانكەن،
ئاق شارپىنى ئارتىپ قويۇپتۇ،
دەريا،كۆلگە، قۇملۇق بوينىغا.
يۈرىكىدىن ئۆرلەپ قاپتۇ ھور،
ھاياجاندا سەھەر بېتىنىڭ،
ئوقۇغۇلى كەپتۇ قۇشقاچلار،
ئىزلىرىنى يازغان خېتىنىڭ.
ھېچكىم سۇغا چىقماپتۇ بۈگۈن،
كۆلچەكلەردە كاچكۇل قالماپتۇ،
ئاقلىق بىلەن يېپىنغان ئېتىز،
ھەجەپ تاتلىق ئۇيقۇغا قاپتۇ.
ئۇخلاپ قاپتۇ پادىچىمۇ ھەم،
قويلىرىدەك ئاق چۈشنى كۆرۈپ،
ئانا ئاستا قازان بېشىدا ،
چامغۇر سالغان يوپىدىنى بىلەن،
كۈتىۋالدى قارلارنى كۈلۈپ.
ھويلىلاردا توخۇلار غەمسىز،
قار ئاستىدا قالغان قوناققا،
ئوتۇن تاشلاپ يۈرگەن ئوغۇلنى،
يۈرىكىدە ئىسسىتتى تالا.
قار...قار...قار...قار...
چېچەك بولۇپ قوندى شاخلارغا،
قاغىلارغا تەس بولغان جاھان،
ئورۇنماقتا ئاپئاق لىباسقا.
جىمجىت، جىمجىت كۈينى ئەكەلگەن.
ئاقلىق يايغان بۇغدايلىقلارغا،
قارلار بىلەن بەسلىشىپ بىزمۇ،
كېتىۋاتىمىز،
ھاياتتەك ئاق، سۈزۈك سەھراغا،
ئۈزۈلمىدى قار كۈيى يانا....

### قاردا كېلىۋاتقان ئايال

ئېچىلىپتۇ قاردا قىزىل گۈل ،
بەرگىلىرى نازۈك ھەم لىۋەن.
قارا كۆزى يانغان يۇلتۇزدەك،
ئۇ بىر گۈلدۇر ۋە ياكى چىمەن.
قەدەملىرى يۆتكەلگەن يېنىك،
يىلتىز تارتقان شۇنچىلىك چوڭقۇر،
خىياللىرى چېچىلىپ تۇرار،
ياكى قاردا ئۇچىدۇ غۇر-غۇر.

ئاق چېچەكلەر گۈلنىڭ بەرگىدە ،
لىغىرلايدۇ كۆز يېشىسىمان.
چېلىققاندا سوغۇق بېتىگە ،
ئۇنى ئاستا ئورىدى تۇمان.

ئۇزۇن چاچلار گۈل شاخلىرىغا
ئاپئاق قاردا بەكمۇ ياراشتى.
كىرپىكلىرى ئاقارغان گۈلنى ،
يوغان ئىشىك يولدىن تالاشتى...

### خىرۇستال دۇنيا

سۈزۈك، سۈزۈك، شۇ قەدەر سۈزۈك
دەرەخلەردە قارنىڭ شولىسى.
نۇر قايتۇرار يوللار، ئېتىزلار،
شامالنىڭمۇ سۈزۈك جىلۋىسى.

ئۇچۇرماقتا مۇزدەك تۈيغۇنى،
سۈزۈك چېچەك شوخلىقى بىلەن .
سۈزۈك بۇلۇت كەينىدە قۇياش،
كۆز قىسماقتا تولىمۇ لىۋەن.

سۈزۈلۈپتۇ ئۆگزىلەر، يوللار،
كۈمۈش رەڭلىك رومال ئىچىدە.
سوغۇق قونۇپ تۇرسىمۇ تەكرار،
ئېرىمەكتە سۈزۈكلۈك ئىچرە.

يۇلتۇز قونغان كەبى شاخلارغا،
چاراقلايدۇ سۈزۈك، سۈزۈك نۇر.
ئادەملەرمۇ سۈزۈك دۇنيادا،
ئاپپاق رەڭدە ياساندى پۈزۈر.

چاقنار چاچلار، چاقنار كىرپىكلەر،
قاغىلارنىڭ شولىسىمۇ ئاق،
خىروستالغا ئايلانغان پەيت،
ئاق چېچەكلەر چاچتى خۇش پۇراق...

(ئاپتور يەكەن ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## بىر گۈل بار ئىچىمدە ئېچىلغان قات-قات

ئابلەت نۇراخۇن زەپەرى

بىر گۈل بار ئىچىمدە ئېچىلغان قات-قات ،
قاراڭغۇ جاڭگالدۇر ئەتراپى بىراق .
يېقىنلاپ بارىمەن سۆيگۈدىن چىقىپ ،

شۇ گۈلگە تەلمۈرۈپ قارايمەن  ئۇزاق .

بۇ گۈلنى ئۈزۈشنى قىلمايمەن خىيال ،
سىملداپ ياغىمەن ئۇنىڭ بەرگىگە .
ئەگە مۇڭلۇق خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ ،
بىر گۈزەل سىماھنى سىزىمەن تەكرار .

چىقمەن ئىشكنى ئېچىپ تالاغا ،
بىر نۇرغا سوغۇلۇپ بولىمەن بىھوش .
كۆرىمەن پىچىرلاپ تۇرغان گۈللەرنى ،
ئېھ ، مېنى باغاشلاپ تۇرغان بىر ھالدا .

كىرىمەن ئىچىمگە تالاي، تالاي رەت ،
بىر ئېرىق سۇ بولۇپ ، بىر تامچە يامغۇر .
ئاقىمەن، ياغىمەن، گۈلنىڭ ئىشقىدا —
سايرايمەن گاھىدا  بولۇپ مەن بۇلبۇل .

بىر گۈل بار ئىچىمدە ئېچىلغان قات-قات ،
بىر سىما كۆچۈرگەن سۆيگۈ بىغىدىن .
كۆتىمەن شۇ گۈلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ،
كېتىمەن ۋە بەلكىم شۇ جايدا قۇرۇپ ...

## يەر سۆزلىدى، ئاسمان ئاڭلىدى

– قار تازىلاۋاتىمەن !
قىزىمنىڭ قولىدا ۋاقىت سۆپۈرگە ،
چاچلىرىدا ئۇينار پەرىشتە .
تۆكۈلىدۇ ئاپپاق ناخشىلار
ھويلامدىكى گۈزەل سەھەردە .

تامچىلايمەن ،
ئاق رەڭدە توزۇۋاتقان سوكۇتلەرگە
ئاق رەڭدە ئېچىلىۋاتقان ھاياجانغا
ئاق رەڭدىن باشلانغان بىر مىسرادىن
قىزىمنىڭ پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەرگە .
ھەم ئۇ سۆزلەۋاتقان دەققىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە .

قۇشلار سايرىماس ئاقباش ئۇچمىدە
سايراپ كەتتى قەلبىم ئۆيىدە ،
قىزىمنىڭ ئايىغىدا دەسسەلگەن قارنىڭ
شۇنچە يېقىملىق ، نازۇك لېۋىدە .

–  دادا ، ئاسماننىمۇ  تازىلىۋېتەيلى !
قىزىم سۆزلىمىدى ، قار سۆزلىدى ،
قار سۆزلىمىدى ، يەر سۆزلىدى .
مەن ئاڭلىمىدىم ،
ئەمما ،
ئاسمان ئاڭلىدى .

## سېغىنىش

يەنە سېنىڭ پىچىرلاشلىرىڭ ،
سەھەردىكى نەمخۇش تىنىقلىق .
كۆيۈپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ
ئۇچۇۋاتقان مېنىڭ خىيالىم ...

— باھار كەلدى ! — دېدىڭ شۇرلاپ ،
دېرىزىنى ئاچتىڭ شېئىردەك .
يېنىڭدىكى چەكسىز كېچىنىڭ
كۆزلىرىدە بىر گۈزەل ئىستەك .
— يازمۇ كەپتۇ ! — دېدىڭ شۇرلاپ ،
چاڭگىلىڭدا بىر ئوچۇم ئۈجمە .
كۈلۈپ تۇرغان تاملاردىن چىقىپ
تېرىپ كىردىڭ يەنە بىر ئېتەك .

كۈز كەلمىدى تېخى دىلبىرىم ،
بۇلبۇللىرىڭ تېخى نەغمىدە .
ئولتۇرارسەن تاتلىق جىلمىيىپ ،
قەلبىمدىكى جىمجىت ھويلىدا ...

كۆز ئالدىمدا سېنىڭ سىمايىڭ ،
گۈل بەرگىدە مېنىڭ خىيالىم .

## ئۇچرىشىپ قېلىش

كۆزلەر كۆزلەرنى تونۇيدۇ ،
بېتىرقاپ تۇرسىمۇ خىياللار .
كوچىلار ئۇزايدۇ تىنىمسىز ،
يېلىنجاپ تۇرسىمۇ نىگاھلار .

ھىدىڭنى ھېچقاچان سەزمىدىم ،
گۈللەردەك ئېچىلىپ تۇرساڭمۇ .
ناخشامنى سەن ئۈچۈن ئېيتمىدىم ،
باغرىمنى لەختە قان قىلساڭمۇ .

دوقمۇشتا دوقۇرغان قاراقلار ،
باھاردەك بېيىلدى يوللارغا .
شاماللار يەلپۈتسە چېچىڭنى ،
باشلاندىم بىر تاتلىق خىيالغا .

قوندۇرۇپ مۆرەمگە كەپتەردەك ،
دان بەرگەن بىر زامان ئالقاندا .
بۇقۇلداپ ، يېلىنجاپ كۆيگەنتىڭ ،
نۇر كەبى ئۈزارغان ئارماندا .

تومۇزنىڭ لاۋىسى ئۆچمىگەن ،
دەرەخلەر بىچارە، شۈمشەيگەن .
بىر دەردكە مۇپتىلا ئىككى نۇر ،
ئاۋغۇستنىڭ باغرىغا يۆلەنگەن .

قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ سايرىسا ،
ئوت كەتكەن بىز بارغان ئورمانغا .
ئەسەبىي ناخشىلار ياڭرىسا ،
ئېسەدەپ قاراشقان تاڭلارغا .

تامچىلاپ چۈشكەنتىڭ قەيەردىن ؟
ئېھ ، يەنە سىرغىدىڭ قاياققا ؟
كەل ! قارا ! قەلبىمدە ئىزىڭ بار ،
ئۆچۈرمەي كەتكەنتىڭ بىر چاغدا ...

كۆزلەر كۆزلەرنى تونۇيدۇ،
چەكچىيىپ تۇرسىمۇ خىياللار .
تىنىمسىز ئۇزايدۇ ئىككى نۇر ،
ئۈھسىنىپ قارايدۇ يۇلتۇزلار .

(ئاپتور توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا تاشتۆپە كەنتىدە)

## يازدىكى خىيال

ئالىمجان قاسىم

مېنى چەكسىز، ئاستا ۋە جىمجىت
كۆيدۈرمەكتە يازنىڭ ئاپتىپى.
سىلىماقتا جاراھىتىمنى
ئۇنىڭ يۇمشاق، سۆزۈك ئاۋازى.

شىلدىرلايدۇ غەم ئېرىقىمدا
ئۇسساۋاتقان پەرىشان سۇلار.
يوپۇرماقلار كۆيسىز، بىناۋا،
چۆرۈقلىماس بۇلتۇرقى قۇشلار.

كۆيۈپ، ئۇسساپ قۇرىدى بەلكىم،
شاخلاردىكى يېشىل ھاياجان.
لەرزان شامال تىكلىنەر ئېگىز،
ئۆز - ئۆزىگە پاتمايدۇ ئاسمان.

كەچ كىرمەكتە، تار، تىنجىق ھاۋا
يېيىلماقتا خىياللىرىمغا.
ساناپ چىقتىم يۇلتۇزلىرىمنى
يۆلىنىپ مەن ياز ئاخشىمىغا...

## چىڭقى چۈشتىكى ئاپتاپ

كۆكلەۋاتقان غەم دەرىخى ئاستىدا
خىياللارغا يۆلىنىپ ئولتۇرماقتىمەن
ياز تەرەپتىن سوقماقتا شامال .

ئىچىمدە ھېكايە سۆزلەپ ئولتۇرار
ساقاللىرى ئىسسىق شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان
بەش يۈز ياشلىق قېرى بىر خىيال .

يىراقلاردا ئېغىر بۇلۇتلار
تاغلارغا ساڭگىلاۋاتقان
خىيالغا پاتقان ...

ئىچىمگە يېيىلىۋاتقىنى
مىڭ يىل بۇرۇنقى چىڭقى چۈش ياكى
ياز ئاپتىپىدۇر سۆزلەۋاتقان .

## قايتىش ۋە ئىشىك چېكىشنىڭ ئارىلىقىدا

سەن ئەمدى مېنىڭدىن تىلىمە شەپقەت،
مۇزلىغان قەلبىمگە قول سۇنما ھەمدە .
ئاخشامقى چۈشۈمدەك ئۇنتۇلۇپ كەتتى،
بىزنىڭ كېچىلىرىمىزدىكى ئۇزۇن ھېكايە.

خىرە دېرىزىلىرىڭدىن كۆردۈم ھاياتنى،
مۇزلاپ تىترەۋاتاتتى ئۇندا بىر يۈرەك .
ئۆرۈلگەن تام كەبى كۆڭۈل كەينىدە
بىر تال گۈل تۇراتتى غەمكىن پورەكلەپ.

مەن ئىسسىنغۇدەك ئوتمۇ قالمىدى،
بىر ئاۋاز قەلبىمگە چىرمىشار لەرزان.
مەن كىرگۈدەك ئۆيمۇ يوق ئەمدى،
بىر ئۆيدىن يىراقلاپ ماڭدىم پەرىشان.

سۆزلەپ ئولتۇرار ئۆز ھاياتىنى
بۇ ئۆيدە ئىشىكنى تاقاپ بىر ئادەم.
كېتىشىم كېرەك بۇ يەردىن ئەمدى،
ھەممە ئاخىرلىشىدۇ ئىشىكنى چەكسەم...

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چاتقال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى

ئۆمەر مەھمۇد

روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى
ئانامنىڭ ئۆيى چېچەكلىدى.
بىز بىر توپ ھەرىلەردۇرمىز ،
ـھەرىلەر شىرنىگە تۆكۈلدى...

ئانامنىڭ ئىسسىق بىر پىيالە چېيى
زەمزەم سۈيىدەك ئۇلۇغ ئىدى.
ئانام سالغان ساڭزا، قۇيماقلار
قەلبىمىزگە ئىللىق يېيىلدى...

داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ،
دۇئاغا قوللار كۆتۈرۈلدى.
قىران، بەردەم باللىرىنى كۆرۈپ،
ئانام يەنە شۇنداق غەم يىدى:

– ئوغلۇم، سوداڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟
– خىزمەتلىرىڭ جاپادۇ قىزىم؟
– نەۋرەمنىڭ ئوقۇشچۇ يەنە؟
– قىينچىلىق بولسا دەڭلار– ھە؟!

روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى،
چېچەكلىدى ئانامنىڭ ئۆيى...

## ھويلا سۈپۈرۈش

تاڭلار سۈزۈلىدۇ
ئايال
ئەڭ ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ،
تالاي ئەتىگەنلەردىكىگە ئوخشاش
ھويلا– ئارانلارغا قاراپ
پەرىشتىلەرنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى ئەسكە ئالىدۇ
ئۇنىڭ سۈپۈرگە تۇتقاندىكى بىغۇبارلىقى
بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئىستەكلىرىدۇر...

## تاماق سۇنۇش

ئىسسىق ئاش، ئىسسىق بىر مېھىر ،
قوشنا باردۇر قوشنا قەلبىدە.
بىر– بىرىدىن سۆيۈنگەن كۆڭۈل،
ئەجەب ئىجىل ئۇيغۇر ئېلىدە.

بايا قوشنام ئەكىرگەن لەغمەن،
بىر چىنە مۇھەببەت ئىدى.
ئېچىرقىغان ئىللىقلىق مانا...

(ئاپتور شايار ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى)

## ئازابلىق ئەسلىمە

مۇھەممەتئېلى تۇرغۇن

ئويلايمەن ھەر دائىم خىيالىم سەندە،
ئويلايمەن مەن سېنى كۈندۈز ۋە كەچتە.
ئىككىمىز سىرداشقان ئاشۇ گۈزەل دەم،
دىلبىرىم، ساقلاقلىق ھەر زامان ئەستە.

ئازابلىق ئەسلىمە بوپ قالدى ئەمدى،
سەن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ گۈزەل چاغ.
كەتتىڭغۇ بۇ كۈنلەر كەلمەسكە ھامان،
ۋە لېكىن قالدىمۇ يۈرىكىمدە داغ...

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى **2010**-يىللىق ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى ئوقۇغۇچىسى)

## ئىككى شېئىر

ئارزىگۈل قاسىم

### ئانا ۋەتەن

ئانا ۋەتەن گۈللەندى،
ئادەملىرى روھلىنىپ.
يازدىم شېئىر–قوشاقلار ،
ئىلىم–پەنگە زوقلىنىپ.

ئانا ۋەتەن گۈللىنىپ،
بولدى بىزگە ھېيت–بايرام.
شۇڭا كۈندە خۇشالمىز ،
كوچا–كويلار تىنچ–ئامان.

ئانا ۋەتەن گۈللەندى،
بولدى يۇرتۇم باغ–بوستان.
تەرىپىگە سۆز تېزىپ،
يازماقتىمەن كۈي–داستان.

### مەن

مەن ئويغىنىپ غەپلەتتىن
رۇسلاي دەيمەن قەددىمنى.
كۆرەش قىلىپ جاپالىق
رازى قىلىپ خەلقىمنى.

قىسقا ئىكەن بۇ ئۆمۈر ،
بىراق ياخشى ئىش چەكسىز.
ئىلىم، ھۈنەر بىلمىگەن
بوپ قالاركەن كېرەكسىز.

مېھنىتىمدىن، ئەجرىمدىن
ئىز قالدۇراي بالامغا.
باراي باشنى تىك تۇتۇپ،
كېلەچەككە سالامغا.

(ئاپتور كورلا شەھەر **6**-كاللون تېنلى شىمالى ئولتۇراق رايونى**26**-بىنا**2**-كورپۇس **601**-ئۆيدە)

## ئايال

پولات نىياز

ئايال دېگەن ئۆينىڭ زىننىتى،
ئەر يېنىدا ئاشار قىممىتى.
ياخشى ئايال پەرۋىشلىرىدە،
يۇقۇلىدۇ ئەرنىڭ ئىللىتى.

ئايال ياندا، ياشىرار يۈرەك،
ئۇرغۇپ تۇرار ئۇمۇد ۋە تىلەك.
ئايال بولماي باغدا، چىمەندە،
قۇرۇپ قالار گۈل–گىياھ، چېچەك.

ئايال بولغاچ ئۆيلەر چىمەن باغ،
بىلىنمەيدۇ ئەرگە ئېغىر تاغ.
مىتە چۈشەر ئايالسىز ئۇنىغا،
ئېچىپ قالار قاپاقتىكى ياغ.

(ئاپتور چەرچەن ناھيەلىك مەدەنيەت يۇرتىدا)




# «گۇگۇم» رومانىدىن تۇرسۇن مەخمۇت ئىجادىيىتىگە نەزەر

**مۇھەممەتجان ھەسەن**

تۇرسۇن مەخمۇت يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇلۇۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا تۇنجى دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى بايان تىلىدىكى يېنىك رىتىم بولۇپ، ئاشۇ يېنىك رىتىمدىن مەستخۇش بولغان كىتابخان ئۈزلۈكسىز چايقىلىپ، تەڭشىلىپ تۇرغان پېرسوناژ بايانىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئاجايىپ مەنىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىر دۇنياسىغا كىرىپ قالغانلىقى سەزمەيلا قالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن پېرسوناژنىڭ بىنورمال پسىخىكىسى ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن تەپەككۇر بوشلۇقىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

2010- يىلى نەشرىياتىمىزدىن ئۇنىڭ تۇنجى رومانى«گۇگۇم» نەشر قىلىندى. ئەسەرنىڭ تۇنجى ئارگىنالىنى كۆرۈپ، پىكىر بېرىش، تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ ئەسەرنى نەچچە رەت ئوقۇغىنىمنى بىلمەيمەن. ھەر قېتىم ئوقۇسام ئەسەردىن يېڭى مەنە، پىكىر تاپاتتىم-دە، ئەسەرگە قايتىدىن كىرىشىپ كېتەتتىم. مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ئەسەردە ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ تۇرمۇشى، پسىخىكىسى، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى چاڭقاش-تېڭىرقاشلىرى، ھاياتنىڭ ئاجايىپ دوقمۇشلىرىدا ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىن چىقىش يولى ئىزدەش داۋامىدىكى تېپىرلاشلىرى؛ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نېمىشقا تۇغۇلۇپ ياشاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ھەم ئويلىمايدىغان، كۈن ئۆتكۈزۈشنى ھايات مىزانى قىلىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قاششاقلىق؛ ئەمەل-مەنسەپ تەمەسىدە يۇقىرىغا ئىنتىلىۋاتقان«ماڭقۇرت» سۈپەت ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدىكى رەزىللىكلەر... قاتارلىقلار ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىدى.

ئەسەردە ئاجايىپ بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان ئالىيە كىچىكىدىن باشلاپ ئانىسىنىڭ تۈگىمەس كۆڭۈل ئېچىشلىرى بىلەن، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى نائىلاجلىق، بىچارىلىكنى، باشقىلارنىڭ غەلىتە قاراشلىرى ۋە غەلىتە گەپ-سۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ چوڭ بولىدۇ. تۇرمۇشتىن ئۆز بەختىنى كۈتۈپ، ئوقۇش ئارقىلىق ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ قىز تەقدىرنىڭ قارا كۆزى تەگكەن بىر كۈنى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى مەسۇمنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندا، ئۆزى تونۇمايدىغان ئاجايىپ بىر توپ ئادەملەر تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ. بۇ ئىشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ئالىيە يەنە بىر پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ناتونۇش ئادەملەر تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان ساۋاقدىشى تۇرغان بۇ ئىشنى مۇئەللىمگە ئېيتىپ قويىدۇ. ئالىيە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ۋە ئۆز ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىنمۇ ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ. ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن بۇ پېشكەللىككە ئالىيە مەكتەپتىن، نەپرەتلىك ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. يۇرتىغا قايتقان ئالىيەگە تۇرمۇش ھەرگىزمۇ كۈلۈپ قارىمايدۇ. دادىسى تاسادىپىي پېشكەللىك تۈپەيلىدىن پۇتى سۇنۇپ ماڭالماس بولۇپ قالغان، ئانىسى دادىسىنى داۋالىتىمەن دەپ خەققە نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان رېئاللىق ئۇنى پۇل تېپىش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەركىم ئاڭلىسا قۇسقۇسى، نەپرەتلەنگۈسى كېلىدىغان ئاجايىپ نومۇسسىز بىر ئىش ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئانا قاراپ تۇرۇپ كۆز ئالدىدا ئۆز قىزىنى ئۆزىنىڭ ئويىنىشىغا، ھوقۇق، ئابرۇيى دەستىدىن تىرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان ناسىر جوجاڭغا مەجبۇرىي تۇتۇپ بېرىدۇ... «يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىر قىزنىڭ قورقۇشتىن ‹ئاپا›دېگەن چىرقىراشلىرى تۈن قاراڭغۇسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ شۇڭغۇلداپ يىراق-يىراقلارغا سويلاپ، كېچە قاراڭغۇسىنى چۆچۈتۈپ ئۆتتى. بىر قىزنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇپ ۋارقىراشلىرىنى بىرمۇ ئەركەك ئاڭلىمىدى، ئەرلەر ئۇيقۇدا ئىدى، ئەرلەرنىڭ يۈرەكلىرى ئۇيقۇدا ئىدى...»(«گۇگۇم»، 111-بەت) ئارقا-ئارقىدىن بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەردىن كېيىن ئالىيە دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئاشۇ تېنىنى تاشلاپ بېرىدۇ.

ئالىيەنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن مەسۇم ئۇنىڭ مەكتەپتىن كېتىش سەۋەبىنى بىلمەي، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيدۇ، ئەمما نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئالىيەنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالىدۇ. يا ئېرىشكىلى بولمايدىغان يا ۋاز كېچەلمەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات مەسۇمنىڭ قەلبىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ. ئۇ ئالىيەنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما كوچىغا چىقىپ كەتكەن بىر قىزنى قايتۇرۇپ كېلىش، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ ئالىيەنى ئويلاپ سانسىز كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇكى، ئالىيەنى ئۇ كوچىدىن تارتىپ چىقىرالمايدۇ.«ئىگە بولالماسلىق، ۋاز كېچەلمەسلىك، يەنە ئۇنتۇيالماسلىقنىڭ كۆل رەڭ غەشلىرى» («گۇگۇم»128-بەت) ئۇنىڭ روھىغا كۆڭۈلسىز تۇمان تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئالىيەنى ھېلىقى كوچىدىن ياندۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن بەزى ئۇرۇنۇشلارنى قىلغان بولىدۇ، ئەمما بۇ پەقەت ئۇرۇنۇشلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يا

ئۈمىدكە ياكى ئۈمىدسىزلىككە ئوخشاپ كەتمەيدىغان روھىي ھالەتتە تۇرمۇشنى داۋام قىلىدۇ.

ئەخمەت ناھىيەدىكى ئەمەل تەمەسىدە تېپىرلاپ يۈرگەن ناسىر جوجاڭنىڭ تاشلىۋەتكەن بالىسى. كىچىكىدىن دادىسىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىسىز چوڭ بولغان ئەخمەت دادىسىغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنى دادا دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەنە شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان ئەخمەتنىڭ روھىي دۇنياسى ئاجايىپ زىددىيەتلەرگە تولغان بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈككە ئوخشاش روھىي كېسەللىك ئۇنىڭ قەلبىنى ئورىۋالغان. شۇڭا ئۇ ۋاقىت، دۇنيا، كۆن دېگەنلەرنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا يالاڭاچ قىزلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ، شۇنىڭدىن مەنە ئىزدەيدۇ. ئەمما ئاخىرىدا ئۇ ھاياتقا كۈلۈپ باقىدۇ، ئالىيە بىلەن بىرگە كوچىغا چىقىپ كەتكەن سارە ئىسىملىك قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ. نۇرغۇن يىللار بالىسىنى تاشلىۋەتكەن ناسىر جوجاڭ ئوغلىنىڭ كوچىغا چىقىپ كەتكەن بىر قىز بىلەن توي قىلىشىنى ئۆزىگە قىلغان ھاقارەت دەپ بىلىپ، ئەخمەتنى توسماقچى بولىدۇ، ئەخمەت ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايلا قالماي، ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەخمەت دوستى مەسۇمدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ناسىر جوجاڭ كۈنلىرىنى ئەمەل تەمەسىدە، ئىشرەتخورلۇق، كۆتۈرمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئاددىي بىر ئەمەلدار بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى باشلىق دەپ ئاتىشىدىن شادلىنىپ، ئويۇن-تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەمەل، مەنسەپ ئۈچۈن ئۇماق بىر بالىنى يېتىم قىلىش ھېسابىغا «چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدىغان... ئىش بىلەر... ئەقىللىق... بۈگۈنىلا ئەمەس، ئەتە، ئۆگۈن ھەتتا يىل ئاتلاپ بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىشكە قادىر...» («گۆگۈم»317-بەت) چىرايلىق بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «باشقىلارنى ئۆيگە مېھمانغا چاقىرغاندا ھەممىدىن بۇرۇن مەست بولۇپ قېلىشنى، ئۆيگە يۈزلۈك مېھمانلار كەلگەندە گۆشۈيۈپ تۇرۇۋالماي، سىرتتىن ئۇنى-بۇنى ئەكىرىشنى باھانىداپ تالاغا قاتراشنى» («گۆگۈم» 317-318-بەت) ئۆگىنىدۇ. ھەتتا ئايالىنىڭ بىرسى بىلەن بىرگە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئامالسىز كۆزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئامەتى ئوڭدىن كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇ بۇنىڭ ھېسابىغا يېزىدىن ناھىيەگە يۆتكىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش كوچىدىكى قىزلار بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ. ئەمما ئەمەل تەمەسى ئۇنىڭ قەلبىنى توختىماستىن غاجاپ تۇرغاچ، ناھىيە ھاكىمىغا ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. پاك بىر قىزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مەينەت كوچىغا چىقىپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمىغان ئالىيە ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئىشنى قىلىدۇ، يەنى ئۇ ناسىر جوجاڭنى ئالداپ دەريا بويىغا ئاپىرىپ، ئاۋال ناسىر جوجاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

يېرىم كېچىدە بىرەيلەن ئۆيدىن سۆرۈلۈپ چىقىپ، ئۆينىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان موتوسىكلىتتىن ماي چۈشۈرۈپ، ئۆيگە ۋە ئۆزىگە ئوت قويىدۇ. بۇ ئالىيەنىڭ دادىسى ئىدى. ئۆز ئايالىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن نەپرەتلىنىپ كەلگەن ئەر ئاخىرى سەۋرى قاچىسى سۇنۇپ، ئايالىنى ۋە ئۇنىڭ تۈگىمەس مېھمانلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بىر كۈندە دادا-بالا ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىدۇ. دۇنيانىڭ كۈلۈپ بېقىشىغا ئېرىشەلمىگەن بۇ دادا-بالا ھاياتنى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەسەر ئۆزىگە سىغمىغان ھالەتتە ناھايىتى چوڭ ئەخلاقىي تېمىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، كىشىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئەسەردە يەنە كۈنلىرى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان،«ئەتە نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان، ھەم بۇنى ئويلىمايدىغان بولۇپ كەتكەن»(«گۆگۈم» 334-بەت) ھېلىم قاشقا ئوبرازىمۇ ناھايىتى جانلىق يورۇتۇلغان بولۇپ، ھېلىم قاشقا بىلەن مەسۇم بىر-بىرىدىن ھەم پەرقلىنىدۇ ھەم ئۇلار مەلۇم نۇقتىدا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ھېلىم قاشقا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چوڭ كۆرۈشى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قورقۇشىدىن پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. مەسۇم گەرچە ئۆزىنى ئالىيەنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ قانچە ئىشەندۈرسىمۇ، ئۇنى مەينەت كوچىدىن تارتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھېلىم قاشقا، مەسۇم، يەنە ئاللىكىملەر:«ئالىيە!» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيەگە، ئالىيەلەرگە ئىنتىلىدۇ، ئەمما كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئالىيەنى پاكىز تۇرمۇش قوينىغا باشلاپ كىرىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مانا بۇ ئەسەرنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان چوڭ بىر ئويلىنىشى بولسا كېرەك.

ئەسەر ۋەقەلىكى شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، ئەسەرنىڭ بايانى، قۇرۇلمىسى چېچىلىپ، يىغىلىپ دولقۇن ياساپ داۋام قىلىدۇ. ئەسلىمە، رېئاللىق، خىيال بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىش بىلەن بىرگە بايان تىلىمۇ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بىردەم ئالىيە، بىردەم مەسۇم، بىردە ئەخمەت، يەنە باشقىلارنىڭ بايانى ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىپ، ئوقۇرمەن قەلبىنى ھاياجانغا سېلىش بىلەن بىرگە، ئوقۇرمەننى چوڭقۇر پىكىر ئالەمىگە باشلايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئاددىي تىل بىلەن چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەش، ئاددىي تۇرمۇش تەسۋىرلىرى ئارقىلىق چوڭ، ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى يورۇتۇش، خاسلىقنى ئاممىۋىيلىققا ئىگە قىلىش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، تۇرسۇن مەخمۇت ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بايان تىلىدىكى يېنىك رىتىم، پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق. بايان تىلى — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، تىلىنىڭ جانلىق، پىششىق بولۇشى يازغۇچىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. تۇرسۇن مەخمۇت ئەسەرلىرىنىڭ تىلى يېنىك بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى جانلىق بولۇپ،

پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە. بەزى ئاددىي تىل بايانلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان تىرەن پىكىرلەر كىتابخاننى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. مەسىلەن: «ئالىيە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ لاتاپەتلىك، نازۇك بەدىنى كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. تار پادىچى شىمى، قىزىل مايكا، قىزىلغا بويىۋالغان چاچلىرى... نازاكەت بىلەن مېڭىۋاتقان بىر قىز كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولۇپ، بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى، بۇ كوچا قاراڭغۇ ھەم پاسكىنا ئىدى... مەندەك پۈتۈن سۆرۈك بىر يىگىتنىڭ ئالدىدىلا بىر قىز شۇنداق يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھاياتنىڭ مەن ھەم مەندەكلەرگە قىلغان ئاھانىتى، مەسخىرىسى، يوقاتقان نەرسىلىرىمىزنىڭ سوۋغىسى بولۇشى مۇمكىن.» («گۇگۇم»214-بەت) يېنىك بىر تەسۋىر، يېنىك بىر تۇيغۇدىن كېيىنكى چوڭقۇر سوئال ئادەمنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. بۇنداق پىكىرلەر ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ خېلى روشەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تىل ۋە پىكىر ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلغان.

«جاھاننى قاپلىغان چاڭ-توزان كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر ھەم ۋەھىمىلىك سىزىم بېرەتتى. ئاشۇ قويۇق چاڭ-مانانلار ئارىسىدىن ئادەمنىڭ يىغىسىغا ئوخشايدىغان بىر يىغا، بىر ئۆكسۈش، بىر ئېسەدەش ئاڭلىناتتى. بۇ نالە يەرنىڭ تېگىدىن، ئاسماننىڭ قەھرىدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇزاق تىڭشاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بوراندا شاخلىرى سۇنغان تېرەكنىڭ، قۇرۇغان سۆگەتنىڭ يىغىسى بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.»(«يۈز تېرىسى»، 110-بەت)«يۈز تېرىسى» ناملىق كىچىك بىر ھېكايىدە بۇ بايان بەش يەردە ئۇچرايدۇ. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى قۇرغاق، قاقشاق، ھەتتا نومۇسسىزلىقلاردىن ھاسىل بولغان چاڭ-توزاننىڭ تەسىرىدىن ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچقىلى بولمايدىغان ھالەت يازغۇچى قەلىمىدە ناھايىتى يېنىك ھەم چوڭقۇر مەنىلەر بىلەن يورۇتىلدۇ.

يەنە قاراڭ:«نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆز يېشى ئۈنسىز تۆكۈلۈپ، يەنە ئۈنسىز ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە داغ قالدۇرماي سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ كەڭرى جاھاننىڭ قايسى بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا بىز دەل مۇشۇ مىنۇتتا، مۇشۇ دەقىقىدە كىملەرنىڭ قانداق بىر ھەسرەتلىرى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى، بۇ ياشلارنىڭ پەرۋاسىز يۈرەكلەرنىڭ، خىرە كۆزلەرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قېلىپ، ئاشۇ ياشلار ئېتىلىپ چىققان يۈرەكلەرنىڭ تەگسىز نادامەت قايناملىرىدا پۇچلىنىپ، تىنتىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەي جاھاندىن كېتىپ قالىمىز.» («گۇگۇم» 326-بەت) يېنىك شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان بۇ بايانلاردىن كىتابخان چوقۇم ئۆزىگە چۈشلۇق مەنىلەرنى سۈزۈۋېلىشقا قادىر، ئەلۋەتتە. بۇنداق بايانلار ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، يېنىك رىتىم ئىچىدە ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم مەنىۋىيىتىدىكى قۇرغاقلىق، پىسخىكىدىكى بىنورماللىقنى ئىپادىلەش.

«گۇگۇم» رومانى زامانىمىز ياشلىرى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى قۇرغاقلىقنى ناھايىتى جانلىق ئېچىپ بەرگەن ئەسەر بولۇپ، ھېلىم قاشقىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان جەمئىيەت داشقاللىرى؛ ناسىر توختىغا ئوخشاش ئەمەل، مەنسەپ كويىدا ئۈنسىز تىپىرلاۋاتقان، ئاشۇ ئەمەلنىڭ شارابىتىدە ھاياتىنى داۋام ئېتىۋاتقان قارا قورساق بىچارىلەر؛ ئەخمەت، مەسۇمىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك پىسخىك دۇنياسىدا ئۈنسىز تىپىرلاۋاتقان زىيالىيلار؛ ئالىيە، سارەگە ئوخشاش ھاياتنىڭ تەتۈر بورانلىرىدا ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ، ئاخىر ئايىغى چىقماس يولغا كىرىپ قالغان بىتەلەيلەر گەرچە جەمئىيىتىمىزدە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشتا يوق ئەمەس. تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ «ۋاقىتسىز تۇغۇلغان ئادەم» ۋە «بىگانە» پوۋېستى دەل مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، «ۋاقىتسىز تۇغۇلغان ئادەم» فرانسىيە يازغۇچىسى ئالبېرت كامۇسنىڭ «يېگانە ئادەم» پوۋېستىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ياشىغان ئىككى يازغۇچىنىڭ قەلىمىدە ئىككى دەۋر كىشىلىرى روھىيىتىدىكى بىنورماللىق ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. «بىگانە» تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ يەنە بىر نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە يېزىلغان بۇ ئەسەردە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ پىسخىكىسىدىكى بىنورماللىق ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. بىر قارىسىڭىز چۆچەككە، يەنە بىر قارىسىڭىز خىيالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئەسەر زامانىمىزغا، بۇزۇلۇۋاتقان ئەخلاققا، يوقالغان ئادىمىيلىك روھقا بولغان قاتتىق نىدا دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەردە دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن سەيدۇل ئەسمەتنىڭ كەچمىشلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئەخلاق، ئائىلە، كىشىلىك قاراشلىرى يوقالغان كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى قاقشاقلىق، بىنورمال پىسخىكا ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. سەيدۇل ئەسمەت ئەسلىدە بىر چىرايلىق ئائىلىسى، بالىسى، خىزمىتى بار ئەر بولۇپ، بۇنىڭغا قانائەت قىلماي سىرتلاردا قىز-چوكانلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدۇ. بىر كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن ساياھەت باھانىسىدا ئىدارىدىن رۇخسەت ئېلىپ سىرتقا ماڭىدۇ. ئەمما يولدا يەنىلا بۇرۇنقى كېسىلى قوزغىلىپ قىز-چوكانلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ، ئەمما قىز ئۇنى مەست قىلىپ قويۇپ، بىر ئورمانلىقتا يالىڭاچ تاشلىۋېتىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتى ئۆزگىرىدۇ. ئۇ شەھەرگە قايتىپ كەلگەندە تونۇش-بىلىشلىرى، خوتۇن-بالىلىرى، خىزمەتداشلىرى... ھېچكىم ئۇنى تونۇمايدۇ. سەيدۇل ئەسمەت ئىسىملىك بىر ئادەم ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇ ئىشلىگەن ئىدارىدىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى بولمايدۇ...

«نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇنتۇلۇپ كېتىمەن؟ نېمىشقا مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بولۇپ قالىدۇ؟...»(«پەرىشتە يامغۇرى»، 271-بەت) ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايدۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتالمىغان سەيدۇل ئەسمەت ئاخىر ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق

قىلسام بىرەرسى ماڭا ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىن، مېنى بۇ يولدىن توسۇشى مۇمكىن، دېگەندەك تەمەمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، ھېچكىم ئۇنى توسمايدۇ، توسقانلارمۇ ئۇنىڭ باشقا جايدا ئۆلۈۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. «بۇ بىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىمىزدىكى جاي. شۇڭا تەۋەلىكىمىزدە ئادەم ئۆلسە بولمايدۇ، باشقا جايغا بېرىڭ.»(«پەرىشتە يامغۇرى»273ـبەت) مانا شۇنداق قىلىپ ئۇنى ھەممە ئادەم تونۇپ كېتىدۇ. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىچىدە قارايدۇ. سەيدۇل ئەسمەت بىراقلا ھەممە ئادەمنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانلار ئۇنىڭ قاچان ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى سورايدۇ-دە، كېتىپ قالىدۇ. سەيدۇل ئەسمەت ئاخىرىدا مېنى ھەممە ئادەم تونۇدى، دەپ ۋارقىرايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئەسەر ۋەقەلىكى ئەنە شۇنداق پېرسوناژ پسىخكىسىدىكى بىنورماللىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق قانات يايغان بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەرنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئەمما ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەمدە شۇنداق يېشىمنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ.

سەيدۇل ئەسمەت كىم؟ مانا بۇنىڭغا كىتابخان ئۆزى جاۋاب بېرىشى كېرەك. تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق سەيدۇل ئەسمەت تىپىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئائىلىسىگە ئەمەس، سىرتتىكى ئاشنىلىرىغا سادىق، ۋىجدانىغا ئەمەس، كۆڭلىنىڭ بېقىشىغا سادىق ياشاۋاتقان نۇرغۇن زەيپانە كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇلىدىكى ماكان ۋە زامان تەرتىپى بۇزۇۋېتىلىپ، پسىخىك ماكان ۋە پسىخىك زامان ئارقىلىق ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

«كۆگۈم» رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، ئەسەر قۇرۇلمىسى ۋاقىت ياكى ۋەقەلىك تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، بەلكى پېرسوناژ ئەسلىمىسىگە، پسىخىكىسىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاپتور بايانىغا قارىغاندا پېرسوناژ بايانى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، پېرسوناژنىڭ ئەسەر ۋەقەلىك تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول قويغان. ئەسەر مەسۇمنىڭ ئالىيەنىڭ رەسمىنى سىزىپ تۇرغان ۋاقتى بىلەن باشلانسا، ئۇنىڭ خىيالى ئىكرانى ئارقىلىق ئەخمەت، بازار، ياماقچى بوۋاي، ئاخىرىدا ئالىيە بىلەن ئۆتكەن ئالىي مەكتەپ ھاياتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسەردە ئالىيە، مەسۇم، ئەخمەت، گۈلشەن، ناسىر جوجاڭ، ئالىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى... قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھاياتى كۆرۈنۈشلىرى ئالمىشىپ، ئۆزگىرىپ داۋام قىلىدۇ. ئەمما بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر ۋاقىت، ۋەقەلىك تەرتىپى بىلەن ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بەلكى پېرسوناژنىڭ پسىخىك ئەسلىمىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەسىلەن، ئەسەردە تۇنجى رەت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدىغىنى مەسۇمنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئوي-خىياللىرى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئەگرى-توقاي داۋانلىرىدا چىقىش يولى تاپالمىغان ياشلارنى ئەسلىتىدۇ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا مەسۇم ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنى كۆرۈپ، ئالىيە بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان جايدا ئەنە شۇنداق بىر سۆگەت بار ئىدى، دەيدۇ-دە، ئەسەر ۋەقەلىكى كەينىگە، مەسۇم بىلەن ئالىيەنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا قايتىدۇ. ئەمما ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىدا بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش يەنە بۇزۇۋېتىلىدۇ. ئەسەرنى ۋەقەلىك تەرتىپى بويىچە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان كىتابخان بىر مەزمۇن ئىچىدە نەچچە رەت قايتىلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرغان ۋەقەلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئۆزىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەسەردىكى بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن كىتابخانىنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ ئىستېتىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان.

تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىنچىكىلىقا ئىگە بولۇپ، «قايتىش»،«قۇتۇلۇش»، «قۇملۇق رىۋايىتى»، «تىنغان بۇلاق» قاتارلىق ھېكايىلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەردىمۇ ئوخشاشلا قۇرۇلمىدىكى ماكان ۋە زاماننىڭ پسىخىك ماكان ۋە زامانغا ئالماشقانلىقىنى كۆرىمىز. «قايتىش» ھېكايىسى ئالساق، ھېكايە«مەن»نىڭ قىزىنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئاشنىسى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانلىقى، بۇ جەرياندا يولدا ئېغىر يارىلانغان بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئادەم بىلەن كارى بولماي كېتىۋەرگەنلىكى، ئۇ قايتىپ كەلگەندە بولسا، يولدىكى ئادەمنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يىپ ئۇچى قىلىنغان. ئەمما ئەسەرنىڭ باشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پېرسوناژنىڭ پسىخىك دۇنياسىدا بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا ئىنچىل ھالدا ئۆزى ھەققىدە، ئۆتمۈشى ھەققىدە، ئادەملەر ھەققىدە، يەنە نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىپ، بۇ ئويلىنىشلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ يېشىمىنى چىقىرىدۇ.

قىسقىسى «كۆگۈم» رومانى تۇرسۇن مەخمۇتنىڭ تۇنجى رومانى بولۇشقا قارىماي، تېما، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، بايان تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نۇۋەتتىكى رومانچىلىقىمىزدىكى يېڭىلىق سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەر ئۆزىگە سىڭدۈرگەن مەزمۇن قاتلىمى بىلەنلا ئەمەس، كىتابخانغا قالدۇرغان مەنا بوشلۇقى ئارقىلىقمۇ نۆۋەتتىكى پىروزا ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.


**پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:**

① تۇرسۇن مەخمۇت: «كۆگۈم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، **2010**ـيىلى **7**ـئاي نەشرى.

② تۇرسۇن مەخمۇت: «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، **2009**ـيىل **12**ـئاي نەشرى.

③ تۇرسۇن مەخمۇت: «پەرىشتە يامغۇرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، **2009**ـيىلى**12**ـئاي نەشرى.


(ئاپتور بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)




## بۇ جاھان، بۇ ئادەم، بۇ ئۆمۈر

بۇ ئالەم ئۇزاق يول، ئادەم يولۇچى،
چېتىگە يېتەلمەس ھەر قانچە يۈرسە.
ئۇنۇتما، سەن ساۋاق ئالار ئوقۇچى،
ئاتىلار، ئانىلار يىغلىسا، كۈلسە.

ھەر ئادەم بىر دۇنيا، يىللار ئۆتەڭدۈر،
مېھمان بىر-بىرىگە دەردمەن، ھاجەتمەن.
ئادەملەر ھوقۇقتا باراۋەر-تەڭدۈر،
تەڭسىزلىك بولمىسا بولمايتتى دۈشمەن،
بولمايتتى ئەنسىزلىك، زۇلۇممۇ جەزمەن.

بۇ ئۆمۈر گويا چۈش، كۈنلەر غەنىمەت،
قانچىلىك ياشايسەن؟ نامەلۇم ھامان.
بايلىق يوق دۇنيادا ۋاقىتتىن قىممەت،
قەدرىلەپ ئىزدەنسەڭ بولمايسە خازان.

بۇ جاھان شۇ جاھان، ئىنسان شۇ ئىنسان،
بۇ ئۆمۈر تېز ئۆتەر، توختىمايدۇ چاق.
ياشايسەن ۋاپاسىز بولغاچ بۇ جاھان
مېھرىڭنى ئۈزەلمەي تارتىپ ئىشتىياق...
ۋاپاسىز دۇنيادا چەكسەڭمۇ جاپا،
ياشىغىن كېرىمى سەن قىلىپ ۋاپا.

## ئۈمىدىم

1

قەلبىمدە پاساھەت نەرە تارتىدۇ:
بېغىشلا ئەلگە كۈچ، جاسارەت، سەپداش.
ئۇرغۇغان شجائەت روھ يارىتىدۇ،
ئۆزىنىڭ گۆرىنى قازار زىيانداش.
تاغ-داۋان چىللايدۇ: چوققىغا چىققىن،
كۆل-دەريا توۋلايدۇ: ئۈز، غۇلاچ تاشلا.
مارس، چولپان ئۈندەيدۇ: كۆككە ئۆرلىگىن،
پەسلىمە، پەسلەپ غەرق بولسەن ياشقا.
قىلاي مەن بۈركۈتتەك پەرۋاز پەلەكتە،
ئىنتىلىپ ئۈمىدىم مېنى يېتەكلە.

2

جان تەندە ئەمەستۇر، جانان ۋەسلى جان،
ئۇنىڭسىز يوق راھەت، بولغىنى جاپا.
پۇل، مەنسەپ، ئىمتىياز ئىزدەپ ھەر تامان،
يارىدىن كەچكەننى سوتلايدۇ ۋاپا.
خورلىنار راھەتنى قىلسا كىم تاما،
ئېگىلگەن بويۇنغا مىنەر ئالۋاستى.
ياش تۆكمەس قەيسەردىن قورقىدۇ جاپا،
مىندۈرۈپ ئۈستىگە غالىب ھارماسنى.
مەن ئاشىق ۋەتەنگە، سادىق ۋەتەنگە،
ئىز بېسىپ ئۈمىدىم مېنى يېتەكلە.

3

ئېچىلغان بۇ كۆزۈم تاڭنىڭ چولپىنى،
كىم رەقىب ۋە كىم دوست، ئېتەلەيدۇ پەرق.
ئۇلغىيار ھەر نەپەس سۆيگۈ دولقۇنى،
ئاسىيلار زۇلمەتكە جەزمەن بولار غەرق.
قۇياش نۇر چاچالماس جاھانغا تۈندە،
بولالماس ئاي، يۇلتۇز ئاپتاپقا زىننەت.
نە ئالتۇن، ۋە نە پۇل، ھەردەم ۋەتەنگە
قىلار جان تەسەددۇق مەندىكى ھىممەت.
كېرىمى، مېھرىم ئوت - كۆيەر تىلەكتە،
نۇرلىنىپ ئۈمىدىم مېنى يېتەكلە.

**ياشاۋەر شۇنداق**

بىرلىمەي دېسەڭمۇ بىرىلىپ قالدىڭ،
ئالەمنى بىلىشكە بالا تۇرۇپلا.
گاھ ئۆكسۈپ مۇڭلىنىپ، گاھ كۈلۈپ سالدىڭ،
بۇلۇتلار قېتىدا ۋال-ۋۇل يورۇپلا.

تىكلىمەي دېسەڭمۇ تىكلىپ سالدىڭ،
چولپانغا ــ تاڭ سەھەر كۆكنى يورۇتقان.
سەن دىلدا قەلەمنى-خەنجەرنى ئالدىڭ،
تىلسىملىق زەنجىرنى ئۈزسەن ھامان.

ئېگىلمەي دېسەڭمۇ ئېگىلىپ سالدىڭ،
توپىلىق يوللارغا سەن سايە تاشلاپ.
چىقار يولۇچىنىڭ ھاردۇقى ئەمدى،
سايەڭدە ناخشاڭنى روھلىنىپ تىڭشاپ.

چېكلىمەي دېسەڭمۇ چېكىلىپ قالدىڭ،
ئاق دىلىڭ، جۈرئىتىڭ بىلەن جاملارغا.
قىزلار چېكىسگە قىسىلىپ قالدىڭ،
قار ياغسا ئېچىلىپ سۇنماس ياملاردا.

يېتىلمەي دېسەڭمۇ يېتىلىپ قالدىڭ،
ئۆيلەنمەي دېسەڭمۇ ئۆيلەپ قويىمىز.
بەللى، دەر كېرىمى، ياشاۋەر شۇنداق،
ئىسمىڭنى نۇر سۆيگەن تاشقا ئويىمىز.

## ئارمان

مىللەتنى يورۇتقان، ئەلنى يورۇتقان،
جاھانغا تونۇتقان ئاقىل كىم بولۇر؟
ئەسىردىن ئەسىرگە ھۆرمىتى ئاشقان
بىلىمگە، ھېكمەتكە كامىل كىم بولۇر؟

ــ ئۇ مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
ئەلشىر نەۋائى، بابۇر، نىزارى.
ئۇ مەشرەپ دىللاردا ياشىغان غايىب،
ئۇلارنىڭ ھەر زامان ئاۋات مازارى.

ئۇ مۇقام پەرىسى خانىش نەفىسە،
ئۇ گۇمنام ۋارىسى قايىنام ئۆركىشى.
ئۇ ئۇيغۇر، تەجەللى ھۆرمەتكە ئىگە،
ئۇ شەۋقى، زىيائى، ئۆتكۈر، جۈرئىتى.
ئۇلاردەك ئۆگىنىپ، يۇرت-ئەلگە ياراپ،
ئات مىنىپ روھلىنىپ ئۆتسەك نە ئارمان؟
ئۇلاردەك يولدىن چاڭ چىقىرىپ ياشاپ،
ئىزدىنىپ، كۈچلىنىپ ئۆلسەك نە ئارمان؟

ئۇلاردەك جان تىكىپ قىلساق بىز جاۋاب،
بولماس ئاق يۈزىمىز سارغىيىپ سامان.
ئۇلارنىڭ تۆھپىسى دىللارغا ئاپتاپ،
قالمايدۇ زۇلمەتتە، نۇرلىنار ھامان.

پەخىرلەن كېرىمى، تىرىشقىن، ئۆگەن،
ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈش گۇناھ.
تامچە سۇ كۆل بولار، گۈل بولار گۈلشەن،
ياشىغىن سەن بىلىپ جاھاننى جەڭگاھ.

(ئاپتور قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن ئارامغا چىققان)




## قار لەيلىسى

مەنسىتمەستىن زېمىستان قىشنى،
قار لەيلىسى قاردا گۈل ئاچار.
جۈت كۆكلىگە ئېلىپ بۇ ئىشنى،
نازۇك جانغا قەھرىنى چاچار.

نەشتەر سانچىپ قۇترىغان قۇيۇن
زەربىسى ھېچ كەلمىدى كارغا.
گۈل خىرامان كۆرگەندەك ئويۇن،
غۇم-ئۆچمەنلىك كەتتى بىكارغا.

زوراۋان قىش بىلەلمەي ھەيران،
بۇ قانداق سىر، قانداق كارامەت؟
قاينار گۈلنىڭ تومۇرىدا قان،
ئانا يەردىن ئالغاچ ھارارەت.

## ساپال

ئالتۇن يارماق چېچىلغان كەبى
ياتار سۇنغان ساپاللار چۇل-چۇل.
تەبىئەتتىن يەتتىمۇ زەخمەت،
سۇندۇرغانمۇ ياكى سوغۇق قول؟...

تىرىشۋالدىم ئاۋايلاپ ئۇنى
قەدىم خانئۆي خارابىسىدىن.
دەپ بۇگۈنگە قالغان تەۋەرۇك
زامانداشلار زامانىسىدىن.

سېلىپ زەردەك شېشە كومزەككە،
قويۇۋالدىم تەكچەمگە تىزىپ.
تىمسالدەك ئەجداد روھىنىڭ،
باقتىم دىلدا ئىپتىخارلىنىپ.

## كۆزلەر

بىر-بىرىگە ئوخشىماس زىنھار،
چىرايىمغا تىكىلگەن كۆزلەر.
چاندۇرمايمەن دېگىنى بىكار،
نىگاھى دىل سىرىنى سۆزلەر.

باقسا شەھلا كۆزلەر بەرقىدىن
يۈرىكىمگە سالار ئوت-كۆيۈك.
مۇھەببەتلىك كۆزلەر زەۋقىدىن
جانغا راھەت ئالىمەن سۈزۈك.

كۆزلەر باركى، دوستانە كۆزلەر،
يۈرىكىمدە ئويغىتار مېھر.
باققىنىدا مەستانە كۆزلەر
ئالار جاننى ئىلكىگە سېھر.

كۆزلەر باركى ئىشەنچكە تولغان،
چىرايىمغا باقىدۇ تەمكىن.
كۆزلەر باركى ياغدۇرۇپ گۇمان،
نائۈمىدتە تەلمۈرەر غەمكىن.

سوغۇق كۆزدىن ئەگىزدەك ئاقار
تەكەببۇرلۇق، ئەپتى كۆرەڭلىك.
كۆزلەر باركى ئالاڭلاپ باقار،
ئۇندا زاھىر دۆتلۈك-دىۋەڭلىك.

چېقىر كۆزدە ئوينار خۇشامەت،
نىگاھىدا تۈلكىدەك قۇۋلۇق.
پىت كۆزلەردە ئۆچمەنلىك-ھەسەت،
قارىشىدىن ياغىدۇ شۇملۇق.

كۆل سۈيىدەك تىنىق كۆزلەرنىڭ
قارىچۇقىدا ئەكسىم كۆرۈنەر.
ئۈمىد شامى يېنىق كۆزلەرنىڭ
رىغبىتىدىن جېنىم سۆيۈنەر.

مېھرى ئوتلۇق ئۇزغۇن كۆزلەرگە
ھۆرمەت، ئىشقىم ئەۋجى ئېقىندۇر.
شۇم غەرەزلىك قۇزغۇن كۆزلەرگە
نەپرەت، قەھرىم مىسلى چېقىندۇر.

* * *

بىر-بىرىگە ئوخشىماس زىنھار
ئۆمرۈمدە مەن ئۇچراتقان كۆزلەر.
چاندۇرمايمەن دېگىنى بىكار،
نىگاھى دىل سىرىنى سۆزلەر.

## قىزارتما گۈلنى

گۈلزارنى كېزىپ قىزارتما گۈلنى،
گۈلدەستە تىزىپ قىزارتما گۈلنى.
ھۆسنىڭگە ھەسەت قوزغاپ چىمەندە،
باغرىنى ئېزىپ قىزارتما گۈلنى.

گۈلگە ھېرىسمەن نەزەردە بېقىپ،
ئىپار سۈمۈرۈپ يۈرسەڭ لەۋ يېقىپ؛
كۈندەشلىك بىلەن قان يۇتۇپ بۇلبۇل،
كەتمىسۇن تېزىپ، قىزارتما گۈلنى.

بۇلبۇلسىز پەسىل گۈلنىڭ قىشىدۇر،
سىرغىغان شەبنەم ھىجران يېشىدۇر.
ئەركەم، ئۆزۈڭنى باغى چىمەننىڭ
رەناسى سېزىپ قىزارتما گۈلنى.

دىلدا لەۋ يېرىپ ئۈزلۈق غۇنچىسى،
ياغسا يامغۇردەك ئىلھام ئۈنچىسى؛
سۆيگۈڭنى ئىزھار ئەيلەپ چىمەنگە،
قەسىدە يېزىپ قىزارتما گۈلنى.

## ساتار

بالقىپ بىر كۈي ساتار تارىدىن،
كەچمىشلەرنىڭ مۇڭى تۆكۈلەر.
قانسىراپ مۇڭ لەرزىدىن زەخمى،
يۈرىكىمنىڭ چېكى سۆكۈلەر.

بالقىپ بىر مۇڭ ساتار تارىدىن،
مۇڭلىرىمنىڭ كۆزىنى ياشلار.
يۈرىكىمگە سېلىپ ئوت-كۆيۈك،
جاننى جۇنۇن دەشتىگە تاشلار.

ياغدۇرۇپ مۇڭ ئۈنلىگەن ساتار
يۈرىكىمنى ئەجدادقا چاتار.

## ئەجدىھا غارى

ياتار سىرلىق ئەجدىھا غارى
چەت پىنھاندا ــ قايراق غولدا.
ئۇ تەبىئەت سېھرىمۇ ياكى
قېزىلغانمۇ ئىنسان قولدا؟

خىيالمنى كۆمدى سوئالغا،
سىرى مەۋھۇم قىسمەتتەك بۇ غار.
بولسۇن ئادەم ياكى تەبىئەت
ھەر ئىككىسى ئۇلۇغ سەنئەتكار.

## تارىم يولۋسى

قانخور شۇملار ئۆلتۈرۈپ سېنى،
ئەپكېتىشكەن تېرەڭنى سويۇپ.
ئەۋلادىڭنى قالدۇرۇپ يېتىم،
ھەمراھىڭنى ھىجراندا قويۇپ.

لوپ دالاسى، تارىم بويلىرى
ئەلمىساقتىن ئىدى ماكانىڭ.
كاج تەقدىرنىڭ زەخمىتى بىلەن
ئازلاپ كەتكەن كۈنسېرى زاتىڭ.

كەلدى قىستاپ تەلۋىلەر يەنە،
ماكانىڭنى بۇزۇپ كۆيدۈرۈپ.
نەسلىڭنى چورت قۇرۇتتى ئاخىر،
ۋەھشىيانە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ...

قىسمىتىڭدىن قالغان رىۋايەت
يادنامەڭدۇر ئەھلى تارىمدا.
ئۆلمەس رەھنىڭ تىمسالى بولۇپ،
ھۆركىرەيسەن يۈرەك-باغرىمدا.

## كۆك يانتاق

چېچەكلەيسەن پىژغىرىم چۆلدە،
پەرۋىشكارىڭ تۇپراق، يورۇقلۇق.
خىرىسلارغا تىكىنىڭ نەشتەر،
سەندە زاھىر روھىي ئۇلۇغلۇق.

چېچەكلەيسەن پىژغىرىم چۆلدە،
ئاخىرىدا يازنىڭ كېچىكىپ.
سىڭىپ كىردى روھىمغا جىمجىت،
قالدى كۆڭلۈم ساڭا ئېچىكىپ.

## مۇز داۋاندىن ئۆتكەندە

سول يېقى تاغ، ئوڭ يېقى جىلغا...
يولچىغا تىك داۋان پىلسىرات.
پىسەنت قىلماس لېكىن خەتەرگە،
گۈزەللىكنىڭ سېھرىدىن ھايات.

بىر تارام سۇ ئاق باش چوققىدىن
ئاقار پەسكە چاچرىتىپ ئۈنچە.
جۇلالانغان رەڭدار گۈل-چېچەك،
تاغ بەستىگە ياراشقان شۇنچە.

جىلغا گويا تەھتى سىرادەك
مۇز داۋاندىن مىڭ غۇلاچ پەستە.
ئاق تۇتۇندەك ئۆرلىگەن مانان،
گۈزەل چۈشنى قوزغىتار ئەستە.

تاغ باغرىدا ئۆسكەن قاتمۇ-قات
ئارچا، قارىغاي قەد كېرىپ تۇرار.
كۆرگەن جانىنىڭ ھۇشى ئاغقۇدەك
سىماسىدا ئۇزلۇق بەرق ئۇرار.

ئاشىق-مەشۇق تاغ بىلەن جىلغا
بىر-بىرىدىن گۈزەل ھەسسىلەپ.
كىممۇ ئېيتار ئۇزلۇق ئېگىز، دەپ،
كۆرۈمسىزلىك بولار پەستە، دەپ؟
(ئاپتور «قەشقەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئارامغا چىققان)

## مىراجىخان

ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئاراقۇمى

«ئاق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ»
كۆڭلۈمنى ئاۋات ئەتتىڭ.
مېۋىلەر چوقۇپ شاختىن،
باغرىمغا تۆكۈپ كەتتىڭ.

ھىجرانغا كۆمۈپ قاتقان،
پاكلىقنى قىلساڭ دۆۋە.
ئەيمىنىپ كېلەلمەيدۇ،
يانىڭغا قارا دېۋە.

قولۇڭغا چىراغ ئالىپ،
ياندۇردۇڭ ئېگىز تاغدا.
رىۋايەت پۈتۈپ قالدى،
ياپيېشىل گۈزەل باغدا.

كارۋانلار يۈرۈپ كەلگەن،
چۆللەردە سېنى ئاتلاپ.
ئاتلارغا تېگەر قامچا،
ئوتلارىڭ يېنىپ لاپ-لاپ!

ئەركەكلەر داۋانلاردا،
مەيدىگە ئۇرار گۈپ-گۈپ.
ناخشاڭدىن ئۇچۇپ چىققىن،
ئىپاردەك پۇراپ گۈپ-گۈپ.

## ھاسا

ئانا يەرنىڭ قەلبىنى چېكىپ،
يۆلەك بولۇپ كەلدىڭ بوۋامغا.
بارماقلارغا ھارارەت سۇنۇپ،
تارىخ سۆزلەپ بەردىڭ مومامغا.

شىلدىرلايدۇ شېرىن ئەسلىمە،
بۇلاقلارنىڭ كۆزىدىن ئۇخچۇپ.
زەر قاناتلىق يىگانە بىر كۆي،
يىراقلاردىن كېلىدۇ ئۇچۇپ.

يېشىل شاختىن ئۈزگەن ئەترگۈل،
چۈشلىرىدە تۇرار چېچەكلەپ.
يۈرەكلەرنى يۈرەكتە ئۇتقان،
كەچمىشى بار ئېتەك-ئېتەكلەپ.

يالترايدۇ پەسىل بېتىدە،
ياشلىق، قىران چاغلار ھەممىسى.
تاغقا چىققان، دەريادا ئۈزگەن،
مۇھەببەتلىك نوھىنىڭ كېمىسى.
(ئاپتورئۈرۈمچى داۋەن يولى غەربىي دىيار يېنىك سانائەت ئېكسپورت بازىسى ب رايون 12-ئىشخانا)

## تاغدىن-باغدىن

ئوسمان قۇربان

مەپتۇن بولدۇم ئۆزلىرىگە،
تولۇن ئايدەك يۈزلىرىگە.
ۋاقتىلىرى چىقارمىكىن،
تەشنا ئىدىم سۆزلىرىگە.

* * *

ياشلىق كاتتا بىر دەۋر،
ئۇندا سۆيگۈ يالقۇنى.
ئۇ باھاردۇر، بولىدۇ ــ
بوران-چاپقۇن، يامغۇرى...

* * *

سىزمۇ بىر كۈن قېرىيسىز،
ئازار بەرمەڭ بوۋايغا.
بۈگۈن كۆكتە ئۇچسىڭىز،
ئەتە زارىسىز قورايغا.
(ئاپتور كورلا شەھىرى 1-ترانسپورت ئولتۇراق رايونى 14-بىنا 201-ئۆيدە)




## غەزەللەر

1

ئەي كۆڭۈل، خوپ بولغىنىڭ سەھۋەن- خاتالاردىن يىراق،
ئۈشبۇ قىسمەت ئىچرە كەلمىش دەرد، جاپالاردىن يىراق.
سۆي ۋاپا قىلغان قاياشنى بىر ئەمەس، مىڭ جان بىلەن،
بولسا ئۆلگەنگە ھېساب ئەھلى ۋاپالاردىن يىراق.
دوستلىرىڭ يەتكۈزدى ئىززەتتە بېشىڭنى كۆككىچە،
قىلما ھۆرمەت جامىنى شۇل ئاشنالاردىن يىراق.
ياسمەنلەرنىڭ ئاراسىدا دېمە ئازغاننى يوق،
مىكرى پىنھاندا ئۆتەركەن سېنى يارلاردىن يىراق.
بىر تاناپ ئۈستىگە قونماسكەن پەلەكنىڭ قۇشلىرى،
بەختى ئىنسانىنىڭ ئەمەسكەن قەست بالالاردىن يىراق.
پەشلىرىڭدىن قىل تېرىپ ئارقان ئېشەرلەر بار ئىكەن،
قاچ، شۇ ئارقاندا غەلەت باغلاپ ساتارلاردىن يىراق.
ھۆل كېسەك تەڭلەپ ئاياغىڭغا يۈرەر شەيتانىمۇ بار،
بول مۇلاقەتتە شۇ يەڭلىغ دىل قارالاردىن يىراق.
بەزىلەر خەجلەپ يۈرەر ئەدلى- ئادالەتنى سېتىپ،
تۇر بۇ ناھەق ئالدىدا سۈلھى سالالاردىن يىراق.
بولغىنى خوپ ھەركىشىنىڭ بۇ پەلەك ئايۋاندا،
پىتنە- تۆھمەت تاشنى پىنھان ئاتارلاردىن يىراق.
ئابدۇقادىر چەكتى قىسمەت ۋارىقىغا نەچچە خەت،
پاك دىلى بولغاچقا غەيرى مۇددىئالاردىن يىراق.

2

بۇ دۇنيا باغى يالقۇنلۇق مېھىر- شەپقەتتە كۆكلەيدۇ،
دىۋار كەينىدە ئۈششۈك خار، گۈلى سۈلكەتتە كۆكلەيدۇ.
باھارغا ئىنتىزار دىللار ئايازنى كۆمسە خۇمدانغا،
چوغىدىن تالى مەجنۇنلار سېھىر- ھېكمەتتە كۆكلەيدۇ.
ھاياتلىق يامغۇرى يەتسە، لېۋىدە غۇنچە يۇلغۇنىنىڭ،
كۆيۈك توغراق ئۈرۈپ خەندە بۈيۈك قۇدرەتتە كۆكلەيدۇ.
شاپائەت مەۋجىدىن دەريا پەۋەس قىرغاق سۆيۈپ ئاقسا،
دىلى چاك ۋادىلار بۇژغۇن سۆيۈپ راھەتتە كۆكلەيدۇ
مۇھەببەت شەربىتى ئىچكەن بىمارنىڭ رەنجىدە دەرمان،
جىمى ئارمانى ئىنساننىڭ شۇبۇ لەززەتتە كۆكلەيدۇ.
جاھان دىشۋارىدىن باغرى تىلىنغانلارغا بول مەلھەم،
پۇچۇلغان قەلبى سەن بەرگەن مادار قۇربەتتە كۆكلەيدۇ.
مۇساپىر ئۆتسە مەلەڭدىن پاناھلىق بەر ئاڭا بىر تۈن،
پاناھىڭ ئەجرىدىن جانىڭ شېخى ھۆرمەتتە كۆكلەيدۇ.
تالاپەت ۋەجدىن نىمجان بولۇپ ياتقاننى قوي يۆلەپ،
كەمەيسە دۆلىتىڭ زەررە ھامان جەننەتتە كۆكلەيدۇ.
شاپائەت ئەھلىنى ھېچكىم ئۇنۇتماس ئىككى ئالەمدە،
دىلى ئاق بولسا ھەر ئىنسان دۇئا- رەھمەتتە كۆكلەيدۇ.
كۆڭۈلگە خەيرىلىك ئىزدەپ ناۋا قىل ئابدۇقادىر سەن،
پۈتۈلگەن كۈيلىرىڭ روھىڭ بىلەن بىر رەتتە كۆكلەيدۇ.

3

دوستلار تۈرۈپ بىر- بىرىنى پەنلىمىسە،
چېكتى يوق ئەمەن سەردە سەرلىمىسە.
جان چىقسىمۇ ئۆز ئىشنى قىلىپ ئۆزى،
ئۆزگىلەرنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمىسە.
ھەر كىشىنىڭ دەرد ۋە بەختى يەتكىچە بار،
چىرىغىنى خەق قولىدا پەرلىمىسە.
باشقىلارنىڭ كالتىكىدە ئۈرۈپ دۇمباق،
مەن پالان دەپ يالغان مەيدە كەرمىسە.
چىللاپ كېلىپ ئالىلكىمنى باراۋەتكە،
چىقمىنى دۇئا بىلەن غەملىمىسە.
شۇ سىياقتا سوقىدىغان يۈرەكلەر بار،
ئۇنىمايدۇ خەقنى قاساپ خەجلىمىسە.
تارتىۋېلىپ ھابداللارنىڭ ماركىسىنى،
ئۇيالماستىن مەيدىسىگە يەملىمىسە.
كىملەرگىدۇر تەئزىم ئېتىپ تۇرسام دەيدۇ،
ئۆسسە تاۋىم، نەرق- ناۋايىم كەملىمىسە.
ئەخمەقلارنىڭ يۇلۇپ- يۇلسام موپلىرىنى،
ئۆز تېنىمدىن بىر تال تۈكۈم تەۋرىمىسە.
شۇ زىكرىدە چوتنى سوقۇپ تۈنلىرىمۇ،
چۈشى چۈشتەك بولماس قولنى تەڭلىمىسە.
قاشاڭلىقنىڭ ئالقىنىدا ئېشىپ يېپىنى،
جۇل كەشنى يۈزى بىلەن چەملىمىسە.
مەيلى كىمنى ئەتسە ئەتسۇن كۈندە مېھمان،
دەردنى ئۆزى تارتسا خەقنى چەنلىمىسە.
ئۆشرە يىغىپ ۋەخپىلەرنىڭ مازارىغا،
دوستلىرىنى ئۆزىدىن بىزار ئەيلىمىسە.
داپ كېرىسە بولغىدەك يۈز تېرىسىدىن،
تومۇزدىمۇ يا قىزىرىپ تەرلىمىسە.
تويۇپ كەتتى ئابدۇقادىر بۇ خىل دوستتىن،
ئەمىن تاپماس دىل ئىشكىنى دەملىمىسە.

(ئاپتور گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)



## ماھنۇر ئابدېلىم

# كۆل رەڭ قىش

(پوۋېست)

خىسلەتخان ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى قانچىلىك قايغۇرغان بولسا، مۇخلىسەمۇ شۇنچىلىك قايغۇردى، ئۆز ئانىسى بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار ئىدى، ناھايىتى قىيىن كۈنگە قالغاندا بېشىنى سىلىغان بۇ ھاجىم مۇخلىسە مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن يەتتە يىلدىن بۇيان ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا كۆپ خەيرىخاھلىق قىلغان ئىدى. مۇخلىسەمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ خىزمىتىدە بولدى، ھاجىممۇ ئۇنىڭغا خېلى يۇقىرى ھەق بەردى ھەم مۇخلىسە بىر ياشتا كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن قىزى ئەقىدەنى مۇشۇ ئۆيدە ھېچنېمىدىن قىسىلماي خاتىرجەم چوڭ قىلىۋالدى. ھاجىمدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا مۇسىبەت قايغۇسى بىلەن تەڭ مۇشۇ ئۆيدىن كېتىش خەۋپى ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك- تۈمەن غەم-ئەندىشىلەرنى سۆرەپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ھاجىم بولمىسا بۇ ئۆيدە ئۇ قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ بېقىشىغا، تاماق ئېتىپ بېرىشىغا مۇھتاج ئەمەس، ئۇ ھاجىمنىڭ ئۆزىدىن قۇسۇر ئىزدەپلا تۇرىدىغان چوڭ قىزىنىڭ ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تېخىمۇ ياتلىشىپ كەتكەن نەزىرىدىن بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى.

ھاجىمنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلگىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدىن كېتىش توغرىلىق گەپ-سۆز قىلمىدى، ئۇمۇ سەھەر تۇرۇپ ئۆيلەرنى چىنىدەك تازىلاپ، ئاش- تاماققا قارىشىپ پەتلەپ كەلگەنلەرنى كۈتۈپ دېگەندەك ئۆتكۈزدى. قىرىق نەزىر بېرىلىپ چوڭ قىز ئۇنى يان ئۆيگە چاقىرغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىكى خاتىرجەم كۈنلىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدى.

-يەتتە يىلدىن بېرى ئانامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلدىڭىز ، - دېدى چوڭ قىز يادلىۋالغاندەك ئاھاڭدا،- ھەممىمىز سىزدىن كۆپ رازى، مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمىدەك بولۇپ قالغانتىڭىز، سىزدىن ئايرىلىش بىزگىمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ، ئانام تۈگەپ كەتتى، ئەمدى سىزنى بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇتۇپ تۇرالمايمىز، بۇندىن كېيىن سىزمۇ قىزىڭىز بىلەن بىرەر تۇرمۇش يولىنى تۇتۇپ ئۆتەرسىز، مانا بۇ مۇشۇ ئايلىق ئىش ھەققىڭىز .

چوڭ قىز شۇنداق دېگەچ بىر تۇتام پۇلنى مۇخلىسەنىڭ ئالدىغا قويدى. مۇخلىسە ئىسەدەپ يىغلىغاچ بېشىنى لىڭشىتتى، چوڭ قىزدىنمۇ رەنجىگىلى بولمايتتى، دېمىسىمۇ ھاجىم ئۆلۈپ كەتسە بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا قىلغۇدەك نېمە ئىش بار؟

ھاجىم قول ئىلكىدە بار، پۇلدار ئايال ئىدى، ئۇنىڭ 2-قەۋەتتىكى بۇ ئازادە ئۆيى مىللىي ئۇسلۇپتا كۆركەم زىننەتلەنگەن، ئاجايىپ ياسداق بېزەلگەن ئىدى، بالىلارنىڭ ئىككىسى چەت ئەلدە ئوقۇشتا، قالغانلار تىجارەت ھەم خىزمەتتە ئىدى. مۇخلىسە كەلمەستە ھاجىم مۇشۇ ئازادە ئۆيدە يالغۇز تۇراتتى.

مۇخلىسە ئۆيدە قالايدىغان ئوتتۇن-كۆمۈر يوق، توڭلاپ چىداپ بولالماي بىر ياشلىق ئەقىدەنى چاپىنىغا يۆگىگىنىچە يېلىڭ مايكا بىلەن دىرىلدەپ تىترەپ بانكىنىڭ ئازادە ئىسسىق كۈتۈش زالىغا كىردى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى كۈنلىرىنى چوڭ ماگىزىنلارنى، سودا سارايلىرىنى چۆگىلەش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتاتتى، بولمىسا سوغۇق ئۆيدە بالا توڭلاپ قالاتتى. مۇخلىسە بانكىنىڭ كۈتۈش زالىدا پارغا يېقىن يەردىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇسساپ كەتسە بىر قېتىملىق ئىستاكاندا ئىچىدىغان ھەقسىز سۇ بار ئىدى. ئۆيدە توڭلاپ كەتكەن مۇخلىسە ئاخىرى مۇشۇ ئامالنى ئويلاپ تاپقان، بۇ

بانكنىڭ كۆتۈش زالىمۇ چوڭ، ئادەممۇ كۆپ، شارائىتىمۇ ياخشى بولغاچقا، مۇشۇ يەردە ئۇزاقراق ئولتۇرۇۋالاتتى. 3- كۈنى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى، يۈرىكىدىكى پەريادلىرى ئاللاھنى تەسىرلەندۈرگەندەك بانكىدا ئۇنى خىسلەتخان ھاجىمغا ئۇچراشتۇردى، پۇل-ئامانەت ئىشلىرىنى بېجىرگىلى كەلگەن خىسلەتخان ھاجىم نۆۋەت كۈتكەچ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ شۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالغان بىر دوستىغا ھال تۆكۈپ، بەكمۇ يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىنى، بولسا ياشانغانلارغا قارايدىغان بىرەر ئادەم تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان مۇخلىسە خۇددى نىجاتكارىنى تاپقاندەك ئۈمىدلىنىپ، ھاجىمنىڭ يېنىغا كېلىپ تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتكەن، ھەم ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر خىزمەت ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ھاجىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىغاندا قۇچىقىدىكى بالىسىغا بەكرەك ئىچى ئاغرىغان، ھەم شۇ يەردىلا ئانا- بالا ئىككىسىنى مۇشۇ ئىسىل، ياسداق ئۆيىگە باشلاپ ئەكەلگەن ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مۇخلىسە قىزى بىلەن ئاش-تاماقنىڭ، كىيىم- كېچەك- نىڭ غېمىنى قىلىپ باقمىدى، قىشتا ئاچچىق سوغۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىدى. ئۇنىڭ قىزىمۇ خۇددى باي ئائى- لىنىڭ ئەركە نەۋرىسىگە ئوخشاش، باياشات تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولدى. پەقەت مۇشۇ چوڭ قىز ئۆيدە پەيدا بولدىمۇ مۇخلىسەلەرگە كۈن يوق ئىدى. قىز كەلسىلا ئانىسىغا «ئانا- بالا ئىككەيلەننى بېقىپ، قولىغا يەنە پۇلمۇ بېرىپ نەدە شۇنداق ئىش باركەن؟بالىسى يوق ئادەمنى ئەكەلسىڭىز بولمامدۇ؟ » دەپ دوق قىلاتتى. بەزىدە مۇخلىسەگە «بالى- ڭىزنى بىرەر تۇغقىنىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىڭ» دەپ قوياتتى. ئۇ بار چاغلاردا كىچىككىنە ئەقىدەمۇ شۈكلەپ ئۈستەلدىكى نازۇ- نېمەتلەردىن بىرەر تال ئېلىشقىمۇ پېتى- نالماي قورقۇمسىراپ ئولتۇراتتى. باياشاتچىلىق، غەم يوق دىگەن بىلەن نېملا بولمىسۇن كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرماق تەس ئىدى. مۇخلىسە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۆيگە چۈشلۈك تاماققا كېلىدىغانلار كوپەيگەن ئىدى.مۇخلىسە ئۇلارغا ئاش- تاماقنى ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن جىددىيلىشىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەت- تى. تاماقنى يەپ بولۇشقان نەۋرىلەر ئويان- بۇيان چېپىپ ئويناپ ئۆينى ئوڭتەي- توڭتەي قىلىۋېتەتتى. چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان چوڭلار بولسا، دەرىزىلەرنىڭ مەينەت بولۇپ قالغانلىقىنى، ئاشخانىنىڭ يېقىندىن بېرى ياخشى تازىلانمىغاز- لىقىنى، تېخى قايسى كۈنلا ئەكىلىپ بەرگەن گۆش ياغ، تاتلىق- تۈرۈملەرنىڭ بىر دەمدىلا تۈگەپ كېتىۋاتقىنىنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى. ئەشۇ بىر پىيالە تاماقنىڭ يېرىمىنى ئاران تۈگۈتۈپ يېيەلەيدىغان ئاجىز-ئورۇق ئەقىدە ئۇلارغا مۇشۇ ئۆينىڭ يىلىكىنى شوراۋاتقان يالماۋۇزدەك كۆرۈنەتتى. نېملا بولمىسۇن مۇخلىسە بۇ كۈنلىرىگە شۈكرى قىلاتتى. ئۇ ئۆزى چوڭ بولغان ئۆيدە، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟ كۆيۈپ- پىشىپ بىللە قېچىپ كېتىپ تېگىۋالغان ئېرى ئۇنىڭغا نېملەرنى قىلمىدى؟ شۇڭا مۇخلىسە ھاجىمنىڭ باللىرى نېملا دېمىسۇن چىداپ ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە ھاجىم كۆڭلى يۇمشاق مېھرىبان ئايال بولۇپ ئەقىدەگىمۇ بەك ئامراق ئىدى. مۇخلىسە ھاجىمدىن قانداق كىيىنىشنى، كىشى- لەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ھەم نۇرغۇن قائىدە- يوسۇن، ئائىللىق پەزىلەتلەرنى ئۆگەندى، قىسقىسى ھاجىم ئۇنى باشقىلا بىر مۇخلىسە قىلىپ ياساپ چىقتى دېسىمۇ بولاتتى.

ئەمدى ھاجىم ئۆلۈپ كەتتى. چوڭ قىزىمۇ گەپنى ئوچۇق قىلدى. مۇخلىسە بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى، نەگە باردۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ مۇخلىسەگە قاراڭغۇ، ئۇنىڭغا ئايدىڭ بولغىنى ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھازىر يېشىلا ئەمەس ئەقلى- ھۇشىمۇ چوڭايدى، ئىلگىرى گۆدەك نادان بولسا، ئەمدى ئاق-قارىنى ئوبدان پەرق ئېتەلەيدۇ. قىزىمۇ ھازىر چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىردى. بىرەر يەردىن ئىش تاپسىلا، قىزىنى بېقىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

ئېسەدەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ يۈقىرىقىلارنى خىيال قىلىپ ئۆلگۈرگەن مۇخلىسە:

-بۈگۈنچە ئەقىدە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ئىجارىگە ئۆي تېپىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئېلىپ كېتەي بولامدۇ؟ -دەپ چوڭ قىزغا ئۆتۈنۈش بىلەن قارىدى. ئۇمۇ ماقۇل بولدى.

مۇخلىسە كوچىمۇ- كوچا قاتىرىدى، ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئۆي ئىجارىسى بەكمۇ قىممەت ئىدى. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىنلا سوغۇق چۈشسە ئۆزىنى كۆرستىدىغان قىش غېمىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا ھېسسىداشلىق قىلىپ ھالىغا يەتكەنلەرمۇ، پىسەنتىگە ئالماي ئۈمىدسىز قالدۇرغانلارمۇ چىقتى. شۇنداق قاتراپ يۈرۈپ ئۇ خىسلەتخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە داۋاملىق كېلىدىغان، ھاجىم بىلەن دىمەتلىك، سەل تولا گەپ قىلىدىغان ئىقلىمخان دىگەن ئايالغا ئۇچراپ قالدى. ئىقلىمخان بىر دەمدىلا ئۇنىڭغا ئۆيمۇ، قىلىدىغان خىزمەتمۇ تېپىپ بەردى. ئۆي دېگىنى ئىقلىمخاننىڭ ھويلىسى- دىكى تارغىنە بىر ئېغىزلىق ئامبار ئۆي ئىكەن، سىڭلىسىنىڭ ئېرى بىر شەخسى دوختۇرخانا ئېچىپتۇ، شۇلارغا دەپ مۇخلىسەنى دوختۇرخانىغا تازىلىق ئىشچىلىقىغا ئورۇنلاش- تۇرۇپ قويىدىغان بولدى، ئىقلىمخان مۇخلىسەنى ئۆيىگە باشلاپ چاي قۇيدى، ھەم خېلى ئۇزۇن گەپكە تۇتۇپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ تىنماي سۆزلەۋاتقان ئاغزىغا قارىغانچە مۇخلىسەنىڭ كاللىسىدىكى غەم-غۇسە تۇمانلىرى تارقاپ كېتىۋاتاتتى،.

ئىقلىمخان ئۇنى ئۇ ئولتۇرماقچى بولغان ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى. سېلىنغاندىن بېرى ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان تارغىنە ئۆي، زەي پۇراپ تۇراتتى. ئۇزۇن- قىسقا ياغاچلار، سۇنۇق ئورۇندۇقلار، نېمىلەردۇ قاچىلانغان تاغارلار، چاقى يوق يېرىم ۋېلسىپىت دىگەندەكلەر ئۆي ئىچىدە توشۇق ئىدى. ئىقلىمخان مۇخلىسەنىڭ چىرايىغا قاراپ نېمىندۇ پەملىگەندەك قوشۇپ قويدى :

-ھەر قانچە ئېسىل ئۆي بولسىمۇ خەقنىڭ ئۆيى دىگەندە

ئەركىن- ئازادە بولغىلى بولمايدۇ، خالىغاندا پۇت- قولۇڭنى
ئۇزۇن سۇنۇپ ياتىدىغانغا يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى بولغىنى
ياخشى. ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، باشقا يەردىن ئۆي تاپىسىڭىز
ئىشلىگەن پۇلىڭىز ئىجارە ھەققىگە كېتىدۇ. ھاجىم بىلەن
بولغان كونا دوستلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ئۆيدە بىكرىغا ئولتۇر-
سىڭىز بولىدۇ، رەھمەتلىك بىلەن كۆڭلىمىز بەك يېقىندى....

ھېلىلا ۋاتىلداپ سۆزلەۋاتقان ئىقلىمخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى
ئومچەرەپ يىغلاپ چۈشۈردى. مۇخلىسەمۇ بىر ھازا كۆز يېشى
قىلدى، بۇ يىغا خۇددى توختامدەك رول ئويناپ مۇخلىسە
ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىقلىمخاننىڭ
كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە ئۆيدىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى
كۆمۈرخانىنىڭ ئارقىغا توشىدى، ئۇزۇن سۈپۈرگە بىلەن تام-
تورۇسلارنى سۈپۈردى، دەرىزىلەرنى ئېتتى. ئىككىسى
ھويلىدىكى ئىككى كىشىلىك كارىۋاتنى مىڭ تەسلىكتە بۇ
ئۆيگە ئەكىرىپ جايلاشتۇردى.

مۇخلىسە ھارغان، ئۈستى- بېشى توپا باسقان ھالدا قايتىپ
كەلگەندە، ئەقىدە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۆزىچىلا يىغلاپ
كەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا ھېچكىم گەپ قىلمىغان، نەزىرگە
كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەچكە يات-يوچۇن كىشىلەر
ئارىسىدا يېتىمسىراپ قالغان ئىدى. بۇ مۇسىبەتتىن ئۇنىڭ
كىچىككىنە يۈرىكىمۇ ئېزىلگەن، ناتىۋان قەلبى بۇندىن كېيىن-
كى قىسمەتلىرىنى ئالدىن تۇيغاندەك مەسۇم چېھرىگە يېشىغا
ماس بولمىغان قايغۇ-ئەلەم بۇلۇتلىرى سايە تاشلىغان ئىدى.
مۇخلىسەمۇ قىزنى باغرىغا بېسىپ ئۈنسىز يىغلىۋالدى.

ئۇ ئۆيدىكىلەرگە ئىجارىگە ئۆي تاپقانلىقىنى، ئەتە ئەتى-
گەن كۆچىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ھەممىسى بىر-بىرىگە
ئېغىزدىن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارمۇ
ھەر ھالدا خېلى ئىنسابلىق ئىدى. بىر دەمدە مەسلىھەتلىشىپ
نەچچە يىلدىن بېرى ئانا-بالا ئىككىسى ئىشلەتكەن يوتقان-
كۆرپە، ئۆيدىكى ئارتۇق چىنە-چەينەك، قازان- قومۇشلارنى
راسلاپ بەردى. نىمشقىكىن مەرتلىكى تۇتۇپ قالغان چوڭ
قىز قات- قات گىلەملەر ئاستىدىن سەل كونىرىغان ئەمما
تۈتقىلى بولىدىغان بىر پارچە يۇڭ گىلەمنى تارتىپ چىقاردى،
ھاجىمنىڭ ئوغلى ئۇنى ماشىنىسىدا ئۆزى كۆچۈرۈپ قويماقچى
بولدى.

ئەتىسى ئۇ قىزنى ئېلىپ ئۆزى يەتتە يىل تۇرغان بۇ
مېھرىلىك ئۆيدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلدى. ھاجىمنىڭ
ئوغلى ئۇنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى ئىقلىمخاننىڭ ھويلىسىغا
چۈشۈرۈپ بېرىپ خوشلىشىپ ماڭدى. ھېچنېمىنى چۈشىنەل-
مىگەن بىچارە ئەقىدە ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ھېلى ئۆيگە
كىرىپ بورا بىلەن يېپىلغان تورۇستىكى يوغان-يوغان
ياغاچلارغا قارىسا، ھېلى ھويلىغا چىقىپ ئۆزلىرىگە جىممىدە
قاراپ ياتقان تاغىل مۈشۈككە قورقۇمسىراپ قارايتتى.

نىھايەت ھېلىقى ئۆي ئادەم ئولتۇرغىدەك ئىسكەتكە
كىردى، لېكىن ھەممىلا يېرىدىن غېرىبلىق مۆك تۆكۈلۈپ
تۇراتتى، ئاڭغىچە ئىقلىمخان ئۇلارنى ھاردۇق ئېشىغا چاقىرىپ
كىردى. ئىقلىمخاننىڭ ئۆيى ئازادە كۆركەم سەرەمجانلاشتۇ-
رۇلغان بولۇپ، كەڭرى سۇپىغا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىن-
غان، ئېسىل پەردىلەر تارتىلىپ، سۇپا ئۈستىدىكى پاكار
ئۈستەلگە خىرۇستال قاچىلاردا خىلمۇ- خىل نازۇ- نېمەتلەر
تىزىلغان ئىدى. ئۇدۇل كېلىپ ئىقلىمخاننىڭ يېنىغا ئەكىۋالغان
نەۋرىسى زىلالە بىلەن ئەقىدە بىر سىنىپتىكى ساۋاقداش
چىقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەقىدەنىڭ بايىقى مەيۈسلىكى،
يېتىرقاشلىرى تۈگەپ ئىككىسى ئويۇنغا چۈشۈپ كەتتى.

تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچكەن سۇيۇقئاش مۇخلىسەنىڭ
نەچچە كۈنلۈك ھاردۇقىنى بىراقلا چىقاردى. ئىقلىمخاننىڭ
زىيادە قىزغىنلىقى ئۇنىڭ كوڭلىنى خېلىلا كۆتۈردى، ئىقلىم-
خانمۇ بۇ ئىشچان يۇۋاش چوكاننى يېنىغا ئەكىۋالغانغا خوش،
يالغۇز زېرىكىپ ئولتۇرمايدۇ، ھويلا-ئارام تازىلاشتىن قۇتۇ-
لىدۇ، مانا ئەمدى نەۋرىسىگە بەلەن ئاغىنە تېپىلىپ ئۇنىڭ
تۇرلۇك غەلۋىسىمۇ ئازىيىدىغان بولدى. قېنى مۇشۇنداق
ئۆتۈپ تۇرسا تېخى زەخمىلىنىپ، ئازراق ئاجىز بولۇپ قالغان
ئىنىسىگە ئېلىپ بېرەلىگەن بولسىغۇ بەك ياخشى ئىش بولاتتى.
ئەتە-ئۆگۈن ئېغىز ئېچىپ باقسام ئۇنارمۇ؟گۇلدەك چىرايى
بار، ئاش- تاماققىمۇ پىشقان، بۇنداق ئادەمنى قولدىن چىقى-
رىپ قويمىغۇلۇق.

ئاغزى ئاشتا بولسىمۇ ئىقلىمخان كاللىسىدا مىڭ خىل
پىلانلارنى سوقۇپ ئولتۇراتتى. مۇخلىسە رەخمەت ئېيتىپ
قىزنى يېتىلەپ ئۆز ئۆيىگە يېنىپ چىقتى. ئەمدى بۇ ئۆي
مۇخلىسەنىڭ ئۆز ئۆيى بولۇپ قالغان ئىدى. ئىشىكتىن كىرد-
شى بىلەنلا ئېغىر مۆك، غېرىبلىق ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى. ئۇ
ئاددىيغىنە ياغاچ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىچىدىن ئىلىۋەتكەندىن
كېيىن قىزى بىلەن ئىككىسىگە ئورۇن راسلىدى، قىزى ئۇخلى-
غىلى ئۇنىماي ئۇنى- بۇنى سوراپ ھاردۇرىۋەتتى، ئەقلىنى
بىلگەندىن تارتىپ ياسىداق بىنا ئۆيدە چوڭ بولغان ئەقى-
دەگە، شۇ تاپتا ئون بەش ۋاتلىق لامپۇچكا ساغۇچ يورۇتۇپ
تۇرغان بۇ ئۆي بەكمۇ غەلىتە قورقۇنچلۇق تۇيۇلماقتا ئىدى.
«ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە قاچان كېتىمىز؟ »دەپ سورايتتى،
بىچارە قىز ھازىرمۇ خىسلەتخان ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئۆز ئۆيۈم
دەپ بىلەتتى، ئۇ ئۆيگە ئەمدى ھەرگىز بارالمايدىغانلىقىنى،
ئۇنداق ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنىڭ ئەمدى ئەسلا نېسىپ
بولمايدىغانلىغىنى بىلمەيتتى. قىزچاق ئاخىرى ئاستا- ئاستا
ئۇيقۇغا كەتتى، چىراقنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن ئۆي گۆردەك
قاراڭغۇلۇققا چۈمدى. مۇخلىسە مۇنداق گۆردەك قاراڭغۇلۇق
ئىچىدىكى غېرىبلىقنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى. ئېرى
تاشلاپ كەتكەن كۈنلەردە ئۇ تالاي كېچىلەرنى بۇنىڭدىنمۇ
كونا ئەبجەخ ئۆيلەردە ئېرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ زار-زار
يىغلاپ ئۆتكۈزگەن ئىدى، شۇ كۈنلەردە ئەتە تاڭ ئاتسىلا
قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان ئېرى بىلەن دۇنياغا كۆز
ئېچىش ئالدىدا تۇرغان قورسىقىدىكى كىچىككىنە جان ئىگى-
سىلا مۇخلىسەنى ياشاشقا ئۈندەپ تۇراتتى، ئۇ شۇنداق
يىغلاپ يۈرۈپ قىزنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى. ئېرىنى
ئىزدەپ ھەتتا ئۈرۈمچىگىمۇ بېرىپ كەلدى، دېرىكىنى
ئالالماي قايتىپ كېلىپ چوقۇم كېلىدۇ دىگەن ئۈمىدتە ئەينى

چاغدا ئىككىسى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئارقا كوچىدىكى كونا ئۆيدە، يېرىم ئاچ يېرىم توق ئولتۇرۇپ ئېرىنى كۈتتى. تاكى ئۆيدە توڭلاپ ئولتۇرالماي بانكىنىڭ تىجارەت زالىدا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپ خىسلەتخان ھاجىمغا ئۇچرىغانغا قەدەر.....

ئۇ ئەينى چاغدا شۇنداق گۆدەك، ئەخمەق ئىدى، ھازىر ئۇ 8 يىل بۇرۇن بەش ئايدەك ئۆي تۇتقان، قىزىغا ھامىلدار بولغىنىغا ئۈچ ئاي بولغاندا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ دىرەكسىز يوقالغان ئېرىنى ئۇنتۇپ قالايلا دەپ قالدى، ئۈمۈدىنىمۇ تەل- تۆكۈس ئۈزدى. ئېرى ئەمدى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ئادەمگە ئايلانغان، قايتىپ كېلىش كەلمەسلىكىنىڭمۇ كارى چاغلىق، ئۇ پەقەت ئۆز ھاياتىنىڭ قىزى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىملىقىنى، قىزى ئۈچۈن تىرىشىپ -تىرەجەپ ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، خىسلەتخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدىكى غەمسىز تۇرمۇش قوينىدا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئاچچىق كەچۈرمىشلەر، دەرد - ئەلەملەر خۇددى نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنى مۇشۇ قاراڭغۇ ئۆيدە ساقلاپ تۇرغاندەك ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتاتتى. پەردە تارتىلمىغان كىچىك دەرىزىدىن كىمدۇر بىرى ماراۋاتقاندەك ئىختىيارسىز تېنى شۈركەندى. تالادىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلىنىپ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۆيگە ئايلاندۇرۇپ شولا چۈشۈرۈپ غايىپ بولدى. بۇنداق شولا ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇش ئىدى. ئۇ بۇنداق شولىغا بەك ئامراق ئىدى. دادىسى شوپۇر بولۇپ، دائىم كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى، ئۇ ماشىنىسىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا توختاتقاندا مۇخلىسە ياتقان ئۆيىنىڭ تېمىغا بايىقىدەك شولا چۈشەتتى، مۇخلىسە خۇشال سەكرەپ قوپۇپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتاتتى، ھالبۇكى ھازىر بۇ شولا ئۇنى بالىلىق چاغلىرىدەك خۇشال قىلالمىدى، ئۇنىڭغا كەلمەسكە كەتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىتىپ، ئۇنى ئەسلەشنى تازا خالىمايدىغان ئازاپلىق كەچمىشلەر قوينىغا سۆرەيتتى.

ئۇ ناھايىتى كىچىك چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىنغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. بۇنى دادىسى ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەنلەردە ، ئۆگەي ئانىسى ئۇنى دۈشكەلەپ تۇرۇپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئوچۇقلا دېگەن ئىدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ بىردىن- بىر تۇغقىنى بولغان رازىيە ھامىسىنى ئىزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەققىي ئاتا- ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆتۈنۈپ سورىدى، لېكىن بىلگىنىدە سورىغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلدى.

-مەنمۇ بەك بىلمەيمەن بالام، -دېگەن ئىدى رازىيە ھاما،-بۇ ئىككىسى توي قىلىپ ئۇزۇنغىچە باللىق بولالمىدى. مەن ئاخىرى ئۇلارغا بالا بېقىۋېلىش تەكلىپى بەرگەن. سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بىر تونۇشۇمدىن ياقا يۇرتتىن بىر قىزنىڭ ئۇنى پانا تارتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ قىزنىڭ تېخى توي قىلماي تۇرۇپ بويىدا قالغانلىقتىن، بالىنى تونۇشۇمنىڭ ياردىمىدە ئالدۇرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۇق. بىز بارلىق تۇغۇت چىقىملىرىغا ئۆزىمىز ئىگە بولۇپ ئۇ قىزنى ئوبدان رازى قىلدىغان، ئۇ قىز بالىسىنى بىزگە تۇغۇپ بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. سەن تۇغۇلغان چاغدا مەن داداڭ بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاپاڭنى بىرلا رەت كۆردۈم، چىرايلىققىنە ياش قىز ئىكەنتۇق. داداڭ بىلەن ئۇ قىزنى رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپ سېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق. بىز ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمىز. ئۆزىمۇ شۇ يوقالغانچە ئىككىنجى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىدى. ئەمدى سەن ئۇ ئىشلارنى ئويلىما، غۇنچەمنىڭ باغرى قاتتىقلىقىنى بىلمىز، لېكىن نىمىلا دېگەن بىلەن سېنى بېقىپ چوڭ قىلدى. داداڭمۇ ساڭا بەك ئامراق، خۇدايىم كېيىنكى كۈنلىرىڭ ياخشى بولۇپ كېتەر.

بۇ گەپلەر خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمىدى، يىراق يەردىن كېلىپ قىلچە مەسئۇلىيەتسىز ھالدا ئۆزىنى تۇغۇپ خەققە بېرىۋېتىپ، توغرىسى سېتىۋېتىپ كېتىپ قالغان بىغەرەز ئانىسىغا ئىچىدە مىڭ لەنەت ئوقىدى. شۇ چاغدا ئۆزىنى تۇغمىغانلا بولسا ھە؟! بېرىۋەتسىمۇ غۇنچەككە بېرىۋەتمەي، باشقا ئاق كۆڭۈل مېھرىبانراق ئادەمگە بېرىۋەتسە بولماستى؟ غۇنچەم، دەرۋەقە بەك قاتتىق قول، باغرى تاش ئۆگەي ئانا ئىدى. ئۇ مۇخلىسەنى باشلانغۇچنى تۈگەتكىچىلا ئوقۇتۇپ چىقىرىۋالدى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ دادىسىغا: «ھەممە پەندىن ئۆتەلمەي مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىرىۋېتىپتۇ، بولدى ئۇنىمۇ قىينىماي ھۈنەرگە بېرەرمىز» دەپلا تۈگەتتى. دادىسى مۇخلىسەگە ئامراق ئىدى، غۇنچەم شۇنىڭ ئۈچۈنلا مۇخلىسەگە ئۆچلۈك قىلاتتى. كىچىككىنە مۇخلىسە مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر- يېنىك ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. چوڭ بولغىچە ئۇ تارتمىغان ئازاپ-ئوقۇبەت، قۇرساق كۆپىكى، ئاڭلىمىغان تىل-ھاقارەت قالمىغان بولسىمۇ لېكىن بۇلار ئۇنىڭ ياشلىق گۈلىنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشىغا ، گۈزەل ھۆسنىنىڭ كۈندىن- كۈنگە تولۇپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولالمىدى. يېتىلىۋاتقان ياشلىق تۇيغۇلىرى ئۇنى كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن بۇ ئائىلىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئۈندەيتتى. ئوتتەك يانغان كۆزلىرى بىلەن مەھەللە دوقمۇشىدىن، يېقىندىن بۇيان قانداقتۇ بىر سودا ئىشى بىلەن مەھەللىسىگە پەيدا بولۇپ قالغان غالىپ ئىسىملىك يىگىتنى ئىزلەيتتى. يىگىتنىڭ كۈچلۈك ئىشتىياق بىلەن تىكىلگەن ھاياسىز كۆزلىرى، ئۆتەر يولدىكى مەنىلىك چاقچاقلىرى تېزلا مېھرگە تەشنا ناتىۋان قىزنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالدى. ئۇلار يوشۇرۇنچە مۇھەببەتلەشتى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇخلىسە غالىپقا شۇ قەدەر باغلىنىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن كېتىشكە تارتىنمايلا ماقۇل بولدى. غالىپ ئۆزىنى ئۈرۈمچىلىك دەپ تونۇشتۇرغان ھەم ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. شۇ تاپتا مۇخلىسە ئۈچۈن ھېلىغۇ ئۇ بېرىشنى بەك ئارزۇلايدىغان ئۈرۈمچى ئىكەن، دەشتى-باياۋانغا ئېلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئالدى- كەينىگە قارىماي ماڭاتتى. ئەخمەق قىز، بىر كۈنى كېچىسى ئۆيىدىن غىپلا قىلىپ قېچىپ چىقىپ غالىپنىڭ ئارقىسىدىن شەھەرگە كەلدى. ئۇلار گەرچە توي خېتى ئېلىپ نىكاھ قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غالىپ ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە بارماي، يا ئۇنى

ئاتا-ئانىسىغا كۆرسەتمىدى يا ئەل-قاتارى يارىشقىنى قىلىپ
توي قىلمىدى. ئۇلار ئارقا كوچىدىكى بىر كونا ئۆيگە جايلاـ
شىپ شۇ ئۆيدە ئەرـ خوتۇن بولۇپ ئولتۇردى. بۇ كۈنلەردە
مۇخلىسە يوقسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان بولسىمۇ،
ئېرى ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى. ئاشخانىلاردا قاچا يۇدى،
كىشلەرنىڭ كىر-قېتىنى يۇيۇپ ئۆيلىرىنى تازىلىدى لېكىن
غالىپ ھېچقانداق ئىشـ ئوقەت قىلمايتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ
يانچۇقىدا خېلى كۆپ پۇل پەيدا بولۇپ قالاتتى، نەچچە كۈن
سەۋەبسىز يوقاپ كېتەتتى، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى مۇخلاـ
سەگە زىنھار ئېيتمايتتى. كېيىنچە ئۇ دائىم ھاراق ئىچىپ مەست
كىرىپ مۇخلىسەنى ئۇرۇپ دۇمبالايدىغان، سەت تىللار بىلەن
ھاقارەتلەيدىغان بولۇۋالدى. مۇخلىسە قورساق كۆتىرىپ ئۈچ
ئايلىق بولغاندا غالىپ بىر چىقىپ كەتكەنچە دېرەكسىز يوقالـ
دى. مۇخلىسە ئەشۇ ئۆيدە ئۇنى ساقلىدى، قورسىقى بارغاند-
چە يوغىنىغاچ ئۇنى ھېچيەردىن ئىشلەتمىدى. ئۇ بوران
ئۇچۇپ تۇرغان ئۆيدە ئېرىنى تاكى توغۇشقا ئاز قالغانغا يېقىن
ساقلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئامال قىلالماي يېزىغا ئۆز ئۆيىـ
گە قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۆيدە يات ئادەملەر كىرىپ-چىقىپ
يۈرۈشەتتى. بىلدىكى ئۆي باشقىلارغا سېتىلغان، شۇ ئارىدا ئۇ
قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ تىل-ئاھانىتىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. دادىسى
مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئىككى ئاي بالنىستا يېتىپتۇ. غۇنچەم
ئۆيىنى سېتىپ دادىسىنى داۋالاتقان بولسىمۇ دادىسى ساقىيالماي
ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قوشنىلار ئۇنىڭ يارامسىزلىقىنى، يۈزسىزلىـ
كىنى ئەيىبلەپ بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىلدى، ئارىدا «ئالا
ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، تېگى پەس ئادەم ھامىنى
شۇنداق پەسلىكىنى قىلىدۇ» دىگۈچىلەرمۇ بولدى.

مۇخلىسە خۇددى مەھەللىدىكىلەر تەرىپىدىن تاش بوران
قىلىنغاندەك يۈرىكى لەختە-لەختە قان، پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ
چېقىۋېتىلگەندەك ئېغىرلاشقان ھالدا مەھەللىدىن ئايرىلدى.
رازىيە ھاما ئالاقاچان ئۆلۈپ كەتكەن قالغان تۇغقانلار يەنە
شۇ غۇنچەمنىڭ جەمەتى ئىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن
سەسكىنەتتى، ھەتتا ئۇيناپ چوڭ بولغان دوستلىرىمۇ كۆرۈـ
شۈشتىن قاچاتتى. ئۇ يەنە غالىپ بىلەن تۇتۇپ ئولتۇرغان
ھېلىقى ئۆيگە كەلدى. غۇربەت تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھەرخىل
ئاماللارنى ئۆگەتتى. تولغىقى تۇتقاندا بىر شەخسىي دوختۇر-
خانىغا بېرىپ ۋايجانلاپ يېتىۋالدى، جىددىيلەشكەن دوختۇر
ھېساباتنى كېيىن قىلىشنى تاپىلاپ بارلىق چارەـ ئامالالار
بىلەن ئۇنى ئۇنۇملۇك تۇغدۇردى. تېخى ماغدۇرىغا كەلمىگەن
مۇخلىسە دوختۇرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ داكىدا
زاكىلانغان بوۋىقىنى كۆتەرگىنىچە دوختۇرخانىدىن قېچىپ
چىقتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا خولۇمـ خوشنىلارنىڭ ياردەـ
مىدىن باشقا تۇرمۇش يولى قالمىغان ئىدى. قىرقىنى ئاران
توشقۇزغان مۇخلىسە تويـ تۆكۈنلەردە قاچا يۇيۇپ شۇنىڭـ
دىن كىرگەن ئازغىنە كىرىم بىلەن ئاچـ توق يۈرۈپ قىزىنى
بىر ياشقا كىرگۈزدى. خىسلەتخان ھاجىمغا ئۇچرىغان چاغدا
ئۇ تۇيۇنۇپ غىزالانمىغىنىغا نەچچە كۈن بولغان، جاكـ جاك
سوغۇقتا پۈتىدا يازلىق ئاياغ، كونا يۇڭ ياغلىقىنى قىزىغا
چىگىپ ئۆزى يالاڭباش، قىزىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ چىرايلىرى
سارغىيىپ تىترەپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئەگەر خىسلەتخان
ھاجىم ئۇچرىمىغان بولسا تەغدىر بورىنى ئۇنى قايەرلەردە
سۇرۇمـ توقاي قىلىپ يۈرەر بولغىيتتى؟ ئۇ خىسلەتخان
ھاجىمدىن تەلىم ئالدى. شۇ ئۆيدە يۈرتىنكى ھۆرمەتكە
سازاۋەر ھەر خىل قاتلامدىكى ئاياللارنىڭ ئىسسىق سۆھبەتلىـ
رىگە داخىل بولدى، كۆزىمۇ ئېچىلدى. ئۇ ئۆز قىلغىنىدىن
نومۇس قىلماقتا ئىدى، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت نىكاھ ئىشىدا
تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك ئەخمەقلىق قىلغانلىغىدىن ئۆكۈندى.
بەلكىم بۇ خوشنىلار دىگەندەك ئۆزىنى تۇغۇپ باشقىلارغا
سېتىپ بەرگەن ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قالدۇرۇپ
كەتكەن ئەدنامىسى بولسا كېرەك. ھازىر مۇخلىسە بەش ۋاخ
نامىزىدا خۇدادىن ئۆزىنىڭ بىلىپـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان
گۇناھىنى تىلەيتتى.ئۆزىنى توغرا يولغا باشلاشنى ئۆتۈنەتتى.

مۇخلىسەنىڭ خىيالى بېرىپ بۈگۈنگە، ھازىرغا توختىدى.
ئەمدى ئۇ بۈندىن كېيىنكى ھاياتىنى مۇشۇ ئۆيدە داۋام
ئەتمەكچى. بىر پارچە كونا يۇڭ گىلەم، بىر مىقلىما ساندۇق،
ئازغىنە قازانـ قومۇش قويۇلغان بۇ ئۆي قىزى بىلەن
ئىككىسىنىڭ بۈندىن كېيىنكى غەمخانىسى بولىدۇ.
مۇخلىسە قىزىنىڭ يوتقىنىنى تۈزىگەچ بىر دەم ئۇخلىماقچى
بولۇپ ياستۇققا باش قويدى . ئېغىر ئۇھسىنىش بىلەن تەك
لەۋلىرى پىچىرلاپ شىۋىرلىدى«ئۇھ ئىگەم بەرگەن كۈنلەـ
رىڭگە مىڭ شۈكرى.»

كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىمىغان مۇخلىسە تاڭ يورۇشى بىلەن
قوپۇپ ئىقلىمخاننىڭ ئويلىغىنىدەك ھويلا ئىچى، ئىشىك
ئالدىلىرىنى چىغ سۈپۈرگە بىلەن پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى،
ئەتىگەنلىك ناشتىنى گاز ئوچاق بولمىغاچقا يەنە ئىقلىمخاننىڭ
ئۆيىدە قىلىشقا توغرا كەلدى، ئەقدە بىلەن زىلالە قول
تۇتۇشۇپ مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن مۇخلىسە ئىقلىمخاننىڭ
ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيلەرنى تازىلاپ چىنە خىش ياتقۇزۇلغان
يوغان بەش ئېغىز ئۆينى پول سۈرتكۈچ بىلەن ئېرتىپ بەردى
ئاندىن ئىككىسى يەنە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

-گاز ئوچاق ئالايمىكىن ئىقلىمخاچا، - دىدى مۇخلىسە،
ھاجىمنىڭ يېنىدا تۇرغان چاغدا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئازراق
پۇل يىغىپ قويغان ئىدىم. بۈگۈن بازارغا بېرىپ قازان بېشىـ
نى ئوڭشىۋالايمىكىن دەيمەن،.

-ئىككى جانغا نىمە قازان بېشى -دىدى ئىقلىمخان
رەنجىگەندەك - مەنمۇ شۇ نەۋرەم بىلەن يالغۇز، گۇڭگۇر--
مۇڭگۇر قىلىشقاچ مۇشۇ ئۆيدىلا ئەتمەيمىزمۇ؟

ئۇنداق قىلساممۇ بولماس، ھېلىمۇ بىكىرىڭغا ئۆي بەرد-
لە، جىق غەمخورلۇق قىلىۋادىلا، قازىنىمنىمۇ بولسا ئۆزەم
قاينىتاي.

-ئىختىيارىڭىز ئەمسە، لېكىنزە ئۆيگە دەپ ئۇنى بۇنى
ئېلىپ جىق پۇل خەجلىمەڭ. قىزىڭىز ئوقۇۋاتىدۇ، جان
دىگەننىڭ ئاغرىق- سىلىقى بار ،ھەر پۇل لازىم بولىدىغان
چاغ تېخى ئالدىڭىزدا. جاپادىن قاچمىسىڭىز ھويلىدا يازلىق
ئوچاق بار، شۇنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىقلىمخان بۈگۈن مۇخلىسەگە تۈنۈگۈندىن بەكرەك ۋاي دەپ كېيىپ باراتتى، كېچىچە تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ چىققان ئىقلىمخان، بولسا سوغۇق چۈشكىچە مۇخلىسەنى ئىنىسى مامۇتجانغا ئېلىپ بېرىش پىلانىنى سۈرۈپ چىققان ئىدى، شۇڭا بۈگۈن مۇخلىسەنىڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئىشىنىمۇ تىلغا ئالماي تۇرغان ئىدى. مۇخلىسە بولسا تېزرەك ئىشقا چۈشكۈسى بارلىغىنى دىگەندىن كېيىن ئاندىن سىڭلىسىغا تېلفۇن ئۇرىۋىدى، مۇخلىسە ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

«بوپتۇ، ئىشلەپ تۇرمامدۇ،، ئەتىلا ئىنىمنى مەن بىر مەزگىل باقاي دەپ يېنىمغا ئەكىلىۋالاي، مېيىپ ئىكەن دەپ ياراتماي قالارمۇ؟ ياراتمىغۇدەك بۇنىڭمۇ ئىسسىق جېنىدىن باشقا نىمىسى بار ئىدى؟ نىملا دىگەن بىلەن ئىنىمنىڭ مۇقىم مۇئاشى، بىنادا توققۇزى تەل ئۆيى بار، بىزمۇ ماۋۇ شەھەردە خېلى يۈز- ئابرويلۇق ئادەملەرنىڭ جەمەتى، بۇنىڭ تەلىيى كەلدى دىسە بولىدۇ تېخى.

ئىقلىمخان ئۆزى سوئال سوراپ ئۆزى جاۋاپ بېرىپ كۆڭلىدە كىملەردۇ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادىنى مۇشۇ ئىش ئىگەللىۋالغان ئىدى. مۇخلىسەنىڭ چەبدەس تېتىك تۇرقىغا، گۈلدەك سۈزۈك چىرايىغا قارىغىنچە بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ ئولتۇرالمايلا قالدى. مۇخلىسە ئىقلىمخانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يازلىق ئوچاقنى ئوڭشاش بىلەن، ئىقلىمخان ئۆيىدىكى ئارتۇقچە ئۇششاق - چۈشەك لازىمەتلىكلەرنى مۇخلىسەنىڭ ئۆيىگە توشۇش بىلەن بەنت ئىدى. مۇخلىسەنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان، نىملا دىگەن بىلەن ئۆز ئالدىغا تۇتقان ئۆيىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خوشاللىغى بار ئىدى، ئەتە ئىشقا چۈشۈۋالسا ھەممە ئىش كېتىپ بېرىپ ئىزىغا چۈشەتتى.

* * *

مامۇتجان ھاسىغا تايىنىپ بالكونغا چىقتى، گەرچە ئەمدىلا ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قىرانلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ كۈنلىرى سەكسەن ياشلىق بوۋايلاردەك كۈندە بالكوندىن پەسكە قاراپ سائەتلەپ خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. چۈش ۋە كەچلىكى ياندىكى بىنادا ئۆيى بار سىڭلىسى تامىقىنى ئەكىرىپ بېرەتتى. بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپلا يەنە ئۆيىگە ئالدىرايتتى. تەنھالىق ھۇۋلاپ تۇرغان غېرىبانە ئۆيدە مامۇتجان يالغۇز قالاتتى.

ئۆيى بۇرۇنقى مەھەللىدىكى چاغدا مامۇتجاننىڭ كۈنلىرى ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ئىدى، ھەممە مەھەللىنىڭ بىرەر پاراڭ قىزىيدىغان دوقمۇشى بولىدۇ، بۇ مەھەللىنىڭ پاراڭ قىزىيدىغان يېرى سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئېرىق بويىدىكى دۇكان ئالدى ئىدى. شۇ يەرگە كىملەردۇ ياساپ قويغان ياغاچ ئورۇندۇقتىن قىشۇ- ياز دىگەندەك ئادەم ئۆكسىمەيتتى.

مامۇتجان بىر قېتىم بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراپ قاتتىق زەخىملىنىپ ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن مېيىپ بولۇپ ئىدارىسىدىن كېسەللىك پېنسىيەسىگە چىقتى. ئۇ ئۆرە بولۇپ ماڭغۇدەك بولغاندىن باشلاپ ھاسىغا تايىنىپ شۇ يەردە ئەل- ئاغىنىلىرى بىلەن گۆڭگۆر- مۇڭگۇر زېرىكمەي كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئىدى. كېيىن مەھەللە شەھەر قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ چېقىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك تەرەپ- تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى، گەرچە تولىسى مۇشۇ بىناغا كۆچكەن بولسىمۇ لېكىن نىمىشقىكىن ھازىر تالادا ئادەم كۆرگىلى بولمايتتى. يالغۇزلۇق، غېرىپلىق سانسىزلىغان يىڭنە بولۇپ مامۇتجانغا سانجىلاتتى.

مامۇتجان ئەسلى بۇغداي ئۆڭلۈك، بەستلىك كېلىشكەن يىگىت ئىدى، قەستكە ئۇچراپ ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ كەلگەندىن بېرى بەستلىك ۋۇجۇدى كىچىكلەپ، بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئاق- سېرىققا مايىل بولۇپ باشقىچىلا سىياققا كىرىپ قالدى، كۈلكە- چاقچاققا ھېرىسمەن، قەھرى- غەزىپىمۇ جايىدا مىجەزىمۇ ئۆزگۈرۈپ جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالغان ئىدى.

مامۇتجان ئۆمرىدە خوتۇنىنىڭ راھىتىنى كۆرگەن بەندە ئەمەس، تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىشقا چۈشكەن يىلى مەھەللىدىكى تۆتىنىڭ بىرى سانىلىدىغان دادىسى ئۇنى ئۆزى بىر قوللۇق ئۆيلەپ قويىمەن دەپ چېكىپ تاللاپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا تۇققانلار ئىچىدىكى بىر تەقۋادار بەش ناماز قىزنى ئېلىپ بەرگەن ئىدى. تويىدىن كېيىنلا قىزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ئېغىر كېسەللىكى ئېنىقلاندى. بۇلارمۇ كۈچ چىقىرىپ خېلى داۋالاتقان بولسىمۇ لېكىن قىز داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. مامۇتجان بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلىق دوختۇرخانىدا سېستىرالىق قىلىدىغان رىشىدەم بىلەن تېپىشىپ قېلىپ توي قىلدى. گەرچە كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغانغا قەدەر شۇ خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ لېكىن خوتۇنىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆزى كىچىكلىكى، پىخسىقلىغى ئۇنى تۇرمۇشتىن جاق تويغۇزدى. رەشىدەم بىرەر خوشنا كىرىپ بىر قاچا ئاش ئىچىپ چىقىپ كەتسىمۇ ياكى مامۇتجان بىرەر توخۇنى ئاچىسىغا بېرىۋەتسىمۇ چىدىماي سوقۇشاتتى. مامۇتجاننى ھېچكىم بىلەن ئۆتنە يېرىم قىلغىلى قويمايتتى، تۇققانلار خوشنىلار ھاجەتمەن بولۇپ كىرسىمۇ يالغان ياۋىداق گەپ بىلەن قۇرۇق قايتۇراتتى.«يىمىگەننىڭ چىشىغا تاش » دىگەندەك رىشىدەم شۇنچە سىقىپ، چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ئۆي تۇتسىمۇ، يا يىگىنى چىرايىغا، كەيگىنى ئۇچىسىغا چىقماي سېرىقتال ئۆتەتتى. بۇنداق تۇرمۇش ھاللىق ئائىلىدە چوڭ بولغان مامۇتجاننىڭ جېنىغا پاتاتتى. ئۇلار ئۇزۇن يىلغىچە پەرزەنتلىك بولالماي ئاخىرى بىر ئوغۇل بوۋاقنى بېقىۋالدى. شۇ بالا ئاغرىپ قالغاندىمۇ رىشىدەم چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىشقا ئۇنىماي ئۆزى يېزىلىق دوختۇرخانىدا داۋالىتىمەن دەپ يۈرۈپ بالا ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان ئىدى. تۇققانلارنىڭ مامۇتجانغا ئىچى ئاغرىيتتى. لېكىن رىشىدەمنىڭ شۇ كۆزى كىچىك پىخسىقلىقىنى دىمىسە باشقا يامان يېرى يوق ئىدى.

يەتتە يىل ئىلگىرى مامۇتجان ئاغىنىسى بىلەن باغ كۆرگەلى بېرىپ، قايتاشىدا خالى يەردە كۆپكۆندۈزدىلا بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىدى. بۇلاڭچىلار پالتا، كالتەكلەر بىلەن قوراللانغان بەش- ئالتە ئادەم ئىدى. مامۇتجان، باغنى ۋەقەدە ئېغىر يارىلاندى، ھېلىقى تىجارەتچى ئاغىنىسى نەق مەيداندا قازا قىلدى. مامۇتجان ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ بېشىغا پالتا ئۇرغان ھېلىقى ئەبلەخنىڭ چىرايىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. مېڭىسى زەخىملىنىپ، زېھنى قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇ ئەشەددى ياۋۇز چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتىنى ياندۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يىللاردىن بېرى تاپقان-تەرگىنى مامۇتجاننى داۋالىتىشقا كەتتى، گەرچە جىنايەتچىلەر جەھەتتىن تۇتۇلغان بولسىمۇ، ھەممىسى زىيانىنى تۆلىگىدەك قۇربى يوق كوچا لۈكچەكلىرى ئىدى. مامۇتجاننىڭ داۋالانغان پۇلى ئۆزىگە بولدى، بۇ ئىش رەشىدەمگە بەك ئېغىر كەلدى. ئېغىر كەلگىنى مامۇتجاننىڭ زەخمىسى بولماستىن، كەتكەن چىقىم ئىدى. ئۇ ئۆلەر ھالدا ياتقان ئېرىگە قىلچە ھېسداشلىق قىلماستىن، چىقىمنىڭ ھېسابىنى قىلىپ ئىچىگە تىناتتى، مامۇتجان سەل ساقايغاندىن كېيىنلا رېشىدەم مامۇتجاننىڭ تۇغقانلىرىغا داۋالىنىش پۇلىنى ھەممەيلەن تەڭ ئۈستىگە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. رېشىدەمنىڭ بۇ قەدەر رەھىمسىز، يۈزسىزلىكىدىن تۇغقانلارنىڭمۇ رايى يېنىپ كەتتى. مامۇتجاننى ئۆرۈمچىگە ئاپىرىدىغان چاغدا رېشىدەم ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى ئېلىپلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىۋالدى. مامۇتجاننى ئاچا، ئۇكىلىرى داۋالاتتى. مامۇتجان ياخشى بولغاندىن كېيىن تۇغقانلار رېشىدەمنى ئەكەلگىلى بېرىپ باردى. رېشىدەم ئۇلارغا:«داۋالاتقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى قولۇمغا بېرىڭلار، ئاندىن ئۆيي تۇتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مامۇتجاننىڭ كۆڭلى بۇ خوتۇندىن تامامەن سوۋۇپ كەتتى، ھەتتا يىرگەندى. ئۇلار ئاجراشقاندىن كېيىن ھېلىقى بېقىۋالغان ئوغۇلمۇ ئۆز ئانىسىنى تېپىۋېلىپ، كەلگىلى ئۇنىماي، ئۇمۇ يوقىدى. مامۇتجان يالغۇز قالدى. تۇغقانلار ئۆيلەپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ:«ياش، تەندۇرۇس چېغىمدا خوتۇن ئېلىپ كۆرگەن راھىتىم مۇشۇ، ئەمدى يېرىم جان بولغاندا ئۆيلىنىپ نېمە كۈن كۆرەي» دەپ قەتئىي قوشۇلمىدى. زېمىنى چېقىلىپ بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىر غېرىبلىقىغا مىڭى قېتىلىپ تەنھالىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيلىنىشنى خىيال قىلمىدى. پەقەت ئۆزىگە ھېچقانداق تۇرمۇش شادلىقى ئاتا قىلىپ باقمىغان، ئائىللىق مېھرى بىلەن سۆيۈندۈرۈپ باقمىغان، ئاددىسى بىرەر پەرزەنتمۇ تۇغۇپ بېرەلمىگەن ئاشۇ خوتۇن بىلەن ئۆتكەن ياشلىقىغا، ھاياتىغا ئېچىناتتى. سالامەتلىكىمۇ ئاستا- ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى، خۇددى بوۋايلاردەك ھاسىغا تايىنىپ ئاستا ماڭاتتى. زېمىنى ھېسابىغا نۇرغۇن پۇلمۇ كەلدى، ھېچنېمىدىن قىسىلمايدۇ، شۇ جانغا ئىككەك سالىدىغان يالغۇزلۇق.

ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلىپ تۇرغاندا ئىشىك چېكىلدى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىدا تۇرغان ئاچىسى ئىقلىمخاننى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئىقلىمخاننىڭ ئۆيى يىراق بولغاچقا، بۇ يەرگە كەمدىن-كەم كېلەتتى. ئاچا-ئىنى ئىككىيلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئىقلىمخان بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

-سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم،- دېدى ئىقلىمخان،- ھەممىمىز ئۆز ئەھۋالىمىز بىلەن قېلىپ سىزگىمۇ ياخشى قارىيالمىدۇق. بىنا ئۆيدە يالغۇز ئىچىڭىز سىقىلىپمۇ قالغاندۇ؟ قوشنىمىز سەمەت ئۇستامۇ گېپىڭىزنى قىلىپ قاپتىكەن، كونا قوشنىلار بىلەن كۆرۈشكەچ بىزنىڭكىدە نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەمسىز؟

مامۇتجان ھەيران قالدى، تەسىرلىنىپ بۇرنى ئېچىشقاندەك بولدى. دېمىسىمۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ باققانلار بىلىدۇ، كىمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن نەچچە كۈن گۇڭگۇر- مۇڭگۇر بولۇشقىسى يوق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقلىمخان ئولتۇرۇۋاتقان قورو ئاتا مىراس قورو ئىدى. مامۇتجان شۇ قورودا چوڭ بولغاچقا، بۇ قورونى دائىم سېغىنىپ قالاتتى. ئاتا-ئانىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئىقلىمخان بۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. جەمەت ئىچىدە قانداقلا چوڭ ئىش بولسا، مۇشۇ قورودا ئېلىپ بېرىلاتتى. مامۇتجان ئاچىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ ئىككىسى ئۆيدىن چىقتى.

مامۇتجان چوڭ قوروغا كېلىپ خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. ئاستا مېڭىپ ھويلا-ئاراملارنى، ئېغىل-قوتانلارنى ئارىلىدى، ئامبار ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئۆيدە سېلىنغاندىن بېرى ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان ئىدى، ھازىر بولسا كىملەردۇ دېرىزىگە پەردە تارتىپ تەكچىگە چەينەك قويۇپ قويۇپتۇ. ئەتراپى پاكىز تازىلىنىپ سۇ سېپىلىپ باشقىچە ئىسكەتكە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ سورىمىسىمۇ ئىقلىمخان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي بۇ ئۆينى بىر چوكانغا ئىجارىگە بەرگەنلىكىنى، ئاجايىپ ئىشچان چوكانلىقىنى، ھازىر نەگە كەتكەن، قاچان كېلىدىغانلىقىدىن تارتىپ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بولدى. مامۇتجان ئاچىسىغا ھەمراھلىق ئادەم بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى.

ئىقلىمخان مۇخلىسەنىڭ ئىشتىن كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ تاماق ئەتتى ھەم كەچلىك تاماقتا مەقسەتلىك ھويلىغا داستىخان راسلىدى. ھويلىغا ئاۋال چۇقىرىشىپ بالىلار كىرىشتى. ئاندىن مۇخلىسە كىرىپ ھويلىدا مېھمان بارلىقىنى كۆرۈپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى. ئىقلىمخان مۇخلىسەنى زورلاپ يۈرۈپ داستىخانغا ئەكلىپ، مامۇتجانغا تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمە پىلان بارلىقىدىن خەۋەرسىز مامۇتجان زىلالەنى ئوينىتىپ ئولتۇراتتى. تاماق كۆڭۈللۈك يېيىلىپ مۇخلىسە قازان- قومۇچلارنى يۇيۇۋاتقاندا، مامۇتجان ئىختىيارسىز ئۇنىڭ نازۇك زىلۋا قامىتىگە، ياش، گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ سالدى. نېمىدىندۇ ئوڭايسىزلىنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىقلىمخاننىڭ ھەدىسە مۇخلىسەنى ماختاپ ئۇچۇرۇشى،

كەچكىچە تاماققا تەكلىپ قىلىشىدىن ماموتجاننىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە گۇمان چۈشتى. يېشى ئەللىككە تاقاپ قالغاندا قىزى دىمەت چوكاننى لايىق تاپقانغا ئاچچىقلانغانمۇ بولدى، لېكىن ئىقلىمخان چىش يېرىپ بۇ ھەقتە ئېنىق گەپ قىلمىغاچقا، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالدى. زىلالەگە ئەگىشىپ ئەقىدەمۇ ئۇنى ماموت دادام دەپ ئاتايدىغان بولدى.

مۇخلىسەنىڭ بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. ماموتجانغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆيدە تېلېۋىزور بولمىغاچقا، ئەقىدە كۈندە كەچتە ئىقلىمخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاغىنىسى بىلەن كارتون فىلىم كۆرۈپ چىقاتتى. بۇ چاغدا چوڭلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇنداق كۈننىڭ بىرىدە مۇخلىسەنىڭ كۆڭلى تارتىپ بۇ ياۋاش مېھرىبان ئادەمگە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى. مۇخلىسە ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، دەردىگە دەرمان بولالايدىغان بۇ ئادەمنى نېمىشقىكىن يېقىن تۇغقىنىدەك ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ماموتجانمۇ ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا بۆلەكچە كۆيۈنىدىغان، پۇرسەت تاپسىلا مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئىقلىمخاننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلدى.

ماموتجان تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى بىراق ئۆيىگە كېلىپلا بىر كۈنمۇ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. مۇھىم بىر نەرسىسىنى ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇپ قالغاندەك بىئارام بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى كەپسىز قىزنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىق بىلەن ئەركىلىشىگە كۆنۈپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ دادا مېھرى كۆرۈپ باقمىغان ئەقىدە ئۇنىڭغا باشقىچە ھاياجان بىلەن ئەركىلەيتتى. ئۇ بىر ھەپتىنى تەستە ئۆتكۈزۈپ يەكشەنبە كۈنى يەنە ئىقلىمخاننىڭ قورۇسىدا پەيدا بولدى. ئۇ ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز ياسىتىپ، ئۈستىۋاشلىرىنىمۇ يەڭگۈشلىگەن، باللارغا تاتلىق-تۈرۈم، ئويۇنچۇق ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ گەرچە مۇشۇ مەھەللىدىكى تويىنى بانا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقلىمخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولدى.

بۇ قېتىم ئىقلىمخان تاقەت قىلالماي ئىنىسىغا گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

-ئۇكام، مۇخلىسەخان قانداقراق ئىكەن؟

-نېمىگە دەيلا ئاچا، قارىسام ئوبدانلىغۇ؟

-شۇ سىزنىڭ غېمىڭىز ئۇكام، مۇخلىسەنى دەسلەپتىلا سىزگە لايىق كۆرگەن، شۇڭا يالۋۇرغىدەك قىلىپ ھويلامغا ئولتۇرغۇزىۋالدىم. قارىسام بەك ئوڭلۇق، ئىشچان چوكان ئىكەن. ئۇنى ئېلىۋالسىڭىززە بەختىڭىز ئېچىلاتتى. بۇنداق ئادەمنى تاپماق تەس.

-سىلى ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۆزى نېمە دەيدۇ؟ قارىسام بەكلا كىچىك تۇرامدۇ، مېنى قېرى كۆرۈپ ياراتماي قالارمۇ؟ بۇرۇن لايىقىنىڭ گېپى چىقسا ماموتجان گەپنىڭ ئۇچى چىقار-چىقمايلا رەت قىلىۋېتەتتى. بۇ قېتىم ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا كىرىشىپ قالدى.

-بەك كىچىكمۇ ئەمەس،-دېدى ئىقلىمخان،-قايسى كۈنى چاندۇرماي سورىسام دەل ئوتتۇز ياشقا كىرىپتۇ، بۇ قىز تويى بولمىغانىكەن ئۇنچىلىك ياش سورۇشتۇرۇپ نېمە كەپتۇ؟ سىزگە ياققانلا بولسا قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا قىش كىرگىچە بېشىڭىزنى ئوڭشايمىزمۇ تېخى، سىزمۇ بۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز بولمايدۇ-دە...

ماموتجاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ماموتجاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن كېچىسى مۇخلىسە قاتتىق بەل ئاغرىقىدىن ۋايساپ ئۇيقۇسىز ياتاتتى، نېمىشقىكىن پۇت-قوللىرىمۇ تېلىپ ئاغرىيتتى، مۇخلىسە قىزىنى تۇغۇپ بىرەر كۈنمۇ ئىسسىق يۆگىنىپ ياتالماي دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىققان، قىرقى توشا-توشماي توي-تۆكۈنلەردە چىنە-قاچا يۇغان، تالاي سوغۇق كېچىلەرنى يوتقىنى بىلەن قىزىنى چۆمكەپ ئۆزى لاغىلداپ تىترەپ ئۆتكۈزگەن. شۇنداق سەۋەبلەردىنمىكىن، بۇ يىلدىن باشلاپ پول سۈرتكۈچىنى سىقىشقىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان، ئىككى ياتاقنى تازىلاپ بولغىچە بېلىنى ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن تازىلىق ئىشچىسى بولغانىكەن، سۇ بىلە ھەپىلەشمەيدىغان ئىش نەدە بار؟ ئۇنى قىلمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نەگىلا بارمىسۇن، مۇخلىسەلەر قىلىدىغان ئىش شۇ تازىلىق قىلىدىغان، سۈرتىدىغان يۇيىدىغان ئىشلار، ھەتتا داۋالانغۇدەكمۇ پۇرسەت يوق. مۇشۇلارنى ئويلاپ مۇخلىسە ئىچ-ئىچىدىن دەۋرەپ كەلگەن يىغىسىنى توختىتالماي قالدى. يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەر؟.....

قاچانلاردا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىدىكى، غەلىتىلا چۈش كۆرۈپ قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتى. چۈشىدە مۇشۇ ئۆيدە قىزى بىلەن ئۇخلاۋېتىپتۇمىش، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ قاپقارا بىر گەۋدە سۆرىلىپ كىرىپ كەلگۈدەك، ھېلىقى گەۋدە ئەقىدەنى كۆتۈرۈپلا چىقىپ كەتكۈدەك، مۇخلىسە قوغلاپتۇ، ھېلىقى گەۋدە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلغان ئىكەن، قارىسا غالىپ ئىمىش.

مۇخلىسە:«بالام، بالام» دېگىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قىزى يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مۇخلىسە قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ يۇمشاق پېشانىسىگە سۆيدى. «تۇۋا، قىزىمنىڭ ئۆز دادىسىمۇ بار» دەپ خىيال قىلدى مۇخلىسە،-ھەجەپ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، نەلەردىمۇ يۈرىدىغاندۇ؟ بۇ كەمگە توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولۇپ بولغاندۇ؟ تۇۋا مېنىمۇ ئانام تۇغۇپلا باشقىلارغا بېرىۋېتىپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسا، قىزىمنىمۇ دادىسى قورساقتىكى چاغدىلا تاشلاپ كەتسە، نىمانچە شور پېشانىلەرمىز؟ ئاھ خۇدا، مۇشۇ ئاجىز قىزىمنى مېنىڭ كۈنۈمگە قويمىغايسەن.

مۇخلىسەنىڭ گېلى قۇرۇپ، بەدەنلىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى، بېشى تاشتەك ئېغىر، كۆزىنىمۇ ئارانلا ئاچتى، تاڭ يورۇپ كەتكەن ئىدى. قىزى بىلەن ئاددىيغىنە ناشتا قىلىپ تۇرۇشىغا زىلالە ئەقىدەنى چاقىرىپ، باللار مەكتەپكە ماڭدى. مۇخلىسە ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ ھويلىغا چىقتى. باشقا كۈنلىرى بۇ كەمدە ھويلا-ئاراملارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ بولاتتى. ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولغان مۇخلە-

سە بولۇشىدىكى سۈپۈرگىنى ئېلىشقا بېشى قېيىپ نېمە بولغانلىغىنى ئۇقمايلا قالدى. ئارقا تەرەپتىن چىققان مامۇتجان يەردە سوزۇلۇپ ياتقان مۇخلىسەنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ھەم ئىقلىمخاننى چاقىردى، ئۇلار مۇخلىسەنى يۆلەشتۈرۈپ ئىقلىمخاننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇشتى.

- قىزىپ كېتىپتۇ،- دېدى ئىقلىمخان،- دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

ئۇلار دوختۇرخانىغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا مۇخلىسە ھوشىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان ئەپتىدىن ئۇيۇلۇپ ئىتتىك ئۆرە بولدى.

- نېمە بولغاندىمەن، تۇيۇقسىزلا بېشىم قېيىپ، نېمە بولغانلىغىنى ئۇقالمايلا قالدىم.

- تېز دوختۇرخانىغا بارايلى،- دېدى ئىقلىمخان،- قىزىپ كېتىپسىز.

- بولدى، جىددىيلەشمەڭلار،- دېدى مۇخلىسە،- مەن ھېلى شۇ دوختۇرخانىغا ئىشقا بارىدىغان تۇرسام، ئىشلىگەچ ئۆزۈم كۆرۈنەي.

- مۇشۇ ھالىڭىز بىلەن قانداق ئىشلەيسىز؟ كۆزىڭىز ئىششىپ، چىرايىڭىزمۇ باشقىچىلا تۇرىدۇ.

- ھېچ گەپ يوق، ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىدىم، بىر دەمدە ياخشى بولۇپ قالىمەن.

شۇ كۈنى ئىقلىمخان مۇخلىسەگە ئاتاپ يېڭى گۆشتە شورپا قايناتتى، مۇخلىسە ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، مىچچىدە يىغلاپ كەتتى.

- رەخمەت ئاچا، ئانام بولسىمۇ سىلىچىلىك قىلار ئىدى، مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار.

مۇخلىسە شۇ ياتقانچە بىر ھەپتە يېتىپ قالدى، خاتىرجەم بولالمىغان مامۇتجانمۇ ئۆيىگە كەتمەي مۇشۇ ئۆيدە خېلى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ياش چوكانغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان، ئىقلىمخاننىڭ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى ناھايىتى تېز ئۇلغايتقان ئىدى. مۇخلىسەنىڭ مۇڭ يېغىپ تۇرغان خىيالچان كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيەت بىلەن ئۇنى خۇشال قىلغۇسى، ئۇنى بارلىق ياخشى نەرسىلەردىن بەھرىمان قىلغۇسى كېلەتتى. ئەگەر مۇخلىسە ئۇنىڭغا تېگىشكە ماقۇللا بولسا، مامۇتجان ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار.

مامۇتجان ئىلگىرىكى ساغلام، جۇشقۇن ھالىتىگە قايتقاندەك روھلۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغان، زورلاپ باستۇرۇپ قويۇلغان ئەرلىك تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ، ۋۇجۇدى باشقىلەتتىن جانلاندى. بۇ يېشىدا قەلبىنى بۇنچىلىك لەرزىگە سالغۇدەك مۇھەببەتنى ئاتا قىلغان ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. بىر كۈنى ئارتۇق كۈتۈشكە سەبرىسى قالمىغان ئىقلىمخان مۇخلىسە بىلەن رەسمى سۆزلەشتى. بۇ كۈنلەردە مۇخلىسەمۇ بۇنداق ئۆتكىچە ياخشىراق بىرەر ئەر بولسا تېگىپلا «ماۋۇ مېنىڭ ئۆيۈم» دەپ ئولتۇرسامىمۇ بولاتتى، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. بىر ئۆمۈر بۇنداق ئۆتكۈسى يوق ئىدى، گەرچە ئەرگە تېگىپ بىر بالىلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى، ئەر كىشىنىڭ مېھرى دېگەنلەرنى بىلمەيتتى، بىر ئىللىق ئائىلىسى بولۇشنى قايسى ئايال ئارزۇ قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مامۇتجانمۇ باشتىلا مۇخلىسەگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىر باش قېتىمچىلىقى بار ئىدى.

- ئىقلىمخاچا،- دېدى مۇخلىسە خىجىللىقتىن قىزىرىپ،- مامۇتكامغۇ بەك ئوبدان، لېكىن مېنىڭ ھازىرغىچە توي خېتىم قولۇمدا، ئەقىدەنىڭ دادىسى بىلەن تېخى ئاجراشمىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈك- تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. شۇ ئىشلىرىم تاقىشىپ قالارمىكىن.

خۇشاللىقتىن ئىقلىمخاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

- بولدۇ قىزىم، شۇنداق قىلايلى، ئاۋۇ مۇشۇ كوچىدىكى 1- ئۆيچۇ، شۇ ئۆيدىكى رەيھانەمىنىڭ قىزى، سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيتتى، بۇ ئىشنى شۇنىڭدىن سۈرۈشتى قىلىپ باقايلى، مەن ھازىرلا كىرىپ مەسلىھەت سوراپ چىقاي.

بىر دەمدە ئىقلىمخان روھى چۈشۈپ قايتىپ كىردى.

- گېزىتكە ئېلان بېرىدىكەنمىز، ئىش دېگەن تولىكەن، ئاۋۋال ساقچىخانىغا بېرىپ ئېرىڭىزنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىقىغا ئىسپات ئالىدىكەنمىز، ئاندىن ئەرز سۇنۇپ گېزىتكە ئېلان بېرىدىكەنمىز، ئېلان چىقىپ 78 كۈن بولغاندا سوت ئېچىپ ھۆكۈم چىقىرىدىكەن، شۇ ھۆكۈمنىمۇ يەنە گېزىتكە ئېلان بېرىپ 60 كۈن بولغاندا كۈچكە ئىگە بولىدۇ دەيدىغۇ، يەنە تېخى دەۋا ھەققى، ئېلان ھەققىگە بىر مۇنچە پۇل تۆلەيدىغان گەپ ئىكەن.

- مەيلى، شۇ ئىشىم ھەل بولىدىغان، شۇ لەنتى توي خېتى بىكار بولىدىغان ئىش بولسا، نېمە كەتسە مەيلى.

- گەپ نېمە كېتىشتە ئەمەس، ئەلەڭگىنى بەلەڭگە قىلىپ بولغىچە تۆت ئايدەك ۋاقىت كېتىدىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئىشنى نىمىشقا ئويلىمىدۇق دەيمەن.

- تۆت ئايمۇ ھەش- پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتەر.

تويىنى سوغۇق چۈشكىچە قىلىۋەتمەكچى بولغان ئىقلىمخان جىلە بولۇپ قالدى. ئەتىسىلا ئۇ مۇخلىسەنى سۆيلەپ سوت مەھكىمىسىگە بىللە بېرىپ ھېلىقى قوشنا قىزنىڭ ياردىمىدە رەسمىيەتلەرنى بېجىردى. ئەمدى شۇ سۈرۈۋۈك ۋاقىتنى ساقلايدىغان گەپكەن.

ئاچىسىنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز كۆرگەن مامۇتجان ئۆيىگە يېنىپ كەلدى، قۇربان ھېيت كېلىپ قالغان ئىدى. ئۆيدە تۈزۈك تۇرمىغاچقا نەرسە-كېرەكلەرنى توپا باسقان، مۇزدەك سوغۇقلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىقلىمخان مۇخلىسەنى نىكاھ قىلدۇرۇپلا ئەكىلىپ قويماقچى، توي خېتىنى كېيىن تولۇقلىۋالماقچى بولۇپ مەسلىھەت سالغاندا، مۇخلىسە قوشۇلمىدى. چۈنكى سوت مەھكىمىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا سۈرۈك ۋاقتى توشمىغۇچە توي قىلىشقا بولمايدىغىنى ئېنىق ئەسكەرتكەن ئىدى.

مامۇتجان ھېيتقا ئاتاپ مۇخلىسەگە ئىسىل بىر پارچە رەخت بىلەن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك كىرگۈزدى. بۇ مۇخلى-

سە ئۆمرىدە ئېرىشكەن تۇنجى سوۋغات ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدا ئۇ ئۆگەي ئانىسىدىن ئاشقانى كىيىپ چوڭ بولدى. كەينىدىن قىچىپ يۈرۈپ تەككەن ئېرى ئۇنىڭغا ئېرى ياغلىق چاغلىق نەرسە ئارتىپ قويمىدى. خىسلەتخان ھاجىم بەرگەن پۇللارنىمۇ بالىسىنى داۋالتىمەن دەپ يىغىپ، قىزلاردىن ئاشقانى كىيىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇچىسىغا پاللىدە كىيىم چىقىپ باقمىغلى قاي زامان؟ كۆزنىگە لىققىدە تولغان ياش رەختىنىڭ پارقىراق كۆزلىرىدىن تېخىمۇ يارقىن نۇرلارنى چاچرىتىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈزۈن-قىسقا ئالا-يېشىل نۇرلارنى زاھىر قىلدى. ئۇ خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىدىكى ھاياجاننى تەستە بېسىپ، ئۆزىنىڭ بۇ نەرسىلەرنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىنى، تۇرمۇش دىشۋارچىلىقىدا ئويلاشقىمۇ، ئارزۇلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تولا قاتتىق-يىرىك ئىش قىلىپ يىرىكلىشىپ كەتكەن قولىنىڭ بارمىغى ئايال كىشىنىڭ قولى بولۇپ يارىلىپ تۇنجى قېتىم ئالتۇن ئۈزۈك كۆردى. مۇخلىسە شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. سوۋغاتنى كۆرۈپلا بۇنچە خۇشال بولۇپ ماموتجانغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكىنىدىن خىجىل بولۇپمۇ قالدى. سەۋەبىنى ئويلاپ ئەزەلدىن بىراۋنىڭ ئۆزىگە مۇنچىلىك مېھىر ئاتا قىلىپ باقمىغىنىنى، مەھرۇم قالغان نەرسىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى ئويلاپ كۆز يېشىمۇ قىلدى.

ھېيتلىق ئارامدىن كېيىن ماموتجان مۇخلىسەنى ئىشلەشتىن توستى، لېكىن مۇخلىسە يەنە ئىككى كۈن ئىشلىسىلا بىر ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالالايتتى. دوختۇرخانا كارىدورىنى سۈرتىۋاتقان مۇخلىسە تۇيۇقسىز ياندىكى بىر ياتاقتىن ئېچىنىشلىق ۋايجانلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. بۇنداق ئاۋازلار بۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئاۋازنىڭ قايەرىدۇر مۇخلىسەگە ئاجايىپ تونۇش ئاڭلاندى. ئۇ پول سۈرتكۈچنى ئىشتەرگىنىچە شۇ ياتاققا كىردى. كارۋاتتا قولى تېڭىلغان بىرەيلەن ۋايجانلاپ ياتاتتى. ئىككىيلەن بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئورۇقلاپ قارىداپ كەتكەن، ئەينى چاغلاردىكى قاپقارا چاچلىرى چۈشۈپ تاقىر باش بولۇپ قالغان غالىپ مۇخلىسەنى كۆرۈپ ساق قولى بىلەن ئۆرە بولدى. تاپىنىدىن ياماشقان تىترەك مېڭىسىگە تېپىپ چىققان مۇخلىسە غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

-بۇ سەنمۇ؟ ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ يا گۆردىن چىقتىڭمۇ؟ ھايات بولساڭ مانا مەن دەپ قاراڭنى كۆرسەتسەڭ، ساڭا ئېسىلىۋالارمىدىم؟ ئەر كىشى بولساڭ تاشلاپ كېتىدىغان ئىشىڭ بولسىمۇ، ئارىنى ئوچۇق قىلىپ كەتمەمسەن؟ مېنىڭ ھاياتىمنى نابۇت قىلغۇدەك مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ ئانا- بالا ئىككىمىزنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەتلەرنى سالغىنىڭنى بىلەمسەن؟

-گېپىمنى بىر ئاڭلا،- دېدى غالىپ زەئىپ ئاۋازدا،-ئۆلەي دەپ تۇرسام ئادەمنى تىللاۋەرمىگىنە، بىر دەم جىم ئولتۇر، ھە، مۇشۇنداق، ئەمدى مەن گەپ قىلاي.

مۇخلىسە ئاچچىق بىلەن ياندىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچراپ قېلىپ بەك ياخشى بولدى، ئەتە سوتقا سۆرەپ ئاپىرىپ يۈز تۇرانە ئاجراشسا ھېلقى سۈرۈك دېگەننى ساقلىمىسىمۇ بولاتتى.

-سېنى بەك ئىزدەپ كەتتىم،-دېدى غالىپ،- شۇ كۈنى ئاغىنىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ بىر بولاڭچىلىق دېلوسىغا چېتىلىپ قالدىم، ھەممىسى تۇتۇلۇپ پەقەت مەنلا قېچىپ كېتەلىدىم. بىر مەزگىل ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يۈردۈم، قايتىپ كېلىپ سېنى ھېچيەردىن تاپالمىدىم. ئۆگەي ئاناڭنى تېپىپ سورىسام، ئۇمۇ بىلمەيدىكەن. بالىمىز بارلىقىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم، لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ سىلەرنى پەقەت تاپالمىدىم.

مۇخلىسە ئازراق پەسكويغا چۈشتى.

-بالىمىزچۇ؟ چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ؟

-ھەئە، 2- سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ.

-ئىسمى نېمە؟

-ئەقىدە.

-ئۇنى بەك كۆرگۈم بار، سىلەر قانداقراق تۇرۇۋاتىسىلەر؟ قارىسام بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، مۇشۇ يەردە ئىشلەمسەن؟ ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ ساقچىلاردىن قېچىپ ئوچۇق-ئاشكارە يۈرەلمىدىم، مېنىڭ ھازىرقى ئىسمىم يۈسۈپ، بۇندىن كېيىن مېنى يۈسۈپ دېسەڭ بولىدۇ.

-غالىپ بولامسەن، يۈسۈپ بولامسەن، ئىككىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنلىكىمىز يوق. لېكىن سەن بىلەن بېجىرىدىغان كىچىككىنە ئىش بار، ئەتە مەن بىلەن سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئاجرىشىسەن.

-نېمە؟ ساقچىلاردىن قېچىپ يۈرسەم ئۆز ئايىغىم بىلەن بارامدىم؟

-ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ قىزىم بىلەن ئىككىمىزنى ئويلاپ قويدۇڭمۇ؟ كۆرگەن كۈنلىرىمنى ساڭا دادلىغۇم يوق، ماڭىمۇ تۇرمۇش كېرەك.

-مانا بىر ئائىلە جەم بولدۇققۇ؟

-بىر ئائىلە؟ سەن تېخى ئۆزۈڭنى قىزىمغا دادا بولۇشقا لايىق چاغلامسەن؟ يوقاپ كەتكىنىڭنىغۇ بولدى تەقدىرگە دۆڭگەيلى، ئۆز ۋاقتىدىمۇ ماڭا قانچىلىك ئەسكىلىك قىلمىدىڭ؟ سېنىڭدىن يېگەن تاياقلىرىم، ئىشتكەن ئاھانەتىم ئازما؟ ئۆزۈمگىمۇ ئاز، سەندەك ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەلە-مەلىنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولدۇم. ئۆگەي بولسىمۇ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالسامىمۇ بۇ كۈنگە قالماستىم. بولدى، ئەمدى سېنىڭ بىلەن ئىشىم يوق. ئەتە مۇشۇ چاغدا كېلىمەن، تەييارلىق قىلىپ تۇر.

مۇخلىسە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە يوق ئادەم بىلەن ئېلان چىقىرىپ ئاجراشقاندىن دەرقەمدە تۇرۇپ ئاجراشقان ئىشەنچلىكرەك ئىدى. شۇنچە يىلدىن بېرى دېرىكى بولمىغان غالىپنىڭ مۇخلىسە گېزىتكە ئېلان بەرگەندە تېپىلىپ قالغانلىقى قىزىق. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يۈزلىشىپ ئارنى ئوچۇق قىلغان ياخشى. كەچتە ئۇ ماموتجان بىلەن گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەش ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بۈگۈنكى ئىشنى دەيمۇ-دېمەيمۇ دەپ ئويلىنىپ

قالدى. ئاخىرى ھازىرچە دېمەي تۇرۇشنى لايىق تاپتى، مامۇتجان ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قاپقارا ئەگمەچ قاشلىرىغا، شەھلا كۆزلىرىگە، سۈزۈك بويۇنلىرىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قالدى.

-تويدىن كېيىن مېنى قېرى كۆرۈپ ياراتماي قالارسىزمۇ؟-دېدى،- مامۇتجان ئەندىشىسىنى يوشۇرماي چاقچاققا يۆلەپ.

-قېرى كۆرسەم ماقۇل بولاتتىممۇ؟-دېدى مۇخلىسە خىجىللىق بىلەن. كۆڭلىدە:«ياشقىمۇ تەگكەن، بۇرنى-قۇلىقىمغىچە تويغان» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى ئۇ غالىپنىڭ يېنىغا كىرگەندە غالىپ خىيالى ياتاتتى.

-مەن ساڭا تەييارلىق قىلىپ قوي دېدىمغۇ؟-دېدى مۇخلىسە ئاچچىق بىلەن.

غالىپ سەل ئۆزگىرىپ قالغان، تۈنۈگۈندىن قوپاللىشىپ قالغان ئىدى.

-نەدە شۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن. مەن ئاجراشمايمەن.

-سەن نېمە قىلماقچى؟ مەن ساڭا يامانلىق قىلمىغان غالىپ، مېنى ئۆمۈر ۋايەت بەختسىز قىلاي دەمسەن؟ نېمە ئۆچۈڭ بار مەندە؟

-ئاجرىشىمەن دېسەڭ شەرتىم بار. بىرىنچىدىن، قىزىمنى ماڭا كۆرسىتىسەن. ئىككىنچىدىن ماڭا داۋالانغىلى پۇل بېرىسەن.

-نېمە؟ بىزنى يەتتە يىل تاشلىۋېتىپ يەنە تېخى پۇل دەمسەن؟ پۇلۇم بولسا مۇشۇ مەينەتچىلىك ئىچىدە يۈرەمتىم؟

-ئازراق بولسىمۇ باردۇر. بىلەمسەن، مەن تاماق يېمىگىلى ئىككى كۈن بولدى. قايناقسۇ بىلەن موما يەۋاتىمەن، يارام ئېغىر، ساقچىدىن قېچىپ مۇشۇ شەخسى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىمەن، تاماقنىمۇ يۈرەكلىك چىقالمايمەن، ماڭا تاماق ئەكىرىپ بېرەمسەن؟

- بۇنىڭغا بولىدۇ، شەرتىڭغۇ تۈگىگەندۇ؟

-توختا، يەنە بار، ماڭا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىڭما؟ بىر كۈنلۈك ئەر-خوتۇننىڭمۇ يۈز كۈنلۈك مېھرى بولىدۇ، بىز دېگەن ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشىق-مەشۇقلار، ھازىرمۇ مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىمسەن. مەن بىلەن كېتىپ بىرەر ھەپتە بىللە تۇرامسەن يا؟

-ئاگاھ بول، مەن سېنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرەلەيمەن، نېمە دېسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالما. سەن بولمىساڭمۇ ئاجرىشىۋېرىمەن، قانۇننىڭ سېنىڭدەكلەرگە تۈزۈپ قويغان ئايرىم ماددىلىرىمۇ بار. سېنى ئادەم ئېتىپ مەسلىھەت ساپتىمەن. خوش، ئەمدى مېنىمۇ، قىزىمىزنىمۇ كۆرەلمەيسەن!

مۇخلىسە غەزەپتىن تىترەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. يەنىلا شۇ سۆرۈكنى ساقلىغان ئەۋزەل ئىكەن. ئەمدى بۇ مەرەزنى كۆرۈشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

مۇخلىسە غالىپ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قېچىپ نەچچە كۈن ئىشقىمۇ بارمىدى، قىزىنى تاپشۇرۇق ئىشلەتكەچ تاماققا تۇتۇنغان مۇخلىسە ئىشىكنىڭ چېكىلگىنىنى ئاڭلاپ بېرىپ ئېچىپلا بوش تۇۋلىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا قولىنى تېڭىۋالغان غالىپ تۇراتتى.

- ئىشقا بارمىساملا تاپالمايدۇ دەپ قالدىڭما؟ ئۇنداق ياۋاش غالىپ يوق بۇ جاھاندا.

غالىپ داڭ قېتىپ قالغان مۇخلىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆيگە ئۈسسۈپلا كىردى.

-ھە، قىزىممۇ باركەنغۇ؟ كېلە قىزىم. تېخى تاماقمۇ ئېتىۋېتىپسەن، ئادەم ئۇزۇن يىل ئايرىلغان ئائىلىسىگە قايتىپ كەلسە نېمە دېگەن ياخشى.

ئەقىدە توساتتىن كىرگەن بۇ ئادەمدىن قورقۇپ بۇلۇڭغا بېرىۋالدى، غالىپ ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ قول ئۇزىتىۋىدى، ئۇ بىر چىرقىراپلا ئايلىنىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

-ساقچى چاقىرماستا كۆزۈمدىن يوقال!-دېدى مۇخلىسە.

-سەن بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەت بار.

مۇخلىسە قىزىنىڭ ئايىغىنى كىيدۈرۈپ ئىقلىمخاننىڭ ئۆيىگە چىقىرىۋەتتى.

-مېنى ياشىغىلى قوياسەن؟!-دېدى مۇخلىسە.

-ئاڭلىسام خېلى ياشاۋېتىپسەنغۇ؟ ئىشلىرىڭ كاتتا ئىكەن. بىر پۇلدار قېرىغا تەگمەكچى بوپسەنغۇ؟ شۇڭا ئاجراشقىلى ئالدىراپ كېتىپتىكەنسەن؟ ھەممە ئادەم بىلىپ بوپتۇغۇ؟

- بۇنىڭ نەرى بولمايدىكەن؟ ساڭا مەن يۈزسىزلىك قىلمىغان، بىزنى ئۆزۈڭ تاشلاپ كەتتىڭ، سېنى ھەتتا ئۆرۈمچىگىچە بېرىپ ئىزدەپ كەلدىم. تارتقان كۈنلىرىمنى سەن تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن. يەتتە يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟ قىزىم كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولدى، مانا ھازىر كۆرۈۋاتىسەن، خەقنىڭ ئامبىرىنى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرىۋاتىمىز، قېنى ئەرگە تەگسەم كىم مېنى ئەيىبلەيدىكەن؟ غالىپ، سەندىن ئۆتۈنەي، قىزىمىزنى ئويلا، ئۇ ئۆز پۇشتۇڭغۇ؟ ئۇمۇ ئىللىق ئائىلىگە، خاتىرجەم تۇرمۇشقا، تەربىيەگە مۇھتاج. بۇلارنى سەن بىلەن مەن قىلىپ بېرەلمىدۇق. ھەر ئىككىمىز يېتىمچىلىكتە قېقىلىپ-سوقۇلۇپ چوڭ بولغان، ئوقۇيالمىدۇق، ياخشى تەربىيە كۆرمىدۇق. شۇڭا كۆرگەن كۈنىمىز مۇشۇ. ئاشۇ نارسىدە قىزىمىز بىزنىڭ كۈنىمىزگە قالمىسۇن، ئەرگە تېگىشىمدىكى مەقسىتىمۇ شۇ قىزىمنى ياخشى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق چوڭ قىلاي دەيمەن. شۇڭا ماڭا پۇتلاشما، ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى.

-سەن پۇلدارغا تېگىپ راھەي كۆر، مەن قورقۇپ تىترەپ ئۆتەي، شۇنداقمۇ؟

-بۇنى مەندىن كۆرەمسەن؟ كىم سېنى بۇلاڭچىلىق قىل دەپتىكەن. ئەر كىشى بولغاندىكىن بىرەر تۇرمۇش يولى تاپارسەن.

- بولىدۇ، يولىمىزغا ماڭساق ماڭايلى، لېكىن ماڭا ئوتتۇز مىڭ يۈەن بېرىسەن.

-ئوتتۇز مىڭ يۈەن؟- مۇخلىسە كۈلۈپ كەتتى،- چوڭ بولۇپ ئوتتۇز مىڭ يۈەن ئەمەس، ئۈچ مىڭ يۈەننىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. قاملاشقۇدەك گەپنى قىلايلى، بەك قىيىن كۈنگە

قالغان بولساڭ دوختۇرخانىدا تېخى ئالمىغان بىر ئايلىق مۇئاشىم بار، شۇنى ساڭا بېرەي، ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلما.

-سەندە پۇل يوقلۇقنى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن ھېلىقى قېرىغا بىكىرىغا تەگمەيدىغانسەن؟ بىزدە تويدا ئايال تەرەپكە داستىخانلىق بېرىدىغان قائىدە بارغۇ؟ سەن ھەم ياش، چىرايلىق بولغاندىكىن ئۇ قېرى ساڭا ئوتتۇز مىڭ يۈەن بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. سەن ئاۋۋال ئوتتۇز مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئالدىمغا قوي، ئاندىن ئاجرىشىمەن.

غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان مۇخلىسە بالىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى يېيىلىپ ياتقان ئۈستەلدىكى قاپچۇقنى ئېلىپ غالىپقا ئاتتى. قاپچۇق غالىپقا تېگىپ جاراڭلاپ يەرگە چۈشتى.

-تولا نېرۋامنى ئۆرلەتمەي كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا ھازىرلا ساقچىغا تېلېفون قىلىمەن. سەندىن بەك نومۇس قىلىۋاتىمەن غالىپ، ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. ياخشىسى دەرھال كەت!

- بولىدۇ، ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، پۇلنى تەييارلا، بولمىسا مەندىن رەنجىمە.

غالىپ دەرۋازىدىن چىقىپ يانغا قايرىلىپلا چوڭ كوچا تەرەپتىن ھاسا تاياق بىلەن كېلىۋاتقان مامۇتجان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى كۆرگەن مامۇتجان چۆچۈگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ كۆزلەرنى قايەردىدۇ كۆرگەندەك قىلدى. گەرچە مېڭىسى زەخىملىنىپ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە چەكچەيگەن كۆز، مۇشتتېپىك، ئۆزىگە قاراپ ئۇرۇلغان تۆمۈر كالتەك قاتارلىقلار يالت-يۇلت ئەكس ئېتىپ قالدى. ئۇ توختاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلىشىگە غالىپمۇ ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئىككى كۆز نەچچە دەقىقە ئۇچراشقاندىن كېيىن غالىپ تېزلىك بىلەن يانغا بۇرۇلۇپ غايىب بولدى.

كاللىسىدىن نېمىلەرنىدۇ ئۆتكۈزگەن مامۇتجان ئۆيىگە ماڭماي كەينىگە يېنىپ، مەھەللىسى قاراشلىق ساقچىخانىغا قاراپ ماڭدى.

موخلىسە دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدى. يەتتە يىلدىن بۇيانقى قاچقۇنلۇق ھايات ئەينى چاغدىكى بەڭباش، گۆدەك غالىپنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ھازىر ۋىجدان-غورۇرىدىن، ئادىدىي ئىزا-نومۇستىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان، ھەر قانچە گەپ بىلەنمۇ تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدىغان، مېھرىسىز، ھېس-تۇيغۇسىز بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مۇخلىسە بىر تۇرۇپ غەزەپلەنسە، بىرتۇرۇپ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان غالىپ ئۈچۈن ئېچىناتتى. بۇ ئىشنى ئىقلىمخانىغا دېيىش-دېمەسلىكتە بىر قارارغا كېلەلمىدى. كەچتە ئەقىدە ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ يېتىپ، چوڭ ئادەملەردەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى:

-ئاپا، ھېلىقى ئادەم راست مېنىڭ دادامما؟

مۇخلىسە چۆچۈپ كەتتى:

-ياق، بالام. ئۇ دېگەن ئەسكى ئادەم. شۇنداق دەپ بىزنى قورقۇتىۋاتىدۇ بالام. ھەرگىز ئىشەنمەڭ.

-ئىشەنمەيمەن. دادا دېگەن ئۇنداق ئەسكى بولمايدۇ. مەن مامۇتجان دادامنى دادام ئېتىمەن.

مۇخلىسە نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يۇمران چاچلىرىغا يۈزىنى ياقتى.

نەچچە كۈندىن بۇيان مامۇتجان ئالدىراش بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ھە دېسە ساقچىخانىغا ماڭاتتى. ھويلىغا چىقىۋېلىپ كىملەرگىدۇ تېلېفون قىلاتتى. يۈرىكىدىكى پەسلەپ ئۆچەي دەپ قالغان قىساس ئوتى باشقىلەتتىن لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىماقتا ئىدى. گەرچە بۇرۇنقى كۈچتۈڭگۈر جىسمىنىڭ يېرىمى قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قىساسنى ئېلىش ئۈچۈن جېنىنى ئاتىغان ئىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى ئويۇنغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىككى بالىسىدىن زىلالە يالغۇز يېنىپ كىردى.

-ئەقىدە كىرمىدىمۇ؟-دەپ سورىدى زىلالە ئۆيگە كىرىپ.

-ئۇ سىز بىلەن بىرگە چىقىپ كەتكەنغۇ؟-دېدى مۇخلىسە ئەنسىزلىك بىلەن.

-دۇكان ئالدىدا قالغان ئىدى. مەن شاكىلات ئېلىپ چىقسام يوق تۇرىدۇ. مەن تېخى مۆكۈۋالدىمىكىن دەپ ئىزلىدىم. ئۆيگە يېنىپ كىرگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.-زىلالە شۇنداق دەپ يەنە سىرتقا ماڭدى، نېمىندۇر كۆڭلى تۇيغان مۇخلىسە قورقىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ «ئەقىدە!» دەپ توۋلىغىنىچە سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلار شۇنچە ئىزلەپ توۋلاپمۇ ئەقىدەنى تاپالمىدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى دۇكاندىن دۇكانچى ئايال مۇخلىسەنى چاقىردى:

-سىزگە تېلېفون. بىرسى سىزنى چاقىرىپ قويۇڭ دەيدىغۇ؟

مۇخلىسە ئېتىلىپ كېلىپ تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتتى.

-ۋەي.

-، مەن، غالىپ. ئەقىدەنى مەن ئېلىپ كەتتىم، خاتىرجەم بول، ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. تېزدىن ھېلىقى قېرىدىن پۇلنى ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە ماڭا يەتكۈزۈپ بەر. بولمىسا قىزىڭنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن.

مۇخلىسە ئۆزىنى ئازراق تۇتىۋالدى.

-ماقۇل، پۇلنى نەدە تاپشۇرۇپ بېرىمەن.

-كىمىڭنى دۆت چاغلايسەن؟ مېنى كۆرۈشۈپ پۇلنى ئالىدۇ دەپ قالدىڭما! ساقچىغا تېلېفون بېرىمەن دەپ خام خىيال قىلما. بۇ ئىشقا ساقچى ئارىلىشىپ قالسا مەنغۇ تۇتىلارمەن، لېكىن قىزىڭنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن، ئۇقتۇڭمۇ!

مۇخلىسە تۇرۇپكىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

-ئۇنتۇپ قالما، ئۇ سېنىڭمۇ قىزىڭ. مەيلى سەن نېمە دېسەڭ دە، لېكىن قىزىمغا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلما! ئۇ يېنىڭدا بارمۇ؟

بىردەمدە تېلېفوندىن ئەقىدەنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى كەلدى:

ئاپا...ئاپا...-ئەقىدە قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولسا

كېرەك، باشقا گەپ قىلالماي يىغلاپ كەتتى.

-ئەقىدە، ھەرگىز قورقما بالام. مەن ھېلىلا بارىمەن. ئەقىدە...ئەقىدە...

ئەقىدەنىڭ ئاۋازى يوقاپ، غالىپنىڭ يۈتەلگىنى ئاڭلاندى.

-قانداق قىلىسەن؟

-دېدىمغۇ، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، لېكىن ئەقىدەنى قورقۇتما. پۇلنى مەن ئەتىمۇ ئەمەس، بىر سائەت ئىچىدە تېپىپ ئاپىرىمەن. بالامنى قولۇمغا بەرسەڭلا بولدى.

-مەن سەن بىلەن كۆرۈشمەيمەن.كارتا نومۇرىنى يېزىۋېلىپ، پۇلنى كارتىغا سېلىۋەت. پۇل كىرگەندىن كېيىن ئەقىدەنى مەھەللىگە ئاپىرىپ قويىمەن.

مۇخلىسە دەرھال دۇكانچى ئايالدىن قەلەم ئېلىپ غالىپنىڭ كارتا نومۇرىنى يېزىۋالدى. ئەس-يادى بالىسىدا قالغان مۇخلىسەنىڭ كاللىسىغا ھېچقانداق تاقابىل تۇرۇش ئامالى كەلمەيتتى. تېلېفوندىن غالىپنىڭ ئاۋازى كەلدى.

-بالىدىن خاتىرجەم بول. مەنمۇ دادا بولغاندىكىن ئۇنىڭغا ياخشى قارايمەن. يەنە ئەسكەرتىپ قوياي، ساقچى ئارىلاشسىلا قىزىڭنى كۆرەلمەيسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!

-بىلدىم.

تېلېفون قويۇۋېتىلدى. مۇخلىسەنىڭ پۇتلىرى تىترەپ ئولتۇرۇپ قالايلا دەپ قالغان ئىدى. ئۇ تېلېفوندىكى كەلگەن نومۇرغا قارىدى. نومۇر بىر مۇقىم تېلېفون نومۇرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىقلىمخاندىن باشقا كىمى بار؟ ئۇ غالىپنىڭ گېپىنى باشتىلا ئۇلارغا دېمىگەنگە، سەگەكرەك تۇرمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئەمدى دېمەيمۇ نېمە ئىلاج؟ ئۇنىڭغا مامۇتجاندىن باشقا كىممۇ ياردەم قىلالىسۇن؟

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئىقلىمخانىنىڭ سېمىز گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى ھەم بولغان ئەھۋاللارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى

-مامۇتجان ئىزدەۋاتقان ئەبلەخ شۇمدۇيە،-دېدى ئىقلىمخان نېمىندۇ ئويلىغىنىچە،-مامۇتجان يەتتە يىل ئىلگىرى بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراپ، ئۆزىمۇ قاتتىق زەخمىلەنگەن. جىناياتچى قېچىپ كەتكەن، ئۇ قايسى كۈنى شۇ جىنايەتچىنى مۇشۇ مەھەللىدە كۆرۈپتۇ، ھازىر مامۇتجان ساقچىلارغا ياردەملىشىپ شۇ جىنايەتچىنى ئىزلەۋاتىدۇ.

-ۋاي خۇدايىم، شۇ ئىكەن، راست شۇ، جىنايىتىمدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرىمەن، دېگەن ئىدى.

- يۈرۈڭ، ساقچىغا بارايلى.

- غالىپ ساقچى ئارىلاشسا قىزىڭنى كۆرەلمەيسەن دېگەن.

-ساقچى ئارىلاشمىسا ئىككىمىز بالىنى مۇشۇ مەھەللىدىنمۇ تاپالمايمىز، نېمىلا دېگەن بىلەن ساقچى دېگەن ساقچى.

ئۇلار ساقچىخانىغا كەلگەندە مامۇتجانمۇ شۇ يەردە ئىدى.

ئۇلار دېلو مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساقچىلار يىغىلىپ بىر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھەر بىر مىنۇتنىڭ ئۆتمىكى مۇخلىسە ئۈچۈن بىر ئەسىردەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلار نېمىشقا بۇ ئىشقا ئالدىرىمايدۇ؟- دېدى مۇخلىسە تاقەتسىزلىنىپ.

- ئالدى بىلەن دېلو مۇزاكىرە قىلىدىكەن، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدىكەن، -دېدى مامۇتجان ئىشەنچ بىلەن.

مامۇتجان گاڭگىراپ قالغان ئىدى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغىلى تاس قالغان، بەقۇۋەت، زەبەردەس بىر ئەرنى مۇشۇنداق ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، ئۆزى ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچكەن بىر مەلئۇننىڭ ئەقىدەنىڭ دادىسى، مۇخلىسەنىڭ بۇرۇنقى ئېرى بولۇپ چىقىشى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى.

- ئەندىشە قىلماڭلار، ساقچىلار ئۆزى ئامالىنى قىلىدۇ، ھايۋانمۇ ئۆز بالىسىغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، ھەر قانچە قارا نىيەت بولسىمۇ قىزىغا قاراپ يۈرىكى ئېرىيدۇ،- دېدى ئىقلىمخان.

- قانداقمۇ ئەندىشە قىلماي تۇرالايمەن ئىخلىمخاچا،- دېدى مۇخلىسە،- كەچ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بالام ھازىر نەدە، تېخى بىلمىسەم.

- ئەقىدەنىڭ كىيىملىرىمۇ قېلىن، دادىسى بولغاندىكىن قورسىقىغا بىر نەرسە يىگۈزەر.

- ئۇنى دادىسى دېمەڭلار، ئۇ ھايۋاندىن بەتتەر ئىكەن، ھەر قانچە بولسىمۇ ئۆز قىزىنىمۇ تۇتقۇن قىلامدۇ،- دېدى مامۇتجان غەزەپ بىلەن.

- دادىسى دېمىسەكمۇ بەرىبىر شۇ دادىسى، مەنمۇ بالا ئۈچۈن دەۋاتىمەن، كەلسە-كەلمەس غەم-ئەندىشىلەرنى قىلماي، ئالالاھدىن ئىشىمىزغا ئاسانلىق، ئاشۇ ئازغۇن بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەيلى.

بىر ساقچى چىقىپ ئۇلارغا:«سىلەر ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار، بىز ئۆزىمىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز» دەپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

- ياق، مەن قايتمايمەن، ئۇلار نەگە بارسا مەن شۇ يەرگە بارىمەن،- دېدى مۇخلىسە.

-بۇ يەردە تۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق، قايتىپ تۇرايلى، دېدى مامۇتجان.

ئۇلار ئامالسىز ساقچىخانىدىن ئايرىلىشتى. كەچتە دۇكانچى ئايالنىڭ تېلېفونىغا يەنە مۇخلىسەنى چاقىرىپ تېلېفون كەلدى. ھەممەيلەن تەڭ يۈگۈرشۈپ چىقتى.

-مەن غالىپ،- تېلېفوندىن غالىپنىڭ لەنتى ئاۋازى كەلدى،-پۇلنى كارتىغا سالما، چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەتە پۇلنى سومكىغا سېلىپ نېمە ئىشىڭ بولسا قىلىۋەر، نەگىلا بارما سومكا يېنىڭدا بولسۇن. قاچان، قايەردە قانداق ئېلىش بىزنىڭ ئىشىمىز. سومكاڭدىكى پۇل يوقالغان ۋاقىتتا ئەقىدەنى مەھەللىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.

غالىپ گەپنى قىلىپ بولۇپلا مۇخلىسەنىڭ ئىنكاسىنى كۈتمەيلا تېلېفوننى قويىۋەتتى.

- ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئۇ دەيۈز قىزىمنى نەگە ئەكەتكەندۇ؟-مۇخلىسە ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. بالىدىن بىر كېچە ئايرىلىش، يەنە كېلىپ بالىنىڭ غالىپنىڭ يېنىدا بولۇشى مۇخلىسەنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى. بۇ گەپنىمۇ ساقچىغا

دەيلى دىدى ئىقلىمخان. دىلو مەلۇم قىلغانىكەنمىز، نىمىلا ئىش بولسا ساقچىلانىڭ خەۋىرى بولسۇن.

ئۆلار يەنە مەسئۇل ساقچىنى ئىزدەپ بىرىپ ئەھۋالنى دىدى. غالىپ ئۇرغان تىلىفون تەكشۇرۇلۋىدى، يەنە ئالدىنقى قىتىمقىدەك باشقىلارنىڭ تىلىفونى بولۇپ چىقتى. ئۇ تونمايدىغان ئادەملەردىن ياردەم سوراپ تىلىفون ئۇرۇۋىلىشنى ئىبىتقان، ئالدىنقى قىتىم تاشدەندىن، بۇ قىتىم مۇشۇ يەرگە يىقىنلا بىر يەردە ئۇرغان ئىدى. ساقچى بىر ئىشخانىغا كىرىپ كىتىپ ئۈچ توقماق يۈز يۈەنلىك پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقتى:

— مانا بۇ ئوتتۇز مىڭ يۈەن ساختا پۇل، ئەتە سىز بونى سومكىڭىزغا سىلىپ ئىشقا بىرىڭ، قالغان ئىشقا بىز بار.

— ئەتە؟ ئەتىگىچە قىزىم قانداق قىلىدۇ؟

— بىزمۇ توختىماستىن ئىزدەۋاتىمىز، ئۇ تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىلىپ يەتتە يىلغىچە تۇتۇلمىغان مەككار تۇلكە، ئۇ ھازىر بۇرنىمىزنىڭ ئاستىدا بىزنى كولدۇرلىتىپ يۈرىدۇ، ئۇ بۇ قىتىم چوقۇم تۇتۇلىدۇ.

ئۆلار ساقچىنىڭ شۇ گىپىنى ئاڭلاپ ھىلقى ئۈچ توقماق ساختا پۇلنى ئىلىپ قايتىپ كەلدى. مۇخلىسە بىر كىچە غەزەپ-نەپرەت، قورقۇنچ، غەم-ئەندىشە، دەككە-دۈككە-چىلىك ئىچىدە تولغىنىپ چىقتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىلا ئۇ سومكىغا ھىلقى پۇلنى سىلىپ دوختۇرخانىغا ئىشقا باردى. يولدا كىتىۋىتىپ بىرەرسى ئۆزىگە قارىسىمۇ، يىنىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتسىمۇ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارايتتى. مۇخلىسە دوختۇرخانىغا بىرىپ ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالدى، ئاندىن بۇندىن كىيىن ئىشلىمەيدىغانلىقىنى ئىبىتىپ خوشلىشىپ ماڭدى. چۈشتىن كىيىنمۇ مۇخلىسە پۇلنى سومكىغا سىلىپ ماگزىنلاردا، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈردى، ئۇ خىلى ئۇزۇن چۆگىلىگەن بولسىمۇ، سومكىدىكى پۇل شۇ پىتى تۇراتتى. ھارغان، ئۈمىدسىزلەنگەن مۇخلىسە ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا، قوشنىسى رەيھانەمنىڭ ئۆيىدىن يىغا-زارى ئاڭلاندى، ئۆيدە ئۆلۈم بولغان بولۇپ، كىرىپ-چىقىۋاتقانلارنىڭ سانى ھەددى-ھىسابسىز ئىدى. ئۇ ئاق ياغلىق چىگكەن ئاياللارنىڭ توپى ئىچىدە ئىقلىمخانىمۇ كۆردى، ئىقلىمخانىمۇ ئۇنى كۆرۈپ يىغلىغىنىچە ئىبسلدى.

—ئەتىگەندىن قازا قىپتۇ، مانا ئەمدى رەيھانەمدىنمۇ ئايرىلدۇق-،ئىقلىمخان مىشلداپ يىغلىغىنىچە قولىدىكى ئاق ياغلىقتىن بىرنى مۇخلىسەنىڭ بىشىغا ئارتىپ قويدى،-سىزمۇ كىرىپ قويۇڭ، قوشنا ئەمەسمۇ، سەت تۇرىدۇ،- دەپلا مۇخلىسەنى قولتۇقلاپ ئازا بولىۋاتقان ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. مۇخلىسە ئۆيدىكى مىغ-مىغ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ بىر ھازا تۇردى، ئۆلۈم ئىگىلىرىنىڭ يىنىغا تەستە بىرىپ تەسەللى ئىبىتتى. ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا تۇرىۋىرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئاستا يىنىپ چىقتى. ھويلىغا چىقىپلا سومكىغا قاراپ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى، پۇل يوقالغان ئىدى. ئۇ دىگگىدە چۈچۈپ ھويلىدا ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ يۈرگەنلەرگە، يىغلاپ ھازا ئىيچىۋاتقانلارغا، قىستىلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللارغا قارىغىنىچە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. بۇ قانداق بولغىنى؟ پۇلنى غالىپ ئالماقچى ئىدىغۇ؟ باشقىلار ئىلىۋالغان بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ غالىپنىڭ ھازا بولىۋاتقان بۇ ئۆيگە سۇقۇنۇپ كىرەلىشى مومكىن ئەمەس، بىرەرسىنى ئىشقا سالدىمۇ يە؟

مۇخلىسە ھەر خىل پەرەز، ئەندىشىلەر بىلەن ئۆيگە قايتتى. ئەمدى بەربىر پۇلى يوق، ئايالىنىغانىڭمۇ پايدىسى يوق ئىدى، ئىقلىمخان ئۆلۈم بولىۋاتقان ئۆيدە قالغان، ماھۇتجانمۇ يوق ئىدى. تۈنۈگۈندىن بىرى ئوت قالمىغان ئۆي مۇزلاپ كەتكەن، ھەممە يەردىن كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ھىچ ئىشقا قولى بارمايۋاتقان مۇخلىسە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇيان-بۇياق قاراپ تۇردى. بىر دەمدە چوڭ يول تەرەپتىن ھىققداپ يىغلاپ كىلىۋاتقان ئەقدەنى كۆرۈپ ئوقتەك ئىتىلدى. ئۇنى كۆرگەن ئەقدەمۇ ئاپا دەپ تۇۋلىغىنچە يۈگۈرۈپ كەلدى.

— جىنىم بالام،- بالىسنى قۇچقىغا ئالغان مۇخلىسەنىڭ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەيتتى،- جىنىم بالام، ئاخىرى كەلدىڭ. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە قاياقتىندۇر ماھۇتجان ئىككى ساقچىنى باشلاپ كەلدى، ئەقدە قاتتىق قورقۇپ كەتكەن، كۆزلىرى ئىششىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكەن ئىدى.

— لەنەت غالىپ ساڭا، ئاللا جاجاڭنى بىرەر، بىشىڭنى يەرسەن، ئىت ئۆلۈمدە ئۆلەرسەن....— مۇخلىسە بىساتىدا بارلىكى ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن غالىپنى ئۇنسىز تىللاۋاتاتتى. ھەر ھالدى قىزنى ساق سالامەت تاپشۇرۇپ ئالغانغا ئاللاغا مىڭ بىر شۈكرىلەر ئىيتاتتى.

ئەقدە:«سىزنى نەگە ئاپاردى، تۈنۈگۈن نەدە تۇردۇڭلار؟» دىگەن سوئاللارنىڭ ھىچقايسىسىغا جاۋاپ بىرەلمىدى. بارغان يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئەقدە نەدىمۇ بىلسۇن؟ ئۇ بىرەر ئۆيدىمۇ تۇرمىدى، ئاخشامۇ ماشىنىدا يىتىپ ئۇخلىدى. كۈن بويى ماشىنىدىلا يۈردى، بارغان يەرلەر ئۇ ئەزەلدىن كۆرمىگەن يەرلەر ئىدى. پەقەت بۈگۈن چۈشتىن كىيىن ماشىننى ھەيدىگەن ئادەم تىلىفوندا سۆزلىشىپ «ئىش پۈتتى» دەپلا ئۇنى بىر يەرگە ئەكىلىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋىتىپ كىتىپ قالدى. شۇندىلا ئەقدە ئەتراپقا قاراپ ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيگە يىنىپ كەلدى.

—قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ، بالام؟ ئۇلار سىزگە يەيدىغان نەرسە بەردىمۇ؟- دەپ سورىدى مۇخلىسە.

—ئاخشام ھىلقى ئادەم بىر ھويلىغا كىرىپ نان ئالدى، يىرىمىنى ئۆزى يەپ، يىرىمىنى ماڭا بەرگەن، چۈشتىمۇ يەنە شۇ ھويلىغا كىرىپ نان، سامسا ئالدى، شۇنى يىدۇق-، دىدى ئەقدە.

شۇ ئارىدا بىر ساقچى ئەقدەنىڭ ماھۇق چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ قالغان پارچە ناننى سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ كۆچا، چەرچەن تەرەپلەردە كۆپ يىقىلىدىغان، يوغانلىقى چاقتەك بار، ئەمما ئىنتايىن نىپىز يىقىلىدىغان نان پارچىسى

ئىدى، ساقچى نانغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى:

- بىز دەرھال ئۇرايىم ناۋاينىڭ ئۆيىگە بارايلى-، دېدى ساقچى،- شەھىرىمىزدە مۇنداق نان پەقەت ئىككىلا يەردە يېقىلىدۇ، بىرى چوڭ بازارنىڭ ئالدىدىكى ناۋايخانىدا. غالىپ ھويلىدىن ئالغانغا قارىغاندا ئوي مەھەللىدىكى ئۇرايىم ناۋاينىڭ ھويلىسىدىن ئالغانلىقى ئېنىق، ھەم شۇ يەردە سامسىمۇ يېقىلىدۇ، ھەر ئىككى قېتىم شۇ يەردىن ئالغانغا قارىغاندا، غالىپنىڭ شۇ ھويلىدىكىلەر بىلەن تونۇشلۇقى بولۇشى مومكىن، يۈرۈڭلار.

شۇ گەپ بىلەنلا ئىككى ساقچى ماھۇتجان بىلەن چىقىپ كەتتى.

* * *

-جېنىم ئاكا، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمساڭ بوپتىكەن، كۆندە كەچتە نوپۇس تەكشۈرىدىغانلار كېلىپ ئۆيمۇ-ئۆي تەكشۈرۈۋاتىدۇ. قورقۇپ تۇرىمەن، تۇتۇلۇپ قالساڭ، جىنايەتچىنى يوشۇرغان، دەپ مەنمۇ تۇتۇلىمەن. پۇلنىمۇ ئېلىپ بوپسەن، ئەمدى مېنى بالاغا تىقماي جېنىڭنى ياقىغا ئال، بولسا يىراققا كەت، مېنى خاتىرجەم سامسا ياققىلى قوي.

30 ياشلارغا كىرگەن، پاكار بويلۇق، دىقماققىنە كەلگەن، ئالدىغا كۆك پەشتاما تارتىۋالغان يىگىت كارۋاتتا ئوڭدا ياتقان غالىپقا يالۋۇرماقتا ئىدى. يىگىتنىڭ پۈتۈن ئۇزايىدىن، ئۆيىدىن ھەتتا غالىپ بېشىنى قويۇپ ياتقان ياستۇقتىنمۇ گۆشۈلدەپ پىياز، زىرە، قارىمۇچنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ توختىماي يالۋۇرىشىدىن ئوغسى قايىنغان غالىپ شاققىدە قوپۇپ ئولتۇردى:

-قايسى پۇلنى ئاپتىمەن؟ ئۇ پاسكىنا جالاپ مېنى ساختا پۇل بىلەن ئالداپتۇ، ئۇ ساختا پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟ دېمەك، ساقچى ئارىلاشقىنى ئېنىق. مەن تېخى ئەخمەق بولۇپ قىزنى قايتۇرۇپ بېرىپتىمەن، قاراپ تۇر، ئەكبەر، مەن قانداق قىلمەنكىن، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى شۇنداق بىر تونۇتايكى، قانداقلىغىمنى بىلىپ قالسۇن.

-قانداقلىقىڭنى بىلگۈمۇ يوق، ئاكا،- دېدى ئەكبەر ئىسمىلىك يىگىت،-نېمە قىلساڭ مېنى ئارىلاشتۇرماي قىل، كونا ئۆلپەتچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ ساڭا شۇنچىلىك ياردەم قىلاي، ئەمدى كارىم يوق.

-تۇرمىدە بەش يىل يېتىپ بەك قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسەن،- دېدى غالىپ،- ساڭا قىرىق يىلدا بىر ھاجىتىم چۈشكەن بولسۇن، ماشىنىنى يەنە ئىككى كۈن ئىشلىتىپ تۇراي.

-ماشىنا مېنىڭ ئەمەس، ئۇستامنىڭ، مەن پەقەت نەرسە سېتىۋالغىلى بارغاندىلا ھەيدەيدىيەلەيمەن. ئۇستام بېشىمنى سىلاۋاتسا، تۈزىكورلۇق قىلغۇم يوق. كېلەر ئايدا ئۆيلىنىمەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كەت.

-كېتىمەن، تۇتۇلسام تەڭ تۇتۇلارمىز، ئىككى كۈندىن بېرى ياخشى شىرىكلەشتۇق ئەمەسمۇ، خوش.

غالىپ شۇنداق دەپلا كارۋاتتىكى ئاق رەڭلىك ئايالچە سومكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققان ئەكبەر ئۇنىڭ نېرىدىكى تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆردى. بىردەمدىن كېيىن تاشلاندۇق ئۆيدىن ئۇزۇن، پۈتىنىڭ ئۇچىغا كېلىدىغان ئابايى كەيگەن، بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، ئاپپاق تور ماسكا تاقاپ، كۆزلىرىنىلا ئوچۇق قويغان ھاجىم سۈپەت بىر ئايال چىقىپ كېلىپ ئۇدۇل بېكەت تەرەپكە ماڭدى.

ئەكبەر قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، ئۇستام ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كېلەر ئايدا ئۆيلەپ قويماقچى ئىدى، ئەگەر غالىپ تۇتۇلۇپلا قالسا، ئۆزىنىمۇ بالاغا تىقاتتى. شۇنداق بولۇپ قالسا ئەكبەرنىڭ ھازىرقى خاتىرجەم تۇرمۇشىمۇ، قۇرماقچى بولغان بەختلىك ئائىلىسىمۇ يوققا چىقاتتى. توغرا، ساقچىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك، شۇنداقلا ئەكبەرمۇ خاتىرجەم بولالايدۇ.

ئەكبەر چوڭ كوچىغا چىقىشى بىلەنلا يول ياقىسىدا تۇرغان ساقچى ماشىنىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىزدىمەكچى بولغان تونۇش ساقچىمۇ شۇ ماشىنىدا ئولتۇراتتى.

-سىزنى ئىزلەپ ماڭغان سوجاڭ،- دېدى ئەكبەر ئەدەپ بىلەن.

-ھە، سەنكەنسەنغۇ؟ تۇرمىدىن قاچان چىقتىڭ؟

- بىر يىل بولدى، سوجاڭ.

ئەكبەر سوجاڭنىڭ قانداق ئەمەللىكنى بىلمىسىمۇ، ساقچى بولسىلا سوجاڭ دەپ ئاتايتتى. سوجاڭنىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن تازا سۆزلەشكۈسى يوق تۇراتتى.

-سوجاڭ، ھېلىقى غالىپ دېگەن...

-ھە غالىپ؟! نىمە بولدى، ئۇ نەدە؟

ئەكبەر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، غالىپنىڭ ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ساقچى ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولدى. تۈنۈگۈنمۇ ئۆلۈم بولغان ئۆيدە يۈزلىگەن ئاپپاق روماللار، ئۇزۇن پەلتولار ئايالچە ياسىنىپ ئۆلۈم بولغان ئۆيگە بىمالال كىرىپ كەتكەن غالىپنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كەتكەن ئىدى.

-ئۇ چوقۇم تاشدەنگە كەتتى،- دېدى ئەكبەر،-شۇ يەردە ئۇ بىر مەزگىل تۇرغان ھەم ئىشەنچلىك ئاغىينىلىرى بار.

بىر سائەتلەردىن كېيىن يەتتە يىلدىن بېرى تۇتۇلماي كەلگەن بۇ مەنئۇن تاشدەنگە بارىدىغان ئاپتوبۇستا ئۇچىسىدا ئايالچە كىيىم يولۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلدى.

جۇت شۇۋرغانلىق قىش كېتىپ تەبىئەت باھار لىباسىنى يېپىنغاندا ماھۇتجان بىلەن مۇخلىسەنىڭ تويى بولدى.

(ئاپتور كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە)




## ئەلجان ئوبۇل خەنجەر

ھماھنۇر ئابدىلىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن تونۇلغان ئايال ئەدىبلىرىمىز ئىچىدە ئۆزىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىن بەلگىلىك ئورۇن ئالغان يازغۇچى. ئۇ 1989-يىلى ھازىرقى «كروران» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ساقلىنىپ قېلىنغان بايلىق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قېتىلغاندىن ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە تالانتىنى ۋە خاسلىقىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «تۇمان تارىغان سەھەر»، «ساداقەت» قاتارلىق ئىككى رومانى، «ھاردۇق يەتكەن ئايال» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «تۇمان تارىغان سەھەر» ناملىق رومانى، «كۆمۈلگەن چوغ»، «ناتىۋان مەھبۇس» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ھاردۇق يەتكەن ئايال»، «سېرىق چاچلىق ئايال»، «ئۆگەي ئانا»، «قىزىل پەلتۇلۇق قىز»، «ئەتىرگۈل ھېكايىسى»، «يېزىدىن كەلگەن قىز» قاتارلىق ھېكايىلىرى بەدىئىيلىكىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقى، ئالغا سۈرگەن ئىدىيەسىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا نائىل بولدى.

بىز ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز:

ھەرخىل قاتلام ۋە ھەرخىل ياشتىكى ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ ۋە نازۇك ھىس-تۇيغۇسىنى، ئەگرى-توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى قېزىپ چىقىش - ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى بىرىنچى يارقىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

1. قىز-ئاياللار تۇرمۇشى ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇپ، ئاپتور جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ھەر خىل ياشتىكى قىز-ئاياللاردىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ھاياتنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاددىي، جاپاكەش قىز-ئاياللارنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش، قىممەت قاراشلىرىنى، ئائىلە-نىكاھ قاراشلىرىنى، مۇرەككەپ پسىخىكىسىنى، جەمئىيەتكە، خىزمەتكە، ئائىلىگە ۋە ئەرلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئۆزگىچە ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. ئاپتور قەلىمىدە يارىتىلغان قىز-ئاياللار ئوبرازىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئارقىلىق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئاپتور پەرزەنت ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتقان مېھرىبان، جاپاكەش ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئوبرازىنى يارىتىپ، ئانا مېھرىنىڭ، ئانا مۇھەببىتىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئانىلارنىڭ «بىر قولىدا بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى» تەۋرىتىدىغانلىقىدەك بۈيۈك ھەقىقەتنى پەرزەنت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان، پەرزەنتىنىڭ بەختى، كەلگۈسى ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتقان مېھرىبان ئانىلارنىڭ مىننەتسىز ئەجرى ۋە يالقۇنلۇق مېھر-مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «تۇمان تاردىغان سەھەر» ناملىق رومانىدىكى ئايىمخان ئانا قىزى ئابىدەنى تۇغۇش، بېقىپ قاتارغا قوشۇش ۋە ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشقىچە بولغان جەرياندا تۇرمۇشنىڭ تالاي قىسمەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە چىشىنى چىشلەپ رەھىمسىز تەقدىرگە ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. بىر بالىنى دادىسىز-باشپاناھسىز ھالدا تۇغۇش، بېقىپ قاتارغا قوشۇش، ھەتتا ئۇنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش، ئۆي-ماكانسىز، ئىشسىز ئايال ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ مانا بۇ ئانىلاردىكى بېغىشلاش روھى، چەكسىز مېھر-مۇھەببەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى! بىز «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىكى ئايىمخان ئانا ئوبرازىغا قايىل بولۇپ تەسىر دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا يەنە «ساداقەت» رومانىدىكى زەيتۇنە ۋە شەمسىيە خانىم، «ھاردۇق يەتكەن ئايال»دىكى مېھرىبان، «ئۆگەي ئانا»دىكى نۇرىمانلار نامايان بولىدۇ. بولۇپمۇ «ساداقەت» رومانىدىكى كىچىككىنە زەيتۇنە، خىزمىتى ئالدىراش شەمسىيە ئادۇۋكات قەلبىمىزنى لەرزىگە سالىدۇ. زەيتۇنە گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئانىسى تاشلاپ كەتكەن، قىمارۋاز دادىسى كارى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش

تەقدىر-قىسمەتكە دۇچار بولغان دادا بىر، ئانا باشقا سىڭلىسى گۆھەرنى بېقىش، يەسلى ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدۇ، جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. گەرچە ئۇ ئانا بولمىسىمۇ، نۇرغۇن ئانىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشىلىقلارنى قىلىپ، سىڭلىسى گۆھەرگە ھەم ئاچا، ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ كۆيۈنىدۇ. مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر رومانىدىكى شەمسىيە ئادۇۋكات گەرچە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى، خىزمىتى شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ، يار-يۆلەكسىز، بېقىشسىز قالغان زەيتۇنە بىلەن گۆھەرنى ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى سۈپىتىدە باقىدۇ. زەيتۇنەنى ھەرگىزمۇ بالا باققۇچى خىزمەتكار سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەتتا ئوغلى ئۈمىد ئارقىلىق ئۇنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ، ئۇنى ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، جەمئىيەتكە نەزەر سالالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن زەيتۇنە تېخى قانۇن ساۋاتلىرىدىنمۇ ئاز-تولا خەۋەردار بولۇپ قالىدۇ. ئوقۇرمەننى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، شەمسىيە خانىم زەيتۇنەنىڭ تۇرمۇشىغا باشتىن-ئاياغ كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى گۆھەرنى بالىچلاپ بېقىۋالىدۇ، ئوقۇتىدۇ، زەيتۇنەنىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئاچىسى ئايتۇرانىڭ توي ئىشىغىمۇ ئۆزى باش بولۇپ يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. دېمەك، مېھرىبان ئانىلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، مىننەتسىز بېغىشلاش روھى، چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى، كۈچلۈك ئارزۇ-ئارمىنىنى قېزىپ چىقىش ماھىنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە جۇلالانغان بىر يارقىن نۇقتا، دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئاپتور ئۆگەي ئانىلارنىڭمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئاقكۆڭۈل پەزىلىتىنى قېزىپ چىقىپ، ئۆگەي ئانىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى سەلبىي تەسىرىگە مۇئەييەن دەرىجىدە رەددىيە بەرگەن. ئۆگەي ئانىلار كىشىلەردە كۆپىنچە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئەمما رېئاللىقتىكى ھەممە ئۆگەي ئانا كىشىلەر ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا«شەپقەتسىز»، «كۆيۈمسىز»، «جادىگەر» مۇ ئەمەس. جەمئىيىتىمىزدە يەنە نۇرغۇن ئۆگەي ئانىلار بار، ئۇلار ئۆز پۇشتىدىن تاپمىغان بالىلارغا خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنۈپ ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ. ئۇلارغا ئۆز ئانىسى قىلالمىغان ياخشىلىقلارنى يەتكۈزۈپ مېھىر-مۇھەببەت بېرىدۇ. «ساداقەت» رومانىدىكى شەمسىيە خانىم ھېسابتا زەيتۇنەگە ۋە گۆھەرلەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى، لېكىن ئۇ بۇ بالىلارنى ئۆز بالىلىرىدەك كۆرىدۇ، كۆيۈنىدۇ، ئاسرايدۇ. «ئۆگەي ئانا» ھېكايىسىدىكى نىيازخان گەرچە نۇرىمانىنىڭ ئۆگەي ئانىسى بولسىمۇ، ھەتتا نۇرىمان ئۇنى ئانا قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلمىسىمۇ، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشمىسىمۇ، ئەمما نۇرىمانىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇ خۇددى خىزىردەك كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ، ھەتتا نۇرىمان ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ئانا مېھرىنى يەتكۈزىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «ئۆگەي ئانا» ھېكايىسىدىكى نۇرىمانمۇ بىر ئۆگەي ئانا، ئۇ ئابلىمىتنىڭ بۇرۇنقى ئايالى زەينۇرەدىن بولغان ئىلزاتقا قىلچە ئۆگەيلىك قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇ ئىلزاتنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن «تۇغۇتۇمدا ئىشلىتەرمەن» دەپ ساقلاۋاتقان پۇللىرىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. گەرچە ئۇ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئايال بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن قىلچە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىلزاتقا مېھىر بېرىدۇ، مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ ماھىنۇر ئابدىلىم قەلىمىدىكى ئۆگەي ئانىلارنىڭ ئالىيجاناب روھى. دېمەك، ئاپتور كىشىلەرگە جەمئىيەتتىكى ھەممە ئۆگەي ئانىلارنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۈچىنچى:. ئاپتور يۇقىرى-تۆۋەن قاتلامدىكى ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرىنى، ئارزۇ-ئارمان ھەم تەلپۈنۈشلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قېزىپ چىقىپ، ئوقۇرمەنلەرنى نۆۋەتتىكى دەۋر رېئاللىقىدىن، شەھەر تۇرمۇشىدىن چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىمۇ، پسىخىكىسىمۇ، ھېس-تۇيغۇسىمۇ، مىجەز-خاراكتېرىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، بولۇپمۇ شەھەر مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ئاياللار تېخىمۇ شۇنداق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش، توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇش-زىياپەتلەر، شۇنداقلا تۈگىمەس چايغا تۇتقان كۆز قارىشىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھازىر كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ۋە ئۆي بېزەشتە بەسلىشىش، داغۋازلىق، ئابرويپەرەسلىك قىلىش شەھەر قويىندا ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى بولۇپ قالدى. يۇقىرى ئىستېمال قويىندا باي-باياشات ياشاۋاتقان ياكى خىزمىتى ياخشى، خىزمەت ۋەزىپىسى يۇقىرى بولغان بىر قىسىم ئاياللارنىڭ خىزمىتى يوق ياكى خىزمىتى تۆۋەن ئاددىي ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ياراتمايدىغان ناچار خاھىش بۈگۈنكى شەھەر مۇھىتىدا ھېلىھەم مەۋجۇت ھادىسە. ماھىنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاياللار شەھەردە ياشايدۇ ياكى شەھەردە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىمۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىكى ئامىنە، نۇرخانلار يۇقىرى قاتلامدىكى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئايىمخانىدەك، زىلەيخانىدەك ئاددىي ئاياللارنى ياراتمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن مۇھەببەت باغلىشىغا، توي قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. يۇقىرىغا ئىنتىلىش، ئابرويپەرەسلىك قىلىش ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مىزانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار ئۇلارنىڭ ئارىلىشىش ياكى قۇدىلىشىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ.«ساداقەت» رومانىدىكى زەيتۇنە ئاچا-سىڭىللار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاددىي كىشىلەر، ئۇلار قورساق تويغۇدەك بىرەر ۋاق تاماقتىن، بەدىنى ئىللىغۇدەك بىرەر قۇر كىيىمدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قارشى، دۇنيا قارىشىمۇ شۇنچىلىك ئاددىي، شۇنچىلىك تار. مەزكۇر رومانىدىكى شەمسىيە خانىم گەرچە زەيتۇنە ئاچا-سىڭىللاردىن ئالاھىدە

پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ «مەن دېگەن داڭلىق ئادۇۋكات» دەپ چوڭچىلىق قىلمايدۇ، ئاجىز-مەسۇملارنى يۆلەيدۇ، يوقلايدۇ، ئۇلارغا قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەكسىچە، مەزكۇر رومانىدىكى ھاۋانىسا بولسا خىلمۇ-خىل رەزىل ۋاستىلار بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، يارىلاندۇرىدۇ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىدۇ. «كۆمۈلگەن چوغ» ناملىق پوۋېستتىكى نەفسە ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە قىز، ئۇنىڭ مۇھەببەت قارىشىمۇ ئۆزگىچە، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، مۇھەببەتكە تۇتقان يولىمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، پسىخكىسى مۇرەككەپ ھالەتتە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. «ناتىۋان مەھبۇس» ناملىق پوۋېستتىكى قەدىرىيە يۇقىرى قاتلام ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەقىللىق قىز، گەرچە ئۇ ئاسىم ئوغرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئوغرىلىققا سېلىنغان، خورلانغان بولسىمۇ، باشتىن-ئاخىر ئەسلى تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاتا-ئانىسىنى، ئاكىسى قەدىردانىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. دېمەك، رەزىل مۇھىت ئۇنىڭ گۈزەل پەزىلىتىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. «ھاردۇق يەتكەن ئايال» ھېكايىسىدىكى نۇربىيە خىزمەت، تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت دوقاللىرىدا تۈرلۈك سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت، ۋاپادارلىق، مېھرى-مۇھەببەت مەۋجۇت بولغاچقا، ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان، سەممىي مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلغان ئېرى رىشتىنى ھالاكەت يولىدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتى ئارقىلىق ئېرىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇتىدۇ. «سېرىق چاچلىق ئايال» ھېكايىسىدىكى مېھرىبان ئىسمى جىسمىغا خاس تولىمۇ مېھرىبان، نازاكەتلىك ئايال. ئەمما زەرىپە ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالىدىغان، نەپسانىيەتچى ئايال، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىن تارتىپ قىممەت قاراشلارغىچە، ئائىلە نىكاھ قارىشىدىن تارتىپ ئەخلاق قاراشلىرىغىچە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا«ئۆگەي ئانا» ھېكايىسىدىكى نۇرىمان، نىيازخان، رۇقىيە، زەينۇرەلەر، «قىزىل پەلتۇلۇق قىز» ھېكايىسىدىكى بائىمە، جۇمەخان، «يېزىدىن كەلگەن قىز» ھېكايىسىدىكى ئاسىيگۈل، ساجىدە، «تۈگىمەس ھەسرەت» ھېكايىسىدىكى يۇلتۇزئاي، قۇندۇزئاي، «ئانامنىڭ ئۆيى» ھېكايىسىدىكى ئانا ۋە «مەن»ئوبرازى، «ئەتىرگۈل» ھېكايىسىدىكى زۇلفىيە، سابابەتلەر كۆز ئالدىمىزدا ئوخشىمىغان خاراكتېر ۋە ئوخشىمىغان پسىخكىدا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە شەھەر مۇھىتىدا ياشاۋاتقان پەزىلىتى، خاراكتېرى، پسىخكىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ھەرخىل تەبىقىدىكى خىلمۇ خىل بەرنا ئاياللار ۋە بەگۋاش ئاياللارنىڭ خاس خاراكتېرى ئۇستىلىق بىلەن قېزىپ چىقىلغان.

سۈرلۈك سوتخانا ۋە سوتچى، ئادۇۋكاتلارنىڭ جىددىي، مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىياتىنى قېزىپ چىقىش- ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى ئىككىنچى يارقىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

ماھنۇر ئابدىلىمنىڭ مەيلى رومانلىرىدا بولسۇن ياكى ھېكايە-پوۋېستلىرىدا بولسۇن، ھامان سۈرلۈك سوت مەيدانى، چىرايى جىددىي تۈس ئالغان سوتچى ياكى ئادۇۋكاتلار كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە تەپتىش، ئەدلىيە ئورۇنلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، قانۇننىڭ ئادىللىقى ۋە مۇقەددەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كىشىلەرنى قانۇننى چۈشىنىشكە ۋە بويسۇنۇشقا، قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقوق- مەنپەئەتىنى قوغداشقا چاقىرىق قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قانۇن بىلەن ئەخلاق، جىنايەت بىلەن جازا، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، سۈيىقەست بىلەن ئالدامچىلىق، ھايا بىلە ھاياسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى گىرەلەشمە مۇناسىۋەت، ئۆمۈچۈك تورىدەك چىگىش ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىگە قانۇن تامغىسى ئوچۇق بېسىلغان، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرۈۋالالايمىز:

بىرىنچى، ئاپتور ئەسەرلىرىدە كۆپ قىسىم سوتچى ۋە ئادۇۋكاتلارنىڭ دېلو ئىشلەشتىكى ئادىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، پاك، دىيانەتلىكى بىلەن سوتچى ۋە ئادۇۋكات قالپىقىنى كىيىۋېلىپ قانۇن ۋە ئىنتىزامغا، كەسپىي ئەخلاققا ئېغىر خىلاپلىق قىلىۋاتقان ئاز ساندىكى بىر قىسىم مىتىلەرنىڭ رەزىللىكى، تويماسلىقى، خۇنۇكلۇكىنى چوڭقۇر قېزىپ چىققان. «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدا ئەنسەر، ئابىدە ۋە جاپپارلارنىڭ دېلو ئىشلەشتىكى ئادىللىقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە پاك دىيانەتلىكىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن بولسا، رازاق ۋە گۈزەلنۇرلارنىڭ ھوقوق دائىرىسى ۋە خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ قىلىۋاتقان ھەرخىل نەپسانىيەتچىلىكلىرىنى غەزەپ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.«ساداقەت» رومانىدا ئاپتور شەمسىيە خانىمنىڭ خىزمەت ئىشلەشتىكى دانالىقى، قابىللىقى، چىۋەرلىكىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلىسە، شەمسىيە خانىمنىڭ ئېرى نىجاتنىڭ ئۇچىغا چىققان رەزىللىكى، مال-دۇنياغا تويماسلىقى، كەسپكە بولغان ئاسىيلىقىنى كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭدەك «ناتىۋان مەھبۇس» پوۋېستىدىكى قەدىرىدان، «ھاردۇق يەتكەن ئايال» ھېكايىسىدىكى نۇربىيە قاتارلىقلارمۇ ئۆز كەسپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، سەزگۈرلۈكى ۋە ئادىللىقى بىلەن مەزكۇر ئەسەرلەردىكى سەلبىي كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ.

ئىككىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە سوتچى ۋە ئادۇۋكاتلارنىڭ ئالىيجاناب روھىغا، ئاقكۆڭۈل پەزىلىتىگە يۈكسەك مەدھىيە ئوقۇلۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشى ھەمىشە سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى تولىمۇ مېھرىبان، ئالىيجاناب سوتچى ۋە ئادۇۋكاتلارنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن تەسۋىرلەنگەن. «ساداقەت» رومانىدىكى شەمسىيە خانىم

ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان ئايال، ئۇ گەرچە خىزمىتى
ئىنتايىن ئالدىراش ئادۇۋكات بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىكى
يۈكسەك ئادىمىيلىك پەزىلەت بىلەن ئىگە-چاقىسىز، يار-يۆ-
لەكسىز، ئۆي-ماكانسىز قالغان زەيتۇنە ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى
گۆھەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۆز بالى-
سى قاتارىدا كۆرۈپ باقىدۇ. «ناتىۋان مەھبۇس» پوۋېستى-
دىكى قەدىردان گەرچە سوت مەيدانىدا سۈرلۈك كۆرۈن-
سىمۇ، سىڭلىسى قەدىرىيەنى تېپىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ
قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «تۇمان تارىغان
سەھەر» رومانىدىكى ئابىدە گەرچە بېشىغا كېلىۋاتقان تۈرلۈك
دىشۋارچىلىق تۈپەيلىدىن ھەمىشە سۇلغۇن كۆرۈنىسىمۇ، ئۇ
ئانىسىغا تولىمۇ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان قىز. «ھاردۇق
يەتكەن ئايال» ھېكايىسىدىكى نۇرىبىيە گەرچە ئېرىنىڭ
توردىكى «نازىنىن»غا شەيدا بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن
ئاجرىشىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئېلىپ
ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ھەمدە ئېرى
رېشىتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەقلىنى تېپىپ، ئۆزىنى دېمىسىمۇ
ئىككى قىزى ئۈچۈن ئۆيگە يېنىپ كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي
ئىشىنىدۇ، ھەتتا رېشىت ھېلىقى نازىنىن بىلەن ساياھەتكە
كېتىۋېتىپ، ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغاندىمۇ، ئېرىنى قايتۇرۇپ
كېلىپ ياخشى كۈتىدۇ ھەم يەنە يىغقان پۇللىرى بىلەن ئېرىنى
بېيجىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ ساقايتىدۇ. مانا بۇ سوتچى ۋە
ئادۇۋكاتلاردىكى ئالىيجاناب خىسلەت ۋە يۈكسەك ئادىمىيلىك
پەزىلەت بولماي نېمە؟...! دېمەك، كىشىلەر نەزىرىدە
سۈرلۈك، مۇز چىراي دەپ قارالغان سوتچى ۋە ئادۇۋكاتلار
ماھنۇر ئابدىلىم قەلىمىدە ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان،
ۋاپادار، كۆيۈمچان قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، كىشىلەرنىڭ خاتا
قاراش-چۈشەنچىلىرىگە چىرايلىق رەددىيە بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە سوتچى ۋە
ئادۇۋكاتلارنىڭ ئائىلىدىكى بىر قىسىم رىددىيەتلىرى ئەكس
ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە-نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى
مەيدانى، كۆز قارىشى، مەنتىقىسى ۋە مۇرەككەپ پىسخىكىسى
خىلمۇ-خىل رىددىيەت-توقۇنۇشلار ئارقىلىق يورۇتۇپ
بېرىلگەن. «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىكى جاپپار ئائى-
لىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئائىلە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالى
ئايىمخان( ئەسلىي ئىسمى گۈلئايىم) غا مۇھەببىتى كۈچلۈك،
دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ، ھازىرقى ئايالى نۇرخاننى ئازراقمۇ
ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەتتا نۇرخاننىڭ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماي
قىلغان جىنايەتلىرىنى سەزمەيدۇ، كېيىن نۇرخان قولغا ئېلىنىپ
تۈرمىگە كىرگەندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ،
ئەكسىچە بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان قىزى ئابىدەگە تولۇپ
تاشقان مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. «ساداقەت»
رومانىدىكى شەمسىيە خانىم ئائىلىسىمۇ ئۆتكۈر رىددىيەتتىن
خالىي ئائىلە ئەمەس. شەمسىيە خانىم ئېرى نىجاتقا (ئۇمۇ
ئەسلىدە بىر ئادۇۋكات ئىدى) شۇنچە كۆيۈنسىمۇ، ئېرىنىڭ
قەدىرلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئېرى بۇرۇنقى سۆيگى-
نى ھاۋانىسا بىلەن شىرىكلىشىپ خىرويىن ئەتكەسچىلىكى
بىلەن ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ ئادەم زەخمىلەندۈرىدۇ ۋە
ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئاخىرى جىنايىتى ئاشكارىلىنىپ پاجىئەلىك
ھالدا ئۆلىدۇ. «ھاردۇق يەتكەن ئايال» ناملىق ھېكايىدىكى
نۇرىبىيە ئائىلىسى تېخىمۇ رىددىيەتلىك ئائىلە. ئۇنىڭ ئېرى
رېشىت تورغا خۇمار بولۇپ قىلىپ «نازىنىن» ئىسىملىك
بىرسىگە شەيدا بولۇپ قالىدۇ ۋە ئەزەلدىن بەختلىك ، ئىناق
ئائىلىنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەيدۇ. ئاخىرى ئۆزى پاجى-
ئەلىك ئاقىۋەتكە قېلىپ، ئايالى نۇرىبىيەنىڭ سەمىمىي ياردى-
مى، چەكسىز كۆيۈمچانلىقى نەتىجىسىدە سالامەتلىكى ئەسلىگە
كېلىپ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ ھەمدە بۇرۇنقى بەختلىك
تۇرمۇشىغا قايتىدۇ. دېمەك، ئاپتور كىشىلەرگە سوتچى ۋە
ئادۇۋكاتلارمۇ ئائىلە ۋە تۇرمۇش رىددىيەتلىرىدىن خالىي
بولالمايدىغانلىقىدەك تۈپ ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە سوت، تەپتىش،
ئەدلىيە ئورگانلىرى پېرسونازلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەرك-
زى قىلىپ تاللىنىپ، قانۇن-تۈزۈم، ئەخلاق-مىزان قاتتىق
شەرھلەنگەن، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئائىلە-نىكاھ ئىشلىرىغا
مۇناسىۋەتلىك نازۇك قانۇنىي مەسىلىلەر ئوبرازلىق ھالدا
يورۇتۇپ بېرىلگەن. «سىرىق چاچلىق ئايال» ھېكايىسىدىكى
مېھرىبان ئائىلىسى ۋە ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى بۇزغان
زەرىپە ئوتتۇرىسىدىكى رىددىيەت، «ئۆگەي ئانا» ھېكايى-
سىدىكى نۇرىمان بىلەن زەينۇرە ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ
دەۋاسى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن
دەلىللەيدۇ. دېمەك، ماھنۇر ئابدىلىم ئۆز ئەسەرلىرىدە
ئۆزىگە پىششىق بولغان قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش
دېتاللىرىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى
ھەق-تەلەپ دېلولىرى، ئائىلە-نىكاھ مەسىلىلىرى ۋە جىنايى
ئىشلار دېلولىرى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ساۋاتقا ۋە
ئىبرەتلىك ساۋاققا ئىگە قىلىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى قانۇننى
چۈشىنىشكە، قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقوق مەنپەئەتىنى
قوغداشقا دالالەت قىلىدۇ.

شەھەرنىڭ گۈزەل، جەلبكار قىياپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى
قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان شەپقەتسىز، خۇنۇك ھالىتىنى قېزىپ
چىقىش ـــ ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى ئۈچىنچى يارقىن
نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

شەھەردىكى ئېگىز-ئېگىز بىنالار، پاكىز ۋە ئاۋات رەستى-
لەر، موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار، ھەيۋەتلىك
قەسىر-سارايلار، ئاۋات سودا-سېتىق بازارلىرى، تاماقلىرى
قىممەت بولسىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن رېستۇران ۋە تېز
تاماقخانىلار، ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان تورخانا،
دىسكوخانا، شۇنداقلا ئاللىكىملەرنى يولدىن چىقىرىپ ھالاكەت
يولىغا قىستايدىغان بەدەن ئۇۋۇلاش ئورۇنلىرى كىشىلەرنى
ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدۇ. ئەمما شەھەر كىشىلەرنىڭ نەزى-
رىدىكى جەننەتمۇ ئەمەس، بۇ يەردە تاللاش بىلەن شاللاش،
ھايات بىلەن مامات ھەمىشە كەسكىن تىركىشىپ تۇرى-

دۇ. كىمدە كىم شەھەردە ياشاشقا تېگىشلىك ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتقا ئىگە بولسا، شۇ مەزمۇت ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ھورۇن، تەييارتاپ، لايغەزەل، قابىلىيەتسىز مىشچانلار مۇقەررەر ھالدا شاللىنىپ كېتىدۇ. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى شەھەرنىڭ جەلىپكارلىقى بىلەن ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە كورلىنىڭ گۈزەل قىياپىتى، بولۇپمۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ گۈزەل ۋە قايناق مەنزىرىسى يۈكسەك ھاياجان بىلەن تەسۋىرلىنىپ، ئاپتورنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پېرسوناژلار شەھەردە ياشايدۇ ھەم شەھەردە ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. ئاپتور ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنى، بولۇپمۇ قىز-ئاياللارنى شەھەرگە ۋە شەھەردىكى قاينام-تاشقىنلىق ھاياتقا ئىنتىلگەن ھالەتتە تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلار بىردە مەشۇقلىرى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ گۈزەل كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلسا، بىردە ئېرىدىن قېيداپ يەنە شۇ ئانا دەريا بويىغا كېلىپ ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ. بىز «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىكى ئەنسەر بىلەن ئابدەنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ گۈزەل كېچىلىك مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ چەكسىز مۇھەببەت پەيزىگە چۆمۈلگەنلىكىدىن شادلانساق، «ئەتىرگۈل ھېكايىسى» دىكى زۇلفىيەنىڭ ئېرىغا قېيداپ يەنە شۇ كۆنچى دەرياسى بويىدا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىدىن قايغۇرىمىز. «ساداقەت» رومانىدىكى زەيتۇنە بىلەن ئۈمىدنىڭ كۆنچى دەرياسىغا پۈتىنى چىلاپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان يالقۇنلۇق مۇھەببەت خىتابلىرىدىن شادلانساق، «سېرىق چاچلىق ئايال» ھېكايىسىدىكى مېھرىبانىنىڭ ئانا دەريا بويىدا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىغا ئازابلىنىمىز. دېمەك، ئاپتور شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان بۇ ئانا دەريانىڭ ھەم ئاشىق-مەشۇقلارغا، ھەم دەردمەنلەرگە باشپاناھ بولىدىغان ئەزىم دەريا ئىكەنلىكىنى زوق-شوق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل كورلىغا بولغان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار شەھەردىكى كۈچلۈك رىقابەت، تاللىنىش ۋە شاللىنىش، پۇل، ھەشەمەتچىلىك، ئابرويپەرەسلىك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ھايات قايناملىرىدا ھايات بىلەن مامات ئارىلىقىدا تاۋلىنىدۇ. شەھەردە رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بىلىملىكلەر، پۇلدارلار، ئەمەلدارلار ئەۋزەل ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىسىمۇ، يوقسۇز-نامراتلار، قابىلىيەتسىز، ھورۇنلار ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شەھەردە يەنە پۇلدارلار ۋە ھوقۇقدارلار ئارىسىدا ھەشەمەتچىلىك، كۆرەلمەسلىك، ئابرويپەرەسلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلار، بەسلىشىشلەر ئۈزلۈكسىز كۆچەيگەن بولىدۇ. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە بۇ نۇقتىلار يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، شەھەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. بىز «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىكى ئابدە بىلەن مېھراينى ئالساق، ھەر ئىككىسى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن، ئەمما ئابدەدىكى بىلىم ۋە قابىلىيەت ئاخىرى ئۆگىنىش بىلەن خۇشى يوق، ئويۇنغا ئامراق، ھورۇن مېھراي ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، مېھراينىڭ شاللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەزكۇر رومانىدىكى نۇرخان بىلەن ئامىنە ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا شۇلار تەۋە بولغان ئىجتىمائىي قاتلام ئاياللىرىدا مەنمەنچىلىك، ئابرويپەرەسلىك ۋە ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. «ئانامنىڭ ئۆيى» ھېكايىسىدىكى «مەن» ھەمىشە ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ باشقىلاردەك كىيىملەنگەنلىكىگە ھەسرەت چېكىدۇ، ئۆز ئېرىنى باشقىلارنىڭ ئېرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ جېدەل قىلىدۇ، ھەتتا ئۆيىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش زىننەتلەش ئۈچۈن يىغقان-تەرگەن پۇللىرىغا قوشۇپ بانكىدىن بىرمۇنچە قەرز ئېلىپ ئۆيىنى قايتا زىننەتلەيدۇ. مانا بۇ شەھەرلەردىكى ئۇچىغا چىققان مەنمەنچىلىك، ئابرويپەرەسلىك بولماي نېمە؟...! دېمەك، ئاپتور ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇنداق شەھەر تۇرمۇشىنى يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى قانائەتچان بولۇشقا، ئاددىي-ساددا ياشاشقا، باشقىلارغا قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئۈچىنچى، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە شەھەرگە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، ياشاش ئۈچۈن تىركىشىشلىرى چوڭقۇر قېزىپ چىقىرىلغان. شەھەرگە ئىنتىلىش سەلبىي ھادىسە ئەمەس، گۈزەللىككە ئىنتىلىش نورمال كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئەمما شەھەرگە ئىنتىلىش بىلەن شەھەردە ياشاش بىر-بىرىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. شەھەردە ياشاش ئۈچۈن كىشىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى، ھۈنەر-تېخنىكا ۋە ئىقتىساد بولۇشى ھەمدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان رىقابەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى خېلى كۆپ قىسىم پېرسوناژلار تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي ئىشلەمچىلەر ياكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن ياشاۋاتقانلار بولسىمۇ ھەمىشە شەھەرگە كىرىپ ياشاشقا، شەھەردىن بىنا ئۆي ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشسىمۇ، ئەمما بەزىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. «ئۆگەي ئانا» ھېكايىسىدىكى نۇرىمان بىلەن ئابلىمىتنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار گۆلدەك ھۈنىرىگە ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ پۇل تاپىدۇ ۋە كىچىك بولسىمۇ بىنادىن ئۆي سېتىۋالىدۇ. دېمەك، ئۇلاردا تىنىمسىز تىرىشچانلىق روھى بىلەن جاپادىن قورقماسلىق روھى تەڭلا مەۋجۇت بولغاچقا، شەھەردە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە، رۇقىيە ۋە زەينۇرەلەر ۋاقىتلىق لەززەتتىن خۇشنى يوقىتىپ، تاپقان پۇللىرىنى ئويۇن-تاماشىغا، كەيىپ-ساپاغا ئىشلىتىدۇ، نەتىجىدە ھەممىدىن قۇرۇق

قالدۇ. دېمەك، شەھەر كىشىلەر ئىنتىلىدىغان بىردىنبىر غايىۋى مەنزىل ئەمەس. يىزا-سەھرالارنىڭمۇ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى بار. ئاپتور ئەسەرلىرىدە شەھەرگە ئىنتىلىۋاتقان، شەھەردە ياشاشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى، ئاندىن شەھەرنى چۈشىنىپ بېقىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلىدۇ.

بەدىئىي قۇرۇلما ۋە بەدىئىي تىل جەھەتتىن بىر قەدەر پىششىق بولۇش -ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى تۆتىنچى خىل يارقىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رومان ۋە پوۋېستلىرىدا تەسىرلەنگەن تۇرمۇش بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ۋەقەلىكمۇ ئەگرى-توقاي. ئاپتور مۇشۇنداق مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ۋە ئەگرى توقاي ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆپ ئىزدەنگەن، شۇنداقلا رومان، پوۋېستلارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن چۇۋالچاق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىغا قارىغاندا «ساداقەت» رومانىدىكى ۋەقەلىك تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە چىگىش، ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان پېرسوناژلارمۇ ناھايىتى كۆپ ھەم مىجەز-خاراكتېرى خىلمۇخىل. ئاپتور مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا رومانىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن چۇۋالچاق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن. رومانغا كېرەكلىك بولغان بارلىق چوڭ-كىچىك تەپسىلاتلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە باش تېما ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرغان. بولۇپمۇ رومانىدىكى زەيتۇنە، ھېلىم، ھاۋانسا، خەنساخان ھاجىم قاتارلىق مەركىزىي پېرسوناژلارغا چېتىلىدىغان مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىسىنى باش تېمىغا ناھايىتى مەھكەم باغلىيالىغان. دېمەك، ئاپتور ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە دىققەتنى بەكرەك مەركەزلەشتۈرگەن.ئەلۋەتتە، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنغان ئەسەر بەدىئىي تىل جەھەتتىنمۇ بالاغەتكە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە بەزى يارلىك شۋىلەر(مەسىلەن، «ئۇدۇق-بۇدۇق»، «ئەبگار»دېگەندەك) ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ئاساسەن قويۇق ئەدەبىي تىل ئىشلىتىلگەن. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي قۇرۇلما ۋە بەدىئىي تىلنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئاپتور بايان تەرتىپى ۋە بايان تىلى جەھەتتە كۆپ ئىزدەنگەن.بىز «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدىن تەرتىپلىك بايان شەكلى ۋە ئۈچىنچى شەخس تىلىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلساق، «ساداقەت» رومانىدىن چېكىنمە بايان شەكلى ۋە بىرىنجى شەخس تىلىنىڭ مەزكۇر رومانغا بەدىئىي سۈلكەت ئاتا قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.«كۆمۈلگەن چوغ»، «ناتىۋان مەھبۇس» پوۋېستلىرىدىن چېكىنمە بايان شەكلى، بىرىنجى ۋە ئۈچىنچى شەخس تىلىنىڭ يارقىن ئۈلگىسىنى ئۇچرىتساق، «ھاردۇق يەتكەن ئايال»،«ئۆگەي ئانا»، «ئەترگۈل ھېكايىسى» قاتارلىق ھېكايىلەردىن تەرتىپلىك بايان شەكلى، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس تىلىنىڭ ئويناق ملودىيىسىدىن قەلبىمىز زەرەتلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تەسۋىرلەش ئوبيېكتى جەھەتتە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: سوت، شەھەر، قىز-ئاياللار. ئاپتورنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتلىرىنى مۇشۇنداق تاللىۋېلىشىنىڭ بەلگىلىك سەۋەبى بار. ئۇنىڭ بىرى، ئاپتور ئۆزى سوت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلىدۇ، سوتقا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرى، ھەرخىل قانۇنىي مەسىلىلەر ئاپتورغا بىرقەدەر تونۇشلۇق. يەنە بىرى، ئاپتورنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى شەھەر. ئۇ شەھەردە بولۇۋاتقان ھەرخىل يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، شەھەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئوي-خىياللىرىنى، ياشاش ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلىدۇ، شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاپتورغا خېلى تونۇشلۇق. ئۈچىنچى بىرى، قىز-ئاياللار تۇرمۇشىنى ئاپتور پىششىق چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئاپتورمۇ بىر ئايال. قىز-ئاياللارنىڭ پسىخىكىسى، ئىنتىلىشى، ئارزۇ-ئارمىنىدىن تارتىپ ھېس-تۇيغۇ ۋە نازۇك سەزگۈلىرىنىمۇ ئوبدان ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئاپتور تەسۋىرلەش ئوبيېكتلىرىنى مۇشۇنداق بېكىتكەن، دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاپتور بەدىئىي تىلنىڭ تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى ئۈچۈن ئەسەر تىلىغا ئوبدانلا ئىشلىگەن، بولۇپمۇ ئىسلىتىلىستىكىنىڭ كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بىز ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدىن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، رىتورىك سوئال قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، مىجەز-خاراكتېرىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بېرەلىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بۇ ۋاستىلەر ئىچىدە كۆزىمىزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغىنى ئوخشىتىش بولۇپ، ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ بىر-بىرىگە مەھكەم جىپسىلاشقانلىقىدىن قايىل بولماي تۇرالمايمىز. مەسىلەن:«ئون ئىككى يېشىمدىن بۇرۇنقى شۇ ئەسلىمىلەر خۇددى ۋەيرانە ئۆيىمىزنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىدەك خۇنۈك، ئانام ھەم ئۆگەي ئانامنىڭ، ئايتۇرا ئاچامنىڭ، گۆھەر ئىككىمىزنىڭ كۈن ئاتلىماي تۆكىدىغان كۆز ياشلىرىمىزدەك ئاچچىق ئىدى...» («ساداقەت» 13-بەت)، «ئانچە سەت كۆرۈنمەيدىغان مەھەللىمىز ئاھالىلەر رايونى پۈتكەندىن كېيىن مەغرۇر قاراپ تۇرغان گۈزەل مەلىكىنىڭ يېنىدىكى بەتبەشىرە تىلەمچى مومايدەك تولىمۇ سەت، ئەبگا كۆرۈنەتتى...»(«ساداقەت» 14-بەت) «ھېلى تۆلكىدەك مەككار، ھېلى چىلبۆرىدەك ياۋۇز ئەردىن، تۇرمىدەك مېھىرسىز سوغۇق ئۆيدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم ھە؟»(«قىزىل پەلتۇلۇق قىز»، 224-بەت.) دېمەك، بەدىئىي ۋاستىلەر ئەسەر تىلىغا ئاجايىپ جان كىرگۈزۈپ، ئەسەرنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە بەدىئىي قۇرۇلما مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنغاچقا نەزىرىمىزدىكى شەخسىيەتچى،

ھېلىگەر، خوتۇن-باللىرىنى بېقىشسىز قويغان، پۈتۈن ئۆمرى ئىچىملىك بىلەن چېكىملىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىم بەگگە («ساداقەت» رومانىدىكى پىرسوناژ) ھايات-ماماتلىق پەيتتە كۆز ئالدىمىزدا بىردىنلا قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى، ھاياتى بەدىلىگە قىزلىرىنى قاتىلنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ-دە، قەلبىمىزنى لەرزىگە سالىدۇ. نەزىرىمىزدىكى شۇنداق نازاكەتلىك، گۈزەل ئايال ھاۋانىسا («ساداقەت» رومانىدىكى پىرسوناژ) بىردىنلا ئەڭ ۋەھشى قاتىلغا، ئەڭ چوڭ زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ شېرىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە ، بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ.

ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قەلبىمىزدە ئۆزگىچە ھاياجان قوزغايدۇ. خۇددى گۈلنىڭمۇ تىكىنى، ئاينىڭمۇ دېغى بولغىنىدەك، ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىككە قىسمەن دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان يېتەرسىز تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزگەن نۇقتىلار. «تۇمان تارىغان سەھەر» رومانىدا ئاپتور كەسپىي ئەخلاقتا، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەن گۈزەلنۇرغا بېرىلگەن بىرەر جازا ياكى چارە ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن. باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدا كېرىلىپ ئولتۇرالايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ شىرەسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇڭدىشالايدىغان رازاق گەرچە قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق يېقىن ئۆتكەن، سىرداشقان مەھكىمە باشلىقى مەنسۇر ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. ئۇ رازاق بىلەن شۇنچە يېقىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ رازاقتەك يېزىدىكى ئۆكتەم، زوراۋان، ئۆز يېنىنلا چىڭدايدىغان بۇ ئادەم يېقىنى ھەم باشلىقى بولغان مەنسۇرغا يېگۈزمەي ياكى بەرمەي قالالاتتىمۇ؟ ئەسەردە ھېچ بولمىسا رازاق تۇتۇلغاندىن كېيىن مەنسۇرنىڭ پۇشايمان قىلغان ياكى تەشەككۈرنامە يازغان تەرەپلىرى تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئەسەر مەزمۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل چىقاتتى. مەزكۇر روماندا يەنە ئابدە بىلەن ئەنسەر كەم-كۈتىسىز، ئەيىپ-نۇقسانسىز، مۇكەممەل قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، بۇمۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىنى قىسمەن دەرىجىدە خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويغان. دۇنيادا نەدىمۇ ئەيىب-نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئىنسان بولسۇن؟ «ساداقەت» رومانىدا ئاپتور ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان شەمسىيە خانىمنىڭ خەلق قەلبىدىن يۈكسەك ئورۇن ئالغان قابىل ئادۋۇكات ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەيدۇ-يۇ، ئۇنىڭ ئېرى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتسىمۇ ئېرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلمايدۇ، ئۇ بۇ يەردە قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ. بىز ئۇنى «ئىككى بالىسى ئۇچۇن، ئىلگىرى كۆيۈپ پىشىپ تەگكەن ھېسسىياتى ئۈچۈن» شۇنداق قىلدىمۇ دەيلى، لېكىن بىزدە «قانۇن ھېسسىياتنى ئەمەس، بەلكى پاكىت-ئاساسنى تونۇيدۇ، قانۇن ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەيدىغان چۈشەنچە بار. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەمسىيە خانىم ئېرىنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرغانلىقى، ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بەلگىلىك جىنايى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئەسەردە بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمەيدۇ. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا «جىنايەتچىنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلار ياكى يوشۇرۇپ قانات ئاستىغا ئالغانلار ئوخشاشلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ قائىدىنى قانۇن بىلەن ھەپىلەشۋاتقان، خەلق قەلبىدىكى ئۇستا ئادۋۇكات شەمسىيە خانىمنىڭ بىلمەسلىكى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھېچ بولمىغاندا، مەزكۇر رومانىنى يېزىۋاتقان ماھنۇر ئابدىلىم خانىممۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما روماندا مانا مۇشۇنداق مەزمۇن زىددىيىتى كۆرۈلۈپ، نازۇك قەلبىمىزنى «رەنجىتىپ» قويىدۇ. «ناتىۋان مەھبۇس» پوۋېستىدا، ئاپتور ئەسەر مەزمۇنىغا خېلىلا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان. ئەسەردە قەدىرىيە ئاسىم ئوغرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ ھەمدە شەھەردىن خېلىلا يىراقتىكى مەلۇم بىر ناھىيەگە ئېلىپ كېلىنىپ «تەربىيەلىنىدۇ»، ئۇ 15 ياشلاردىن ئاشقاندا بازار ئارىلاشنىڭ خېلى ئىپى-جىپىنى بىلىپ قالغان، مۇستەقىل «بازار ئويناش» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ھالەتتە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. ئەمما «كىچە-كۈندۈز ئاتا-ئانىسىنى، ئاكىسىنى ياد ئېتىش بىلەن تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن» قەدىرىيە يالغۇز بازارغا چىققاندا نېمىشقا بىرەر قېتىم بولسىمۇ قېچىپ كەتمەيدۇ؟ ياكى قېچىش نىيىتىدە بولۇپ باقمايدۇ؟ ئەسەرنىڭ بېشىدا بەك قورقۇنچاق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن قەدىرىيە ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بىردىنلا شۇنداق ئەقىللىق، شۇنداق مەردانە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇمۇ ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا قىسمەن دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ قويغان، ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر پوۋېستتا، دىلدا قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قەدىرىدان گەرچە بىر قانۇن خىزمەتچىسى تۇرۇپ ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا بېرىپ سىڭلىسى قەدىرىيەنى ئىزدەپ بېقىشقا ئۇرۇنمايدۇ ياكى مۇناسىۋەت ۋاستىسى ئارقىلىق شۇ جايلاردىكى ج خ ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلاشمايدۇ. ھېچبولمىسا قەدىرىيەنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىنى قانۇن ئورگانلىرىغا ئاپىرىپ بەرمەيدۇ. مانا بۇ تەرەپمۇ ئوقۇرمەننى مەلۇم دەرىجىدە ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەسەردە يەنە باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئاۋۇت گەرچە قەدىرىيەگە كۆيۈنسىمۇ، قەدىرىيەنى «سىڭىل» ئورنىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىرىيەگە ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەرمەيدۇ ياكى

بىرەر قېتىم بولسىمۇ شۇنداق نىيەتتە بولۇپ باقمايدۇ. ھەتتا
قەدىرىيەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە مەخپىي ھالدا خەۋەر قىلىپ
قويۇش نىيىتىدىمۇ بولمايدۇ. مانا بۇ ئامىللارمۇ ئەسەر
مەزمۇنىنى قىسمەن دەرىجىدە سۇنئىيلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ
قويغان.

ئىككىنچى، بەدىئىيلىككە تەسىر يەتكۈزگەن ئامىللار.
ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە كېسەل جۈملىلەر خېلى كۆپ.
گەرچە بۇ خاتالىقلار ئەسەر مەزمۇنىغا ياكى ئەسەر بەدىئىيلى-
كىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىسىمۇ، ئەمما ئوقۇرمەنلەر
قەلبىدە قىسمەن دەرىجىدە غەشلىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ.
مەسىلەن، «ھېلىقى دەۋاگەرلەر گۈررىدە دەرۋازىدىن
ئالدىراپ كىرىپ نەلەرگىدۇر كىرىپ كېتىشتى» («تۇمان
تارىغان سەھەر»، 1-بەت) دېگەن جۈملىدە مەنتىقىلىق خاتا-
لىق كۆرۈلگەن، ئەسلىدە بۇ جۈملە «ھېلىقى دەۋاگەرلەر
دەرۋازىدىن گۈررىدە كىرىپ نەلەرگىدۇر ئالدىراپ كىرىپ
كېتىشتى» دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. «بىردەمدىلا ئىدارى-
گە ئابىدە، مېھراي دەپ ئىككى قىز كەلگەنلىكى تارقالدى»
(«تۇمان تارىغان سەھەر»، 4-بەت)ئەسلىدە بۇ جۈملە
«ئىدارىگە بىردەمدىلا ئابىدە، مېھراي دەپ ئىككى قىز
كەلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى» دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى.
چۈنكى «ئىككى قىز» تارقالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ كەلگەنـ-
لىك خەۋىرى تارقىلىدۇ-دە! «نېمىشقىدۇر شۇ ئىككى قىز بىر
يەردىن چىقىپ قالىدىغاندەك ئەتراپلارغا قاراپ
قويدى»(«تۇمان تارىغان سەھەر» 5-بەت) بۇ جۈملىدىكى
«ئەتراپ» دېگەن سۆز ھەم بىرلىكنى ھەم كۆپلۈكنى بىلدۈ-
رىدىغان سۆز بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆپلۈك قوشۇمـ-
چىسى«لار،لەر» نى قوشۇشقا بولمايدۇ. «مەن ۋاقىتلىق
سىزگە ياردەملىشىدىغان بولدۇم» («تۇمان تارىغان سەھەر»
34-بەت) بۇ جۈملە ئەسلىدە«مەن سىزگە ۋاقىتلىق ياردەمـ-
لىشىدىغان بولدۇم» دېيىلگەن بولسا تازا جايىغا چۈشكەن
بولاتتى.«يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈن مەخسۇس
سېلىنغان»(«تۇمان تارىغان سەھەر»،43-بەت) بۇ جۈملە
ئەسلىدە«مەخسۇس يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈن
سېلىنغان» دەپ ئېلىنسا تېخىمۇ جايىغا چۈشىدۇ. «كەنتىمۇ
كەنت بېرىپ خوتۇنلارنى يىغىپ دەرس ئۆتتۈم، دەپ ئۇلارنى
ئەرلىرىنى ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپسىز» («تۇمان تارىغان
سەھەر»235-بەت)ئەسلى بۇ جۈملە «كەنتمۇ كەنت بېرىپ
خوتۇنلارنى يىغىپ دەرس ئۆتتۈم، دەپ ئەرلىرى ئۈستىدىن
ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپسىز»دەپ ئېلىنسا مەنتىقىگە ئۇيغۇن
بولاتتى.«ئۆيگە كىرىپ بارغىنىمىزدا مىجەزى ئوساللىشىۋاتقان
دادىمىزدىن قورقۇمسىراپ قاراپ ئولتۇراتتۇق»
(«ساداقەت»، 15-بەت) بۇ جۈملىنى «ئۆيگە كىرىپ مىجەزى
بارغانسېرى ئوساللىشىۋاتقان دادىمىزغا قورقۇمسىراپ قاراپ
ئولتۇراتتۇق» دەپ ئالساق ساغلام ھالەتكە كېلىدۇ. «ئەخلەت
خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئەخلەت ساندۇقىغا قاراپ ماڭدى.»
(«ساداقەت»، 16-بەت) بۇ جۈملىدىكى «ئەخلەت ساندۇقى»
يا مەكتەپ، يا ئۆي ئەمەس، شۇڭا بۇ جۈملىدىكى «ئەخەت
ساندۇقىغا قاراپ ماڭدى» دېگەننى «ئەخلەت ساندۇقى بار
تەرەپكە قاراپ ماڭدى»دەپ ئېلىش كېرەك. «ھېچبولمىغاندا
ئاشۇ مەكتەپكە بارىدىغان قىزلاردىن بىر يېرىم كەم ئەمەس-
كەن.» («ساداقەت» 22-بەت)بۇ جۈملىدىكى «ئاشۇ»
دېگەن كۆرسىتىش ئالماش توغرا ئىشلىتىلمىگەن. «ئاشۇ»
دېگەن ئالماش «مەكتەپ» نى ئەمەس، بەلكى قىزلارنى
كۆرسىتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ جۈملە ئەسلىدە
«ھېچبولمىغاندا مەكتەپكە بارىدىغان ئاشۇ قىزلاردىن بىر
يېرىم كەم ئەمەسكەن» دەپ ئېلىنغان بولسا ئورنىغا چۈشكەن
بولاتتى.«دادىسىنىڭ ئەھۋالى بولسا شۇ، سىلى بىر بېشىنى
ئوڭشاپ قويسىلا.» («ساداقەت»، 26-بەت) مانا بۇ جۈملە
تېخىمۇ كۈلكىلىك. «بىر بېشىنى سىلاپ قويسىلا» دېيىلسە، ئۇ
كىشىنىڭ يەنە باشقا باشلىرىمۇ بولغىيمىدى؟ دېگەن گۇمان
ئوقۇرمەننى ئويغا سېلىپ قويمامدۇ؟ بۇ جۈملىدە «بىر»
دېگەن سانىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاچقا شۇنداق مەنتىقىلىق
خاتالىق كېلىپ چىققان. ئەسلىدە بۇ جۈملە «سىلى بېشىنى بىر
سىلاپ قويسىلا»دېيىلسە ئاندىن توغرا بولاتتى. «ئۇزۇن
ۋاقىت بالكوندىن ئۇنىڭ مەھەللىدە تىمسىقلاپ يۈرگە-
نىنى..»(«ساداقەت»72-بەت) بۇ جۈملىدىكى
رەۋىش«ئۇزۇن ۋاقىت» نىڭ ئورنى جايىغا چۈشمىگەن،
ئەسلىدە ئۇ «بالكوندىن ئۇنىڭ مەھەللىدە ئۇزۇن ۋاقىت
تىمسىقلاپ يۈرگىنىنى...» دەپ ئېلىنسا توغرا
بولاتتى.«دادامنىڭ گۇمانىچە بۇ ئائىلىنىڭ مال-مۈلكىنى
قەستلەۋاتقان ئادەم بار»(«ساداقەت»209-بەت)بۇ جۈملى-
دىكى سۆپەتداش «قەستلەۋاتقان» دېگەن سۆز خاتا ئىشلى-
تىلگەن، ئەسلىدە «كۆزلەۋاتقان» دەپ ئېلىنسا مۇۋاپىق
بولاتتى، چۈنكى مال-مۈلۈكنى قەستلىمەيدۇ، بەلكى كۆزلەي-
دۇ. ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىدە يەنە، ئىككىنچى شەخس
ھۆرمەت ۋە سىپايە تۈرى بولغان«سىلى» شەكلى ھېچقانداق
تاشقى ۋە ئىچكى كۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىمايلا «سىز»گە
ئالمىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن، «قاسىمكا، ئاينۇر رازاقنىڭ ئەمەس سىلىنىڭ قىزلى-
رى، ئۆز قىزلىرىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارىڭىز يوق ئۇنى
خەققە ئىتتىرىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟»(«تۇمان تارىغان
سەھەر»، 246-بەت).

بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، يۇقىرىقى بىر قىسىم
نۇقسانلار ماھنۇر ئابدىلىم ئەسەرلىرىنىڭ ئومومىي مەزمۇ-
نىغا، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمـ-
مىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىدىيىۋى
ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەنىۋىي دۇنيايىمىزنى
بېيىتىپ، بىزنى ئادىمىيلىك ھاۋاسىدا ئەركىن نەپەس ئالدۇ-
رىدۇ.

(قاراماي شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە)




شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئېتنىك يىلتىزى بولغان «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىي مېھنىتى بولۇپ، ئۇ تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مۇكەممەللىشىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئۇلۇغ سەنئەت مىراسىدۇر. «مەشرەپ» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لوغىتىدە:«يىغىلىش، بەزمە» دەپ ئىزاھلانغان. ئۇيغۇر خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئاممىۋىي خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى «مەشرەپ» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

چوڭ كۆلەملىك ئاممىۋىي مەشرەپلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىسى. «ۋىنامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»دە:«گاۋزۇڭنىڭ دەۋرىدە، ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ بەش قەبىلىسى بىر سورۇنغا جەم بولۇپ تەڭرىگە سېغىندى، ئادەم سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى، سورۇنغا كەلگەنلەر ئات بەيگىسى ئۆتكۈزدى. قۇربانلىق قىلدى. سەيلى-ساياھەتتە بولدى، ناخشا توۋلىدى، شاد-خوراملىققا چۆمۈلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قارا شەھەرلىكلەر سەيلى-ساياھەتكە ئامراق، كۈسەنلىكلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسى ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىدىن باشقا، قارا خانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسەردە مەشرەپكە دائىر شېئىر-قوشاقلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: ئەسەردە «سورچۇق»، «سوغدىت»دەپ ئاتالغان كەچكى يىغىلىشلار، ھەممىدە بۇ يىغىلىشلاردا ئېيتىلىدىغان «كۈيلەر تولۇق تۈزۈلدى، ئۇرىق ئىدىش تىزىلدى. سەنىسىز ئۆزگىم ئۈزۈلدى، كەل، خاتىرجەم ئوينايلى» دېگەندەك خەلق ناخشىلىرى ئارقىلىق بۇ يىغىلىشلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. كورلا مەشرىپىنىڭ قاچاندىن تارتىپ ئوينالغانلىقى توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر تېپىلمىدى. لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىلەر، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئىزلار ۋە مىڭ ئۆيلەردىكى سىزمىلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەردىن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان نەغمە-ناۋا قىلىپ، مەشرەپ ئويناپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. كورلا مەشرىپى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كورلا توي مەشرىپى قاتارلىق ئەلنەغمە-مەشرەپلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئويىنىلىش تارىخىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولۇپ، مىلادى 5-، 6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان، كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى يەتتە يۇلتۇز (شىكشىن) مىڭ ئۆيلىرىدىكى تامغا سىزىلغان نەغمە-ناۋا مەشرەپكە ئائىت رەسىملەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنىدىن باشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلانغان كورلا قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قاتناش تۈگۈنى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ باشئەگم تاغ ئېغىزى خېلى بۇرۇنلا تەڭرى تېغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا «زىل ئۆتەڭ، تۆمۈر قوۋۇق» دېگەن مەشھۇر نام بىلەن ئاتالغان. كورلىنىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ خىل جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك ۋە سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، يىپەك يولى بويىدىكى كۈسەن، ئۇدۇن قاتارلىق بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەشرەپلىرى بىلەن بىرگە كورلا مەشرەپلىرىمۇ ماس قەدەمدە ئۆزىنى تۈلۈقلاپ، بېيىتىپ كەلگەن. كورلا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىمۇ قەدىمدىن بۇيان باشئەگم باغرىدىكى كورلىدىن ئىبارەت «نەشپۈت يۇرتى»دا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ ياشاپ كەلگەن مېھنەتكەش، پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ھاياتى جەريانىدىكى غەلىبە خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى ئىپادىلەش، شۇنداقلا جاپالىق ئەمگەك مۇھىتىدىكى زېرىكىشلىرىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇش، جاپالىق ئەمگەك مۇھىتى ئىچىدىنمۇ خۇشاللىق ئىزدەش جەريانىدىكى ھالال مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «كورلا توي مەشرىپى» دەل كورلا مەشرىپى ئىچىدىكى ۋەكىللىك مەشرەپ ھېسابلىنىدۇ.

كورلا توي مەشرىپى باشئەگم باغرىغا جايلاشقان «نەشپۈت يۇرتى»دىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋىي توي-تۆكۈن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، كورلا خەلقىنىڭ تويى بولغان ئىككى ياشقا بەخت-ئامەت تىلەش، تويىنى تېخىمۇ خۇشاللىققا چۆمدۈرۈش ھەمدە تۇرمۇش ئىچىدىن شاد-خۇراملىق ئىزلەش جەريانىدىكى ئىجادىي مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك خاسلىقى بىلەن باشقا يۇرت مەشرەپلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاممىۋىي، ئۆزگىچە ئىجابىي قىممەتكە

ئىگە، مەزمۇنلۇق، ئىلمىي، غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، ئۇ ــ مۇقاملار ۋە خەلق ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئەلنەغمە، بېيىت-قوشاقلار، تېپىشماق، ۋائىزلىق، جەڭنامە، رىۋايەت، پەندى-نەسىھەت، سېرىك ۋە ھەرخىل ئويۇن تۈرلىرى بىلەن تەركىبلەنگەن.

## كورلا توي مەشرىپىنىڭ قۇرۇلمىسى

كورلا توي مەشرىپى مۇنتىزىم تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئامىللاردىن تەركىپ تاپىدۇ. يەنى، قازىبەگ(مەشرەپ بېگى)، مىرگاز(كورلا مەشرىپىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ، باشقا يۇرتلاردا «مىرۋاز»،«مىرشاپ»مۇ دېيىلىدۇ)، دوغا (يايى) ۋە تاماشىبىندىن ئىبارەت.

1. قازىبەگ (مەشرەپ بېگى)- توي مەشرىپىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ. ئۇ مەشرەپنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلغۇچى، مەشرەپتىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى بولۇپ، ئۇ مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئادەتتە خەلق ئىچىدىكى ھەق-ناھەق كۆز قارىشى ئايدىڭ، سۆزى ئۆتكۈر، ئادىل، كەسكىن بولغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئارىسىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ.

2. مىرگاز ــ توي مەشرىپىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ، مەشرەپ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، مەشرەپنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، ھەر خىل ئويۇن قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل. شۇنداق بولغاچقا مىرگازنىڭ مەشرەپتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا مىرگاز ئادەتتە خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، جۈرئەتلىك، سۆزمەن، كېلىشەڭگۈ، ئويۇنخۇمار، يېتۈك مەدداھ ، يېتۈك ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلىدۇ. مىرگاز ئادەتتە شۇ يۇرت كوللىكتىپىنى تەشكىللەپ، مەشرەپتىكى بارلىق نومۇرلارنىڭ تەرتىپىنى بېكىتىدۇ ياكى تەڭشەيدۇ. مەشرەپ سورۇنىدا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئويۇن ۋە ئەلنەغمىچىلەرنى تونۇشتۇرۇش، مەدداھلىق قىلىش، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلھامبەخش بېيىتلارنى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

3. دوغا (يايى)- مەشرەپنىڭ ئىنتىزام باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، قازىبەگنىڭ گۇناھكار ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ، جازانى يولغا قويىدۇ. مۇشۇ خىل مۇنتىزىم تەشكىلىي قۇرۇلما مەشرەپنىڭ نورمال تەرتىپىگە ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

4. تاماشىبىن ــ مەشرەپكە قاتناشقان چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ھەممەيلەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەشرەپ سورۇنىدىكى تاماشىبىنلار گەرچە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتمىسىمۇ، لېكىن ئويۇن كۆرۈش داۋامىدا ناخشا-ئۇسسۇلچىلارنىڭ نومۇرىغا ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن چاۋاكلىرى بىلەن ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى تېخىمۇ كۆتۈرىدۇ. ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ناخشا- سازىغا ماس ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىدۇ. مەشرەپتىكى ھەر خىل ئويۇنلارنى ھەم كۆرىدۇ ھەم قاتنىشىپ ئوينايدۇ. قىسقىسى، مەشرەپ تاماشىبىن ئارقىلىقلا قىزىيدۇ، ئەگەر تاماشىبىن بولمىسا مەشرەپ ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ.

## كورلا توي مەشرىپىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوينىلىش تەرتىپى

توي مەشرىپى ــ كورلا توي مۇراسىملىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تويلىرى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويى بولغان يىگىت تويدىن كېيىن(يەنى قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن) ئەل- جامائەتكە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا توي ئاۋۋال ئۆتكۈزۈلۈپ، يىگىت تەرەپ گۈدۈكلۈك هارۋا (يەنى قىز كۆچۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان، تۆگە كولدۇرمىلىرىدىن چوڭ گۈدۈك ئېسىلغان ئۈچ ئات قوشۇلىدىغان ئېسىل هارۋا)، قاتار مەپىلەردە ناغرا- سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، بىر توپ ئوغلاقچىلار بىلەن قىز تەرەپكە بارىدۇ. يىگىت تەرەپ يېتىپ كەلگەن ھامان قىز تەرەپمۇ ناغرا- سۇنايلار بىلەن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپنىڭ ھويلىسىدا قىز- يىگىت ئىككى تەرەپ بىرلىكتە گىرەلەشمە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىر دۆرە توي سەنىمىدىن كېيىن، ساھىبخان مېھمانلارغا تاماق تارتىپ بولۇپ، ئوغلاقچىلارغا ئوغلاق تاشلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز- يىگىت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بىر مەيدان ئوغلاق تارتىشىش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ ئارقىلىق كېلەر نۆۋەتلىك ئوغلاق مەشرىپىنىڭ ساھىبخانى بېكىتىپ چىقىلىدۇ، ھەمدە ئوغلاق تارتىششتا ئوغلاقنى ئاخىرقى نوقتىغا ئاپىرىپ تاشلىيالىغان ئەزىمەتنى ساھىبخان تون كىيدۈرۈپ تارتۇقلايدۇ. ئوغلاق تارتىشىش تۈگىگەن ھامان يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. قىز كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەندىن كېيىن توي مەشرىپى رەسمى باشلىنىدۇ. توي مەشرىپىنىڭ باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. توي مەشرىپىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى:

قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن قىز ـ يىگىت مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئالاھىدىرەك ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇن تاماشىبىنلار بىلەن پەردە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. باشلانغاندا مىرگاز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، مەشرەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئەل-جامائەتكە چۈشەندۈرىدۇ. ئەلنەغمىچىلەر سازلىرىنى قولغا ئېلىپ توي سەنىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان ھامان مىرگاز ماھىر ئۇسسۇلچىدىن ئىككىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئاۋۋال يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىنى، ئاندىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. بىر مەيدان ئۇسسۇل ئارقىلىق قىز- يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇلى بىلەن قىز- يىگىتنىڭ مەشرەپ سورۇنىدا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ

بېرىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىز ۋە يىگىتنىڭ قولداشلىرى ئۆز ئارا بىر مەيدان ئۇسسۇل ئويناپ، ئاندىن قىز - يىگىتنى پەردىنىڭ كەينىدىن ئېلىپ چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ «كۆزى»گە ئولتۇرغۇزىدۇ. قىز قولداش بىر بىلىكگە بىر پارچە رەختنى باغلاپ، قولدا ئىككى تال چوكىنى ئېلىپ، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن لەرزان كورلا سەنىمگە چۈشىدۇ. ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىنى چوكا بىلەن يېرىم قايرىپ ئاچىدۇ-دە، يېپىۋېتىدۇ ھەم يەنە ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ ئەھۋال ئىككى قېتىم قايتىلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىم قىزنىڭ يۈزىنى چوكا بىلەن قايرىپ يۆتۈنلەي ئېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق تاماشىبىن ئالقىشلار بىلەن قىز - يىگىتنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. يىگىتنىڭ تەكلىپى بىلەن قىز-يىگىت ئىككىسى بىر مەيدان ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇن كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، بىر دۇرە توي سەنەم قىز-يىگىتنىڭ ئۇسسۇلى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**2**. تاماق تارتىش باسقۇچى:

بۇ باسقۇچتا مەشرەپ ساھىبخانى پۈتكۈل مەشرەپ ئەھلىگە تاماق تارتىدۇ. ئەلۋەتتە يەپ-ئىچىشمۇ توي مەشرەپىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، مەمۇرچىلىق ۋاقىتتا قوي سويۇلۇپ قازانغا گۆش سېلىنىدۇ. كاۋاپلار پىشۇرۇلىدۇ، ھەر خىل ئېسىل تاماقلار ئېتىلىدۇ. سېرىقتال مەزگىلدە بولسا ئەھۋالغا قاراپ نان - چاي، سۈت - قايماق، مېۋە- چېۋە قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەكلەر ئاساس قىلىنىدۇ. كورلا توي مەشرىپىنىڭ تاماق ئېتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى شۇكى، تويى بولغان قىز - يىگىتكە ئېتىلىدىغان تاماق ئالاھىدىرەك بولىدۇ. يەنى يېڭى كېلىننىڭ قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ئالدىدا ئېغىر - بېسىق، سىلىق - سىپايە بولۇپ، بىر ئۆمۈركۆيۈمچان، ياخشى بىر كېلىن بولۇپ ئۆتۈشى ئۈمىد قىلىنىپ، ئىككىسىگە « بوتقا ئاش»(يەنى گۈرۈچ تامقى بولۇپ، شويلىدىن قويۇقراق، پولودىن سۇيۇقراق ئېتىلىدۇ) يېگۈزىلىدۇ. ئۇسۇلى بولسا، يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ خىل تاماقنىڭ سەل قويۇقراق قىسمىنى قاچىغا ئۇسسۇپ، ئۈستىنى بىر نان بىلەن يېپىپ ئەكىلىپ، كېلىننىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، كېلىننىڭ قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىنىڭ ئالدىدا ئېغىر- بېسىق بولۇپ، ئىناق ئۆتۈشكە بولغان تىلىكىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈندۇر.

**3**.مۇقام، ناخشا - ئۇسسۇل باسقۇچى:

بۇ باسقۇچتا ئەلنەغمىچىلەر قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىپ تەڭكەش قىلىش بىلەن سورۇن ئەھلى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ كورلا سەنىمگە چۈشىدۇ. «كورلا سەنىمى» كورلا مەشرەپلىرىنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، ئۇ باشئەگىم باغرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياراتقان ناخشا- ئۇسسۇللۇق كۈيى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە كورلىنىڭ بارلىق سەنەملىرىگە قويۇلغان ئومۇمىي نامدۇر. «كورلا سەنىمى» دىگەن بۇ نامنىڭ ئاستىدا **3**، **4**، **5**، **6** ئۆزگىرىش ئاھاڭلاردىن قۇرۇلغان، تارىختا ھېيت سادىر(لەقمى-نەغمچى) قاتارلىق ئەلنەغمىچىلىرىمىز قويغان «توي سەنىمى»، «ئىلانداش سەنىمى»، « دەردمەنلەر سەنىمى»، « ئاخۇنلار سەنىمى»، «پەريادەي سەنىمى»، «ئالتۇن قۇلۇپ سەنىمى» قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان **36** سەنەم بار. بۇ سەنەملەرنىڭ مۇقام، سەنەم، چۈشۈرگىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشمايدۇ. مېلودىيە قۇرۇلمىلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. تېكىست، ئاھاڭلىرى گۈزەل بولۇپ قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە، يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك، رېتىم جەھەتتە ئۆزگىچە، مۇڭلۇق، يېقىملىق، ئويناق، جەلىبكار. بۇ ئاھاڭلار كورلا خەلقىنىڭ ئارزۇ، ئۈمىد- ئىستەكلىرىنى كۈيلەيدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىدا يارالغان خەلق قوشاقلىرى بىلەن زىچ كىرىشتۈرۈلۈپ كەلگەچكە، كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى كۇپلىت ئاھاڭى كېيىنكى كۇپلىت ئاھاڭىنى تارتىپ كېلىدۇ. شۇ تارتىشىش بىلەن ئاھاڭلار ناھايىتىمۇ يارىشىملىق، يېقىملىق، گۈزەل مېلودىيەلىك، يۈرۈشلەشكەن بولىدۇ. بۇ ئاھاڭغا ماس ھالدا ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىمۇ كۆپ شەكىللىك، سالماق، نەپىس، لەرزان، شوخ بولۇپ، مۇزىكا بىلەن زىچ كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەزمۇنغا باي، راۋان، يېنىك، يېقىملىق، يۇمۇرلۇق، قاپىيەسى تولىمۇ جايىغا چۈشكەن، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئاساسىدا ياراتقان بولغاچقا، بۇ قوشاقلار تۇرمۇشنى ئەينى بويىچە كۆرسىتىپ بەرگەن. قايسى سەنەم بولسا ئۇنىڭ بېيىت- قوشاقلىرى شۇ تۈردىكى سەنەمنىڭ تېمىسىنى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، شۇ خىل سەنەمنىڭ خاراكتېرىنى، تېمىسىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، «توي مەشرىپى»نىڭ تېكىست قوشىقى مۇنداق:

خانىم باغرى - ساچى يەرگە تېگەدۇر،
بويىغا يەتسە قىز بالا ئەرگە تېگەدۇر.
يىغلىما قىز، خۇش بولغىن، تويۇڭ بولدى،
خۇشلۇقۇڭغا توي سەنەم كۈيۈك بولدى.
سەرەمجانلىق تۆشۈكلۈك ئۆيۈڭ بولدى،
غۇسۇلغا سۈزۈك زۇمرەت سۈيۈڭ بولدى.

كورلا سەنەملىرىنىڭ ئالاھىلىكىدە كورلىنىڭ جاي ناملىرىغا قارىتىلغان خاس بېيىت- قوشاقلارمۇ خېلىلا كۆپ. مەسىلەن، يىگىت:

مەن ئوينايمەن لاچىن كەبى
تاغلارنىڭ باشى،
بىزنىڭ يارنىڭ ئوينار يېرى
باشئەگىم قاشى.
جامالى ئاي، تۇرقى گۈلخان
ئون سەككىز ياشى،
قول، بويىندا جۇلالايدۇ

سۈزۈك قاشتاشى.
قىز: چېھرىلەرنىڭ شۇ قاشتاشتەك
سۈزۈك چاقناشى
بولسا جۈپلەر بىر- بىرىنى
قوغداش - ئاياشى
بولسا ھەمدە ھەر جاي - ھەر ۋاق
دىلكەش قاياشى
چىقماس ھەرگىز نىگاھىدىن
رەنجى كۆز ياشى
تاغ سارىخان تاغلىقتۇر،
تاغ ئاراسى باغلىقتۇر.
سارىخاننىڭ ئالدىدا،
باشقا قىزلار چاغلىقتۇ.
يارنىڭ ئۆيى لەڭگەردە،
يەنە بىر ئۆيى يېڭشەدە.
لەڭگەرلىكنىڭ قىزىدەك،
قىزلار يوقتۇر ھېچيەردە.
قوشئېرىقتىن يۈتمەيدۇ،
قوشئېرىقنىڭ ئىزلىرى.
يىگىتلەرنى باغلايدۇ،
قوشۇمقاش قىزلىرى .
قارىغايلىقتىن ياغاچ كەسسەم،
ئاراشتا قالدى .
چارباغدىن ئاداش تۇتسام ،
تالاشتا قالدى .

دېگەندەك قوشاقلار ھەممە سەنەملەردە ئېيتىلىپ تۇردۇ. كورلا توي مەشرىپىنىڭ مۇقام ۋە ناخشا- ئۇسسۇل قىسمى تۆۋەندىكى بىر قانچە قەدەم-باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1- قەدەم: كورلا سەنىمىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى بولۇپ، سازەندىلەرنىڭ تەمبۇر - ساتارلىرىنى تەڭكەش قىلىشى بىلەن مۇقامچىلار مۇقامنى باشلايدۇ. مۇقامنىڭ ئۇدارى تۇراقسىز بولۇپ، ئەركىن ئېيتىلىدۇ. لېكىن سۆزلىرى ئېنىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيەۋي ئەھمىيىتى يۇقىرى شېئىرلاردىن قۇرۇلغان بولۇپ، كىشلەرنى مۇڭغا چۆكتۈرىدۇ. مۇقاملارغا ياشاشغان ماھىر ئۇسسۇلچىلار سالماق قەدەملەر بىلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

2- قەدەم: سەنەم باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئەلنەغمىچىلەر مۇقامدىن سەنەمگە ئۆتىدۇ. داپ، دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ قاتارلىق ھەممە سازلار قوشۇلۇپ چېلىنىدۇ. مۇزىكا رىتمى بۇرۇنقىدىن تېزلىشىدۇ. ئۇدار تۆتتىن تۆتلىك بولىدۇ. ئەر ئاياللار مەيداننىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىر قەدەر سالماق، روھلۇق، لەرزان بولىدۇ.

3-قەدەم: سەلىقە باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاھاڭ رىتمى يەنىمۇ تېزلىشىپ، ئۇدارى سەككىزدىن بەش ياكى سەككىزدىن يەتتىلىك شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ. ئاھاڭ ئويناق، گۈزەل بولىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى مۇزىكىنىڭ رىتىمغا ئەگىشىپ سالماق، ئەمما جۇشقۇن بولىدۇ.

4-قەدەم: چوڭ چۆشۈرگە باسقۇچى بولۇپ، مۇزىكا رىتمى تېزلىشىدۇ. ئۇدارى تۆتتىن ئىككىلىككە ئۆزگىرىدۇ. ئاھاڭمۇ شوخ، جۇشقۇنلىشىدۇ. ئۇسسۇلمۇ مۇزىكىغا ماس بارغانسېرى تېزلىشىپ، ھەرىكەت شوخلىشىپ بارىدۇ.

5.باسقۇچ: كىچىك چۆشۈرگە باسقۇچى بولۇپ، مۇزىكا رىتمى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. ئۇدارى يەنىلا تۆتتىن ئىككى بولسىمۇ، رىتمى بۇرۇنقىدىن تېزلىشىدۇ. ئاھاڭمۇ رىتىمغا ماس ھالدا تېخىمۇ ئويناق جۇشقۇنلىشىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى بولسا مۇزىكا رىتىمغا ماس ھالدا بارغانسېرى شوخ، تېزلىشىپ بارىدۇ. مەيدان كەيپىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. توي سەنىمى — ئاساسەن توي مەشرىپىدە، يەنى قىز- يىگىتنىڭ تويىدا ئوينىلىدىغان سەنەم بولغاچقا، بىر پۈتۈن سەنەمنىڭ قوشاقلىرى، ئاھاڭى ياكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولسۇن ھەممىسى شۇ توي خۇشاللىقىنى ئىپادە قىلىش، يورۇتۇپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئاھاڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مۇرەككەپ، مۇزىكا ئۇدارىنىڭ كۆپ خىللىقىدىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن تارىختىن بۇيان باشئەگىم باغرىدىكى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي مەشرىپىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ كەلمەكتە.

4. ھەر خىل مەشرەپ ئويۇنلىرى باسقۇچى:

كورلا توي مەشرىپىدە يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچ مۇقام ۋە ناخشا- ئۇسسۇللاردىن كېيىن يەنە كىرىشتۈرۈلۈپ مەشرەپ ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ. مەشرەپ ئويۇنلىرى باشقا سورۇنلاردا ئوينالمىغاچقا، بۇ ئويۇنلار شۇ قېتىمقى مەشرەپتە ئۇسسۇلنى راسا ئويناپ، ناخشىنى قانغۇچە ئاڭلاپ تويۇنغان مەشرەپ ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى يېڭى بىر دولقۇنغا كۆتىرىدۇ. كورلا توي مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ كىشلەرگە بەكرەك تونۇشلۇق بولغىنى « چىلىم ئويناش»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى» ۋە باشقا سۆز ئويۇنلىرى قاتارلىقلاردۇر.

چىلىم ئويناش (دەررە ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇ ئويۇن ھەر بىر كىشىدىن چاققانلىق ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بىر قەدەر كومېدىيە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا مىرگاز ياكى باشقا بىرەيلەن (ئەر ياكى ئايال) ئىشلىگەن چىلىم(بەلباغنى ياكى بىر ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى چاشقان قۇلاق قىلىپ تۈگۈپ چىلىم ياسايدۇ) ئېلىپ بىر كۇپلېت بېيىت بىلەن ئۆزى كۆڭلى يېقىن يەنە بىرەيلەننى چىلىم ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. چىلىم ئويناش — قاتار مېڭىپ ئويناش، چۆرگىلەپ ئويناش، ئۆتۈشۈپ ئويناش دەپ ئۈچ خىل بولۇپ، ئاۋۋال ئىككىيلەن قايسى خىل شەكىلدە ئويناشنى بېكىتىۋالىدۇ. ئويۇن جەريانىدا تەكلىپ قىلىنغۇچى چىلىمنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. قارشى تەرەپ بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئويۇندىكى قىزىقچىلىق

شۇ جەرياندا شەكىللىنىدۇ. باشلانغاندا تەكلىپ قىلىنغۇچى چىلىمنى ئالماقچى بولۇپ قول ئۇزارتقاندا، چىلىمنى تۇتقۇچى قائىدە بويىچە قارشى تەرەپنى ئازغاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇك ياكى سولغا تېزلىك بىلەن ئايلىنىدۇ ياكى ئايلانماقچى بولۇپ توختىۋالىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ سۈرئىتى ئاستا، ئىنكاسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، ماسلىشىپ ئايلىنىپ بولالمايدۇ، خاتا ئايلىنىدۇ ياكى بىلمەي ئايلىنىپ سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىلىم تۇتقۇچى ئۇنىڭ كاسىسىغا كىلىشتۈرۈپ چىلىم بىلەن بىرنى سالىدۇ. ئىنكاسى ئاستا بولغاچ ئۆلگۈرەلمەي، كاسىسىغا بىرنى يەيدۇ- دە، تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر چۆرگىلەپ ئويناش بېكىتىلگەن بولسا، شۇ ئويۇن قائىدىسى ئىچىدە تۇرۇپ ناھايىتى سىلىق، يېنىك ئايلىنىپ ئوڭدىن ياكى سولدىن چۆگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. چىلىم تۇتقۇچىنىڭ چىلىم بىلەن ئۇرۇشى ياكى قارشى تەرەپنىڭ چىلىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قېچىۋېلىشى شۇ قېتىملىق چۆرگىلەشتىن كېيىن بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چۆرگىلەش مەقسەت قىلىنمايدۇ. ئويۇن داۋامىدا چىلىمنى تۇتقۇچىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ خاتالىشىپ كاسىسىغا چىلىم يېيىشى ياكى چىلىم يېيىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ قېچىپ كېتىشى تاماشىبىنلار ئارىسىدا ناھايىتى قىزىقچىلىق-كۈلۈشمەك پەيدا قىلىدۇ. ئويۇننى ئوينىغان ئىككىيلەنمۇ ناھايىتى راھەت ھېس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇشىدۇ. ئويۇن داۋامىدا تەكلىپ قىلىنغۇچى چىلىمنى تۇتقۇچىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال چۆگىلەش داۋامىدا بولىدۇ. ئويۇن داۋامىدا قارشى تەرەپ چىلىمنى تارتىۋالسا، تارتقۇزۇپ قويغۇچى كاسىسىغا چىلىم يەپ تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسى ئاستىدا سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپ چىلىمنى تارتىۋالالمىسا، چۆگىلەپ ئويناش ئۈچ - تۆت قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن چىلىمنى بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. چىلىمنى تۇتقۇچى بولسا بىر كۇبلېت بېيىت ئېيتىپ ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ. بىر كۇبلېت بېيىتتىن كېيىن چىلىمنى تۇتقۇچى چىلىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چىلىمنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى كۆڭلى يېقىن يەنە بىرەيلەننى تەكلىپ قىلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرتىپتە ناھايىتى قىزغىن داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن بىر تەرەپتىن ياش قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارغا نىسبەتەن ھوشيارلىقنىڭ، چاققانلىقنىڭ مۇھىملىقى سۆيپىتىدە مەشرەپ ئەھلىنى خۇشاللىقا چۆمدۈرىدۇ، شۇنداقلا ياشلارنى ئەمگەك، تۇرمۇشتا چاققان، سەزگۈر بولۇش جەھەتتە تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا مەشرەپتە ھەييار ئۇسسۇلچىلار تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان شىر ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى ۋە باشقا سۆز ئويۇنلىرى ئۆزىنىڭ قىزىقارلىقلىقى، ھەجۋىيلىكى بىلەن كىشىلەرگە تولىمۇ بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدۇ. بۇ خىل ئويۇنلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغاچقا، تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ دورايدۇ، تاماشىبىنلار بۇ قىزىقچىلىقتىن قانغۇچە كۈلۈشىدۇ.

### 5. مەشرەپنىڭ جازا ۋە تەربىيە باسقۇچى:

كورلا توي مەشرىپى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئۆتكۈزۈلسۇن، ئۇنىڭ مۇكەممەل تەرتىپ-ئىنتىزاملىرى بار. بۇ يەردىكى ئىنتىزام خەلقنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يەكۈنلىگەن كىشىلىك ئەخلاق مىزانلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنى شەكىللەندۈرگەن. كورلا مەشرەپلىرى ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مۇساپىسىدا جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزاملىرىنى ياخشىلاش، ياش ئەۋلادلارغا ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-نىزام ئۆگىتىش، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى ياخشى ئەخلاقىي خىسلەت بىلەن تەربىيەلەشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. شۇڭا كورلا توي مەشرىپىدىكى «جازا ۋە تەربىيە» بۇ مەشرەپنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپ ئەھلىدىن بىرەيلەن مەلۇم بىر كىشىنىڭ قەستەن ياكى تەبىئىي ھالدا ھېچ كىشىنىڭ ئىجازىتىسىز مەشرەپ مەيدانىدىن ئايرىلغانلىقى، كېچىكىپ كەلگەنلىكى ياكى كىشىلىك ئەخلاققا خىلاپ بىرەر سەۋەنلىك سادىر قىلغانلىقى، مەشرەپتە ناخشا-ئۇسسۇل بولىۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزغانلىقى... قاتارلىق مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكىتى ئۈستىدىن قازىبەگ(مەشرەپ بېگى)گە ئەرز قىلىدۇ. قازىبەگ سوراق قىلىش ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ «گۇناھكار» ياكى«گۇناھسىز» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتى بويىچە گۇناھكارغا «جازا» كېسىدۇ. مەشرەپتىكى جازا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئىقتىسادىي جازا، يەنە بىرى سەۋەنلىك جازاسى. سەۋەنلىك جازاسى مەشرەپتىكى ئويۇنلارنى ئويناش داۋامىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ياكى مەشرەپنى يەنىمۇ قىزدۇرۇش، قىزىقچىلىق قىلىپ ئويۇن ئىچىدىن ئويۇن چىقىرىش مەقسىتىدە گۇناھكارغا بېرىلىدىغان جازا. مەسىلەن:«ئۇچۇرۇش»، «هايگانچا(«باشقا جايلاردا ھاۋانچا دېيىلىدۇ)، «ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈش»... قاتارلىقلار.

توي مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان «گۈل» دەپ بىر ئويۇن بار بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىدىكى بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ «گۈل، نېمە گۈل؟» دەپ سورايدۇ. يەنە بىرەيلەن:«قىزىل گۈل» دەپ ئۇلايدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىرەيلەن:«قوغۇن گۈل» دەپ ئۇلايدۇ. مۇشۇ تەرتىپتە باشقىلارمۇ ئەگىشىپ كەينى- كەينىدىن گۈل ئىسمى بىلەن ئۇلايدۇ. ئەگەر شۇ جەرياندا كىمكى ئاۋۋال بىرەيلەن ئاتاپ بولغان گۈل ئىسمىنى تەكرارلاپ قويسا، شۇ گۈل ئىسمىنى ئاۋۋال ئاتىغان كىشى «قازىبەگ جانابلىرى، مەن بېغىمغا قىزىل گۈل تېرىغان ئىدىم، ئاخشام پالانى بېغىمغا كىرىپ گۈلۈمنى ئۈزۈپ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ» دەيدۇ. قازىبەگ دوغىنى چاقىرىپ «پالانىنى ئالدىمغا كەلتۈر» دەيدۇ. دوغا گۇناھكارنى دەرھال قازىبەگنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىدۇ. قازىبەگ: «پالانىنىڭ گۈلىنى ئوغرىلىغىنىڭ راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ. گۇناھكار «راست» دەيدۇ. قازىبەگ:«نېمىشقا ئوغرىلىدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. گۇناھكار:«ئايالىم چېكەمگە گۈل

قىسسپ تېخىمۇ چىرايلىق بولمەن دېگەنتى، شۇڭا ئوغرىلاپ-
تىمەن» دەيدۇ. قازىبەگ:«دوغا، گۇناھكارنىڭ گۇناھى
ئۈچۈن ‹ئۈچۈرۈش› جازاسى بېرىلسۇن!» دەيدۇ. «ئۈچۈ-
رۈش» جازاسىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش شەكلى مۇنداق بولۇپ:
جازالانغۇچى گۇناھكارنى ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ
شالغا غۇلىچىنى كەڭ ئاچقان ھالدا ئىككى قولنى مۇقىم قىلىپ
ئىككى بېغىشىدىن قولنى بوشىتىۋالمىغۇدەك دەرىجىدە
باغلايدۇ- دە، مەيدانغا تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن
مەشرەپ ئەھلى گۇناھكارنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىنى قىچىقلاشقا
باشلايدۇ. گۇناھكار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي خۇددى
قۇشلار ئۈچۈۋاتقاندەك ئۆزىنى ئەپقاچىمەن دەپ شالنى ھەر
خىل پۇلاڭلىتىشقا باشلايدۇ. گۇناھكار قىچىقلاشقا بەرداشلىق
بېرەلمىگەنلىكتىن ئوڭايسىزلىنىپ ھەر خىل قىزىقارلىق،
كۈلكىلىك ھەرىكەت ئىپادىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى
بولسا بۇ قىزىقارلىق ئويۇننى كۆرۈپ ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك
كۈلىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىغانلار،
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىقانلار ھامان
مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە ھەم نەپرىتىگە قالىدۇ،
دېگەن ھەقىقەتنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ.

ئۇندىن باشقا «ھايگانچا» (باشقا جايلاردا ھاۋانچا دېيى-
لىدۇ) دەپ بىر خىل جازا ئويۇنى بار بولۇپ، مەشرەپتىكى
گۇناھكار بۇ خىل جازاغا بۇيرۇلسا، مەيدانغا ئېلىپ چىقىلىپ
زوڭ ئولتۇرغۇزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى قولنى تىزىنىڭ
ئاستىدىن ئېلىپ، ھايگانچىدەك چوڭلۇقتا بىر نەرسىنى
تۇتقۇزۇپ(ياكى قولغا دەل كەلگۈدەك غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى
ياغاچ بولسىمۇ بولىدۇ) ئاندىن ئىككى قولنى جىپسىلاپ
بېغىشىدىن باغلىۋېتىلىدۇ- دە، ياتقۇزۇپ قويۇلىدۇ. گۇناھ-
كار ھەر قانچە كۈچىسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ياندىكى تاماشىبىنلار گۇناھكارنى ھەر تەرەپتىن
كېلىپ قىچىقلاشقا باشلايدۇ. گۇناھكار قىچىقلاشقا بەرداشلىق
بېرەلمەي ھەريان دومىلاپ نالە قىلىدۇ. تاماشىبىنلار بۇ
قىزىقچىلىقتىن قانغۇچە كۈلۈپ ھوزۇرلىنىدۇ ھەمدە ئەگەر
ئاممىۋى ئەخلاققا رىئايە قىلمىغان ھەر قانداق كىشىلەر ھامان
ئاشۇنداق ئەلنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ دەپ قاتتىق ئىبرەت
ئالىدۇ.

كورلا تويى مەشرىپىدە گۇناھكارلارغا بېرىلىدىغان ناما-
قۇللۇق بىلدۈرۈش جازاسى ئادەتتە «ناماقۇللۇق مەشرىپى»
دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل
ئىقتىسادىي جازا تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەرسى مەشرەپ
تۈزۈمىنى ئېغىر ھالدا بۇزسا ياكى ئاممىۋى ئەخلاققا خىلاپ
بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، شۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي
ئەھۋالى، كۆتىرىش كۈچىگە قاراپ، ئۇ كىشىگە ناماقۇللۇق
مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىش جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ جازانى
مەشرەپ ئەھلى قىزغىن قوللايدۇ. بۇ «جازا»نى ئۆتەش
داۋامىدا گۇناھكارنىڭ نوخۇلىسى خېلى ئېلىنىپ، قىلغان-
ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئەگەر ئاممىۋى ئەخلاققا يات
قىلمىش سادىر قىلسا ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىنى
چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، خېلى ئىبرەت ئالىدۇ.

ئومۇمەن كورلا تويى مەشرىپى باشئەگىم باغرىدىكى
كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئولتۇراقلاشقان كورلا
خەلقىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى، يەرلىك نىزاملىرى ۋە
ئۆرپ-ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت-سەنئەت
جەھەتتە خەلققە بەكمۇ يېقىن ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن
ئېلىنغان بولغاچقا، خەلق ئۇنى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ. كورلا تويى
مەشرىپىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزگىچە
پۇراققا ئىگە. بۇ خىل مەشرەپتە ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەل-
ئاغىنىلەر، مەھەللە - كويلار ئاساس قىلىنىدىغان بولغاچقا،
تەشكىللەش بىرقەدەر ئوڭاي. بۇ خىل مەشرەپتە داپ،
دۇتار، ساتار، تەمبۇر، راۋاپ، ناغرا - سۇناي قاتارلىق
سازلار ئاساس قىلىنىپ، يەرلىك مۇقاملار، يەرلىك ناخشىلار،
كورلا سەنەملىرى ئورۇنلىنىدۇ. مەشرەپنىڭ ئومۇمىي ۋاقتى
ئىككى سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، مەشرەپتە يەنە خەلق
ئۇسسۇلچىلىرى تويى سەنىمىگە چۈشىدۇ. شىر ئۇسسۇلى،
توخۇ ئۇسسۇلى ۋە باشقا چىنە ئۇسسۇلى قاتارلىق
ئۇسسۇللارنى ئوينايدۇ. قىزىقچىلار بېيىت - قوشاق، يۇمۇر
ئېيتىشىدۇ. ۋائىزلار جەڭنامە، داستان ئېيتىدۇ. ھەر خىل جازا
ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ. ئىشقىلىپ قاتناشقۇچىلار ئۇرۇق-
تۇغقان، يارۇ- بۇرادەر، ئەل- ئاغىنىلەر بولغاچقا، تارتىنماي
قورساقتا بار ھۈنىرىنى چىقىرىدۇ. ئەگەر مەشرەپ قىزىپ
كەتسە «گاچىغا تىل، توكۇرغا پۇت» چىقىرىۋېتىدۇ.

كورلا تويى مەشرىپى يالغۇز كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس
قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تويۇنغان
رەڭگارەڭ خەلق سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ مەدەنى-
يەت- سەنئەت بايلىقىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياشلارنى
ئەخلاق ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن تەربىيەلەيدۇ.
شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا «مەشرەپ كۆرگەن»،«مەشرەپ
كۆرمىگەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش
ئەخلاقى ۋە خۇلق- مىجەزىنى باھالايدىغان ئادەت بار.
«ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار، ئادەم بولاي دېسەڭ
مەشرەپكە بار» دېگەندەك ماقاللارمۇ بار.

### كورلا تويى مەشرىپىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى

بىر پۈتۈن تويى مەشرىپى ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئاممىۋى-
لىقى، كوللىكتىپچانلىقى، ئۇنىۋېرساللىقى، بىۋاستىلىكى،
بەدىئىلىكى، ۋارىسچانلىقى قاتارلىق ئالتە جەھەتتىكى ئالاھى-
دىلىككە ئىگە:

#### 1.ئاممىۋىلىقى

كورلا تويى مەشرىپى قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ
تويى قىلغان بىر جۈپ ياشقا بەخت تىلەش، ئۇلارنىڭ كېيىنكى
تۇرمۇشىنىڭ خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى
تىلەپ ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېردىكى كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، شۇ يۇرتتىكى بوۋاي-موماي لاردىن
تارتىپ، ياشلار ۋە ئۇششاق باللارغىچە خالىغانلارنىڭ

ھەممىسى كېلىپ قاتناشسا بولىۋېرىدۇ، قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. ئوينىلىدىغان ئويۇنلار خەلق ئويۇنلىرى، ئورۇندىلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇللارمۇ خەلق ئاممىسىغا تونۇشلۇق خەلق ناخشا-ئۇسسۇللىرى بولغاچقا، بارلىق ئامما بۇ مەشرەپكە خۇشاللىق بىلەن قىزغىن قاتنىشىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ ئاساسەن چوڭ ھويلىلاردا، باغلاردا ئېلىپ بېرىلغاچقا، سورۇن قانچە كۆپ ئادەم قاتناشسىمۇ تارلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە ئىشتىن يانغاندا ئۆتكۈزۈلگەچكە، ئامما بۇ خىل مەشرەپكە قاتنىشىشنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ. چۈنكى ئامما كۆرۈپ، ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىپلا قالماي، خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. خالىغانچە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ بىر كۈنلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىش بىلەن بىرگە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

2. كوللىكتىپچانلىقى

كوللىكتىپچانلىق ــ كورلا تويى مەشرىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قازىبەگ، مىرگاز، دوغا قاتارلىق مەشرەپنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى، ئەلنەغمىچى ئۇسسۇلچىلار، بېيىت-قوشاقچى، سىبىلك، مەدداھلار ۋە قىزىقچى ھەيىارلار قاتارلىق نومۇر ئورۇنلىغۇچىلار ھەممىسى شۇ مەشرەپ سورۇنىغا كەلگەن، ئويۇن تۈرلىرىنى سىرتتىن قاتنىشىپ ئوينايدىغان كەڭ ئاممىدىن ئىبارەت بىر كوللېكتىپنىڭ ئۆز ئارا زىچ ھەمكارلىشىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئوبيېكتلارنىڭ بىرى كەم بولسا مەشرەپنىڭ ئۈنۈمىگە، سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، قىزىمايدۇ.

3 ئۇنىۋېرساللىقى

تويى مەشرىپى-ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما، سىبىلك، شېئىرىيەت، تۈرلۈك قىزىقارلىق ئويۇنلار قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا چىقىدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، بۇ ئامىللار مەشرەپ جەريانىدا ھەر بىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاش، بېيىتىش ئارقىلىق تويى مەشرىپىنى بىر پۈتۈنلۈككە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىدۇ، شۇڭلاشقا تويى مەشرىپى شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى بىلەن باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

4. بىۋاستىلىكى

تويى مەشرىپى تويى بولغان كۈنى مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئوينىلىدىغان بولۇپ، مەشرەپنىڭ مەزمۇنىدىن تاماشىبىنلار بىۋاستە خەۋەردار بولىدۇ ۋە ھوزۇرلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە كورلا تويى مەشرىپى ئۇيغۇر دراما سەنئىتى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. يەنە بىر جەھەتتىن بولسا مەشرەپتە ئورۇنلانغان سەنئەت تۈرىدىكى ۋە كۆڭۈل ئېچىش تۈرىدىكى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن رېپىتىس قىلىنماي، مەشرەپ باشلانغاندا بىۋاستە ھالدا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئوينىلىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىن سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مەشرەپ كۈنى ھەممە كىشى مەشرەپ ئويناش ئۈچۈن تەييارلىق بىلەن كېلىدۇ. مەشرەپ نەق مەيداندا قويۇلىدۇ. تاماشىبىنلار نەق مەيداندا تۇرۇپ، بىۋاستە ھالدا مەشرەپنى كۆرىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. خەلق سەنئەتچىلىرى ئورۇنلىغان نومۇر بىلەن تاماشىبىنلار بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان بولغاچقا، تويى مەشرىپىنىڭ مەزمۇنى يۇكسەك دەرىجىدە چىنلىققا ئىگە بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى مەشرەپ سورۇنىغا چۈشۈپ خالىغانچە پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. مەشرەپ سورۇنىدىكى ھەممەيلەن ئىجادىيەتچى بولۇپ ھەم «تاماشىبىن» ھەم «ئورۇندىغۇچى» بولۇشتەك قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، سورۇن قىزىپ كەتكەندە ھەممە كىشى بار ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئامما ئۆزى ئوينىغان شۇ ئۇسسۇلنى، ئېيتقان بېيىت-قوشاقنى ئۆيدە ئالدىن رەپىتىس قىلىۋالمايدۇ، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە بىۋاستە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

5.بەدىئىيلىكى

تويى مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان بىر پۈتۈن تويى سەنئىتىنىڭ قوشاقلىرى، ئاھاڭى ياكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولسۇن ھەممىسى شۇ تويى خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش، يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كۆپ خىللىقى، مېلودىيەسىنىڭ يارقىن، جۇشقۇن، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ نەپىس، مۇزىكا ئۇدارىنىڭ كۆپ خىللىقىدىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان باشئەگىم باغرىدىكى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. تويى مەشرىپىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش قىز-ئوغۇللار بولغاچقا، مەشرەپتە ئېيتىلغان ناخشا-مۇقاملارنىڭ مەزمۇنى ۋە تىلى ئىنتايىن گۈزەل ھەم لېرىكىلىق بولۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكسە، ئوينالغان ئۇسسۇللار، ھەرىكىتىنىڭ نەپىسلىكى، جۇشقۇنلىقى بىلەن بىۋاستە ھالدا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرى مانا مۇشۇنداق ئېسىل ناخشا-مۇقاملار ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ چەبدەس، جۇشقۇن ھەم شوخ ئۇسۇللىرى ئارقىلىق قىزلارنى ئۆزىگە تارتسا، قىزلار ئۆزىنىڭ نەپىس، لەرزان ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يىگىتلەرنى جەلب قىلىشقا تىرىشىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەلب سىرلىرىنى بىر-بىرىگە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تويى بولغان قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەت ۋىسالىغا يەتكەنلىكىگە بولغان خۇشاللىقنى ئىپادىلىشىدۇ. تويى مەشرىپى مۇشۇنداق قوش يۆنىلىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنىڭ مۇھىملىقىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرىدۇ.

6. ۋارىسچانلىقى

ئىنسانىيەت تارىخىدا شەكىللەنگەن باشقا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش، كورلا تۇي مەشرىپىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، زاماندىن-زامانغا ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۆزلۈكسىز بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلدى. چۈنكى تۇي بولغانىكەن چوقۇم مەشرەپ بولىدۇ، تۇي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بىر ئىش بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىز تويدىن كېيىن خەلقچە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن، مەشرەپ تويىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن خەلقىمىز يىگىت ئۆيلەپ، قىز ياتلىق قىلغاندا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تۇي مەشرىپى، مەشرەپ سورۇنىدىكى ئەلنەغمىچى ئۇستىلاردىن شاگىرتقا، چوڭلاردىن بالىلارغا ئاغزاكى مىراس قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئالايلى، تارىختا ئۆتكەن ئەلنەغمە پېشىۋالىرىدىن مەرھۇم نىياز موللام، نەزەر غازى، مەرھۇم ساۋۇر موللام، مەرھۇم ئىسلام مەزىن، مەرھۇم نىياز ئاخۇن، مەرھۇم تېيىپ مىراپ، مەرھۇم يەھياۋاي مىرغاز، مەرھۇم ھېيت نەغمىچى، مەرھۇم ئابدۇل مىرغاز، مەرھۇم باۋۇدۇن تېيىپ، باۋۇدۇن توختى، مەرھۇم ئەيسا روزى قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرى كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ تارىخ جەريانىدا ئۆزلۈكسىز قالماي، ئۆز خاسلىقىنى يوقاتماي بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بولۇپمۇ مەرھۇم ئەلنەغمە پېشىۋاسى ھېيت نەغمىچى ئاكا (1960_1984) ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيەلەپلا قالماي، يەنە كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئالاھىدىلىكىنى ئەسلى ھالىتى بىلەن دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كېلىشتە تۆرتكىلىك رول ئوينىغان. ھازىر يۇقىرىقى مەرھۇم پېشىۋالارنىڭ شاگىرتلىرىدىن خالىق ھېيت، رەھمەت تېيىپ، توختى ئەيسا، ئەھەت ئابدۇل، زىياۋۇدۇن ھېبىبۇللا، نەجمەدىن قادىر، مەمەت مويدۇن، غوپۇر ئابدۇرېھىم، گۈلنىساخان نىياز، پاتەم نىياز، سېلىمخان خالىق، قارىخان، تاھىر ئىبراھىم... قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار تۇي مەشرىپى، جۈملىدىن پۈتكۈل كورلا ئەلنەغمە مەشرەپلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز قالماي داۋاملىشىپ كېلىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. تۇي مەشرىپى مۇشۇنداق ئۇستازلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئاتىدىن بالىغا، ئۇستازدىن شاگىرتقا مىراس قىلىش شەكلىدە ھازىرغىچە ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى.

**كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ باشقا يۇرت مەشرەپلىرىدىن پەرقى**

**1.** كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ، باشقا جايلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، كورلا تۇي مەشرىپىدە يىگىت بېشى، مىرشاپ، پاششاپ... قاتارلىقلار بولمايدۇ.

2. كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى باشقا جايلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدىكى «قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش» باشقا يۇرتلاردا ئادەتتە تويىنىڭ ئىككىنجى كۈنى ئېلىپ بېرىلسا، كورلىدا شۇ كۈنى ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. كورلا تۇي مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كورلىنىڭ يەرلىك ئويۇنلىرى بولۇپ، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. بولۇپمۇ مەشرەپتە ئوينىلىدىغان«گۈل»، «ئۇچۇرۇش»،«ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈش» «ھايگانچا». .قاتارلىق جازا ئويۇنلار باشقا جايلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.

**كورلا تۇي مەشرىپىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى**

**1.**كورلا تۇي مەشرىپىدىكى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ساغلام مەشرەپنىڭ ئويغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ جۇغلانمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ كىشىلەرنى جىسمانىي، مەنىۋى جەھەتتىن شادلاندۇرىدىغان، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان، ئىجتىمائىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، جامائەت ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشىدىغان ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرىدىغان كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى بار.

2.كورلا تۇي مەشرىپى خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ھەمدە قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، باشئەگمەس باغرىدىكى كورلا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق ۋە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىمىزنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈشتىكى، ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى مول مەنبە بولماقتا.

3.كورلا تۇي مەشرىپى يالغۇز كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تويۇنغان رەڭگارەڭ خەلق سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت بايلىقىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياشلارنى ئەخلاق ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن تەربىيەلەيدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كورلا تۇي مەشرىپى قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە سەنئەت بىرىككەن چىن مەنىدىكى خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا پاراسەتلىك، خۇشچاقچاق، سەنئەتخۇمار كورلا خەلقىنىڭ ۋەتەننى، يۇرتنى سۆيۈش روھى؛ جاسارەتلىك، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، ئېسىل خىسلىتى سىڭگەن بولۇپ، ئوينىلىش جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ياشلارغا ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتنى يەتكۈزۈش، يەنى چوڭلارنى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ھۆرمەتلەش، شەرمى-ھايانى تەشۋىق قىلىپ، ناچار ئادەم، ناچار ھادىسىلەرنى قامچىلاش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

(ئاپتور كورلا شەھەرلىك مەدەنىيەت_تەنتەربىيە رادىيو_تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)



# دەريا بويى كەنتكە قايتا سەپەر

ئابدۇرشات مۇساجان توغرۇل

(بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011-يىللىق 4-سانىدا)

**دەريا بويىدا هازا**

بىز پىلان بويىچە چۈشتىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇپپا تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، توي تەييارلىقىنى سۈرەتكە ئالماقچى، يەنە بىر گۇرۇپپا داۋاملىق يېزىدا تۇرۇپ، قىز تەرەپنىڭ توي تەييارلىقىنى سۈرەتكە ئالماقچى بولدۇق. بىز يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇرساق، بۇ يەرگە ئابدۇللا كېرەم كەلدى ۋە ئۆزرە ئېيتىپ دېدى:

- ئابدان قالغىلى بومىدى، ئابدىرشتاخۇن، ئاياڭ كەنتتە ئىدى، كىلىن دۇككان بىلەن بولۇپ قالدى، تاماق ئېتىپ بەگىلى بومىدى. توي قىلىتقان كىرەم مالىم بىلەن ئىككى تۇققان بوغاندىكىن، ئۇ يەگە قالىشىپ بەمسەم تېخى. ئەمدى سىدىق ئاخۇن دەيتقان بى تۇققىنىمىز بىيدى، ئۇ سەدە تۈگەپ كىتىپتۇ، ئۇ يەگە بامىسام بومايتكەن. بى خاپا بۇلاپ قامىسلا.

- ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە،- دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ،- ئىشلىرىمىز ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىپ باردۇ. ناماز قاچان ئىكەن؟ سۈرەتكە ئالساق بولارمۇ؟

- نامازنى ئەتە ئەتتىگەن چىقىرماقچى. سۈرەتكە ئاساڭلا بولىتۇ. خىلى ئاڭلىق ئەدەملە ئۇ.

- ئۇنداقتا بىز تاماقتىن كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ، كەچكە هازا بولغان ئۆيگە بارايلى. ئۆزلىرى ماسلاشتۇرۇپ بېرەرلا.

- يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە باساڭلا ... - دېدى ئۇ سەل ئىككىلىنىپ،-بەلكى ئەدەم باتۇ. تەييارلىقىنى سۈرەتكە ئالالمايسىلە. تۈگەپ كەتكۈچى بىلەن ئۇلىما ئۇرۇغ-تۇغقان. هەممىسى ناماز چىقىتقان ئۆيگە بارىتۇ.

بىز يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىش پىلانىنى مېيىت ئۈزدىتىدىغان ئۆيگە بېرىشقا ئۆزگەرتتۇق. تاماقتىن كېيىن يېزىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر قاتار تۈگىتىپ، مەن، غەيرەت ئەيسا، لى تىيەنجاڭلار لو دەنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئاتلاندۇق. بىزگە چارۋا پونكىتىنىڭ باشلىقى سوپى قاسىم يول باشلىدى. سوپى قاسىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن 64 كۈن ئىلگىرى سىدىق ئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى قادىر سىدىق يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بىلەن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

مەن سوپى قاسىم بىلەن 1996- يىلى تونۇشقان. ئۇ شۇ چاغدا چارۋا دوختۇرى بولۇپ، خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىكەن. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چارۋىلارنى ۋاكسىنلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ۋاننىنى ئېشەككە ئارتىپ، دورىلارنى يۈدۈپ ئاتلانسا، دەريا بويىدىكى بارلىق ئائىلىلەرگە بىر قېتىمدىن بېرىپ، خىزمىتىنى تاماملاپ، 3-4 ئايدا ئاران قايتىدىكەن.



سوپى قاسىم دادىسى بىلەن قۇدۇق بېشىدا

ئېشەك دەريادىن ئۆتەلمىگەچكە، قارشى قىرغاققا بېرىشتا ئېشەكنى قالدۇرۇپ قويۇپ، سۇ كېچىپ ئۆتۈپ، ھەپتەئون كۈن ۋاننىنى يۈدۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭ خىزمەت روھى ۋە خىزمەت جاپاسىدىن تەسىرلىنىپ، بىر ئوچېرك يازغان، بۇ ئوچېرك شۇ ۋاقىتتا ناھىيەلىك رادىئو ئۇزۇلدا ئاڭلىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ خىزمىتى ھېلىھەم ئاشۇنداق جاپالىق ئىكەن. چارۋا پونكىتىنىڭ ھازىرغىچە قاتناش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنماپتۇ.

بىز قويۇق توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى قۇرۇق ئېقىنغا چۈشۈپ، شىمال يۆلىنىشىدە بىر ھازا ماڭغاندىن



قۇدۇق ۋە ئۇلاق

دىن كېيىن، قۇرۇق ئېقىن ئىچىدە يۈرگەن بىر بوۋاينى ئۇچراتتۇق. ئۇ سوپى قاسىمنىڭ دادىسى ئىكەن. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، بوۋاي بىلەن ئەھۋاللاشتۇق. بوۋاينىڭ مال سۇغۇرىدىغان قۇدۇقى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئۇ ئۇلاققا سۇ ئىلقلاپ قويۇشقا كەلگەن ئىكەن. دەريا بويىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا سۇ ئۈزۈلگەندە، چارۋىچىلار مۇشۇنداق قۇدۇققا تايىنىدۇ. ئېقىن ئىچىنى 1-2 مېتىر كولىسا سۇ چىقىدۇ. ئەڭ چوڭقۇر كولىغاندىمۇ 10 مېتىردىن ئاشمايدۇ. چوڭقۇر قۇدۇقلار تۆت چاسا كولىنىپ، ئەتراپى توغراق ياغىچى بىلەن ۋادەكلىنىدۇ. ئىچىگە ئادەم چۈشۈپ چىقىش ئۈچۈن توغراق ياغىچىدىن زىنىدىپاي ياساپ سېلىپ قويىدۇ. مال- چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىشىگە ئۇلاق چېپىپ، قۇدۇق بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇ ئىلقلاپ قويىدۇ.

بىز ئېقىنغا چۈشۈپ شەرقى شىمال يۆنىلىشىدە يۈردۇق. ئېقىن بىر يەرلەرگە كەلگەندە بىر نەچچە تارامغا بۆلۈنەتتى. بىر ئېقىنغا چۈشۈپ، بىر ھازا ماڭساق يەنە بىر نەچچە تارامغا بۆلۈنەتتى. ئەگەر بۇ ئېقىنلارنى ھاۋا بوشلۇقىدىن سۈرەتكە



قۇرۇق ئېقىن

ئالسا، ئۆسۈملۈك يىلتىزىغا ئوخشىشى مۇقەررەر ئىدى. دېمەك، كېرىيە دەرياسى بۇ يەرلەرگە كەلگەندە تەبىئىي ھالدا نەچچىلىگەن تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئېقىپ، بۇ تەبىئىي بوستانلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ، يېشىللىقنىڭ قۇرۇپ تۈگەپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئېقىن بويىدىكى ئېگىزرەك جايلارغا جايلاشقان ئىدى. دەريا بويىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت كەلكۈن ئىكەن. كەلكۈن پەسلىدە كەلكۈن سۈيى ھە دېسىلا چارۋىچىلارنىڭ ئۆي-ساتمىلىرىنى بېسىپ كېتىدىكەن. سۇ كەلگەن ھامان چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى دۆڭگە قوغلايدىكەن. قوغلاپ ئۈلگۈرەلمىسە، چارۋىلارنى يا كەلكۈن سۈيى ئېقىتىپ كېتىدىكەن، يا پاتقاققا چۈشۈپ ئۆلىدىكەن. 2006- يىلىدىكى كەلكۈندە «يا چۈشكەن»دىكى بىر چارۋىچىنىڭ 300 دىن ئارتۇق چارۋىسى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ،30 نەچچىسىلا ئامان قالغان ئىكەن. يايلاقلارغا سۇ كەلمىسە قۇرۇپ كېتىپ، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقىغا تەھدىت سالىدۇ، سۇ كەلسە مال-چارۋا ۋە تۇرالغۇلارغا ئاپەت سالىدۇ.

بىز 20 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى بىر سائەتتە بېسىپ، ھازا چىققان ئائىلىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئائىلىگە يىغلىغان 20 نەچچە ئەر بىزنى كۆرۈپ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تام بويلاپ تىزىلىپ:«ۋاي دادام، ۋاي دادام» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقىنىچە ھازا ئېچىشقا باشلىدى. بىز قائىدە بويىچە ئۇلار بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ساتمىغا كىرىپ ئولتۇردۇق ۋە قىسقىلا دۇئا قىلىشتۇق. دۇئادىن كېيىن، قازا قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇشتۇق . ئاندىن مەن بىر يىگىتنى ئېلىپ چىقىپ، ئېلىپ كەلگەن بىر خالتا ئۇننى ئېلىپ كىرىپ «چاي ئىچۈرۈش» نامى بىلەن «شوكۇم» قىلدىم. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باركاللا ئېيتىشتى. ئاندىن مەن يېزىنىڭ ساقچىسى مەترۇزى ئاخۇنغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، مېيىت ئۇزىتىش جەريانىنى سۈرەتكە ئېلىۋېلىش ئارزۇيىمىزنى بىلدۈردۈم. ئۇ قازا قىلغۇچىنىڭ باللىرىغا ئېيتىپ، شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بىز دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتۇق.

دەريا بويىدا مېيىت ئۇزىتىشتا يىغا- زارە كۆپ ۋە قاتتىق بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇق-تۇغقان بولغاچقا، ھەممە ئادەم يىغلايدىكەن. ئۆيگە يېڭىدىن ئادەم كەلسىلا



توغراق كېسىش

يىغا-زارە باشلىنىپ، خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدىكەن. ئەرلەرنىڭ ھۆڭرەپ يىغلىشى، ئاياللارنىڭ قوشاق قېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىشى ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزەتتى. مەنمۇ نەچچە قېتىم كۆز يېشى قىلدىم. غەيرەتنىڭمۇ كۆزلىرى ياش ئىدى. ئاياللار ئۆي ۋە ساتمىغا، ئەرلەر ھويلىغا باشلاندى. يېڭى مېھمان كەلسە، بۇرۇن كەلگەنلەر دەرھال ئۆي ئىگىسىگە قوشۇلۇپ، مېھمان كۈتكۈچىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ ھازا ئاچاتتى.

شۇ ئەسنادا سوپى قاسىم توغراق كەسكەن يەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دەريا بويىدا يەرلىك كولىغلى بولمىغاچقا، مېيىت توغراق كۆڭتەيگە قويۇلاتتى. شۇڭا كۆڭتەي ياساش جەريانىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن، مەن، لى تيەنجاڭ ۋە لو دەنلەر سوپى قاسىمغا ئەگىشىپ، توغراق كەسكەن يەرگە كەلدۇق. بۇ ھېلىقى ئۆيدىن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بۆك-باراقسان توغراقلىق بولۇپ، ئابدۇللا كېرەم توغراق كەسكۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىكەن. يەتتە ئادەم ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقىغا كېلىدىغان چوڭ بىر تۈپ توغراقنىڭ غولىنى پالتا بىلەن چېپىۋاتاتتى. چېپىلغان جايدىن قەھۋە رەڭگىدە سۇ سىزىپ چىقىۋاتاتتى.

توغراق - تەبىئىي سۇ ئامبىرى. ئۇ ئۆز غولىدا زاپاس سۇ يىغىپ ساقلايدۇ. شۇڭا توغراقلىقتا بىر نەچچە يىلغىچە سۇ كىرمىسىمۇ ياشىرىۋېرىدۇ. توغراقلارنىڭ غولىنى تەشسە ياكى كەسسە زاپاس سۇ سىزىپ چىقىدۇ. نىسبەتەن ياشراق توغراقلاردىن چىقىدىغان سۇنىڭ رەڭگى كۆپىنچە ئاق سۈزۈك بولىدۇ. قېرى توغراقلاردىن ياكى ياش بولسىمۇ ئىچى كۆڭتەيلىشىپ كەتكەن توغراقلاردىن قارامتۇل سۇ چىقىدۇ. سۇنىڭ تەمى تۇزلۇق ۋە قىرتاق بولىدۇ. توغراقلارنىڭ مەلۇم جايى زەخىمگە ئۇچرىسا، غولىدىكى سۇ سىرتقا سىزىپ چىقىپ، سۇ تەركىبى پارغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، سۇ تەركىبىدىكى ماددىلار قېتىشما بولۇپ توغراق غولىدا قېتىپ قالىدۇ. بۇ قېتىشما «توغرىغا» دەپ ئاتىلىپ، سۇدا ئورنىدا ئاش-تاماققا ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن رايونىنىڭ داڭلىق يەرلىك تامىقى «سېرىق لەغمەن»گە ئەنە شۇ توغرىغا قوشۇلۇپ ئېتىلىدۇ. سۈيى ئاق سۈزۈك توغراقتا ھاسىل بولغان توغرىغىنىڭ رەڭگى ئاق، سۈيى ساغۇچ ياكى سېرىق ھالەتكە يەتكىنىدىن ھاسىل بولغان توغرىغىنىڭ رەڭگى سېرىق، سۈيى قارامتۇل ھالەتتىكىسىدىن ھاسىل بولغان توغرىغا قارامتۇل رەڭلىك بولىدۇ. شۇڭا توغرىغا رەڭگىگە قاراپ ئاق توغرىغا، سېرىق توغرىغا، قارا توغرىغا دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. سېرىق توغرىغا بىلەن ئاق توغرىغىنىڭ ئىشلىتىش ئورنى ۋە شىپالىق رولى ئاساسەن ئوخشاش. ئەڭ ئەتىۋارلىقى قارا توغرىغا بولۇپ، ئادەتتە ئۇ دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. توغرىغا ئاشقازاننى ياخشىلاپ، ئاشقازان كىسلاتاسى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ھەرخىل ياللۇغلارغا شىپا بولىدۇ. يەرلىك ئاتالغۇ بويىچە، ئاشقازاندىكى سوغۇق يەلنى ھەيدەيدۇ. قارا توغرىغا ئاشقازان يارىسىغا شىپا بولىدۇ. قارا توغرىغىنى باشقا توغرىغىلارغا ئوخشاش ئاش-تاماققا سېلىپ ئىشلەتسىمۇ، كېسەل كىشى شاللاپ ئىچسىمۇ بولىدۇ. تېبابەتتە ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدىغان مەستىكى قارىغاي يېلىمىدۇر. قارا توغرىغا بولسا «توغراق يېلىمى» دۇر.

لى تيەنجاڭ بىلەن لو دەن نۆۋەتلىشىپ، توغراق كېسىش جەريانىنى سۈرەتكە ئالدى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە، مەن ھەدەپ سايە ئىزلەيتتىم. توغراقلىقتا، بولۇپمۇ چارۋا بېقىلىدىغان توغراقلىقتا بىر يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇزۇنراق تۇرۇپلا قالساڭ، تەرەپ-تەرەپتىن يۈپۈرۈلۈپ كەلگەن كانا ئادەمگە يامىشىپ، چاقىدىغان جايىنى ئىزدەپ، ئادەمنى ئاۋارە قىلاتتى. كانا كېرىيە شىۋىسىدە «سالجى» ياكى «سالجا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قان شورىغۇچى پارازىت بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرى چىگىتتەك بولىدۇ، بېغىر رەڭلىك، 6 پۇتلۇق بۇ مەخلۇق . قوي، ئۆچكىلەرنىڭ بەدىنىگە يامىشىپ، قېنىنى شوراپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ قان شورايدىغان نەشتىرى بولمىغاچقا، تېرىنىڭ ئەڭ نېپىز، ئەڭ يۇمشاق جايىنى تېپىپ، تېرە ئىچىگە بېشىنى پاتۇرۇپ، تېرە ئاستىدىكى قاننى ئىچىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چاپلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى. شۇڭا كېرىيەدە چاپلاشقاق، يېپىشقاق كىشىلەرنىڭ قىلىقىنى «سالجىدەي چاپلىشىۋالدى» دېيىشىدۇ. سالجى ئادەم بەدىنىگە چاپلىشىپ، بېشىنى تېرە ئىچىگە پاتۇرۇۋالغاندا، سالجىنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنى يۇلۇپ ئالسا، بېشى ئۈزۈلۈپ تېرە ئاستىدا قالىدۇ-دە، سېسىپ، تېرىنى ۋە ئەتنى زەھەرلەپ، ياللۇغ پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ياللۇغ ئاسانلىقچە ساقايمايدۇ. شۇڭا ئادەمگە سالجى چاپلاشسا، بىر تال چوغ ياكى تاماكا چوغى بىلەن سالجىغا قىزىق ئۆتكۈزسە، سالجى قىزىقلىققا چىدىماي، بېشىنى سۇغۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. سالجى چېقىۋالغان جايدا قاپارچۇق پەيدا بولۇپ، كېيىن قاتتىق مونەكچىگە ئايلىنىپ، بىر-ئىككى ئايدا ئاستا-ئاستا يوقايدۇ. مونەكچە يوقۇغۇچە، جاراھەتلەنگەن جاي قاتتىق قىچىشىپ، قاشلىسا ئېچىشىپ ئادەمگە ئازاب سالىدۇ.

سالجىنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇرۇن چارۋا بېقىلغان يەرگە كېلىپ، بىرەر تالمۇ سالجى يوق جايىنى تېپىپ، بىر دەم تۇرسىلا، ئادەم بار يەرگە تەرەپ-تەرەپتىن يۈپۈرۈلۈپ كېلىدۇ. سالجى ئادەمگە يېقىنلاشقاندا، ئادەم باشقا يەرگە يۆتكەلسە، سالجىمۇ دەرھال مېڭىش يۆلىنىشىنى شۇ تەرەپكە بۇرايدۇ. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى يالغۇز ئادەمگىلا ئەمەس، قوي، ئۆچكىلەرنىمۇ پۇراش سېزىمىگە تايىنىپ تېپىپ، بەدىنىگە يامىشىدۇ. سالجىنىڭ ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىمۇ ئىنتايىن يۇقۇرى. ئۇ بىر قېتىم قانغۇچە قان شورىۋالسا، بىر يىلغىچە ياشىيالايدۇ. يېڭىلا تويغۇدەك قان شورىغانلىرى ئېسىلىپ چىگىتتەك بولۇپ كېتىدۇ، ئاچ يۈرگەنلىرى كىچىكلەپ كېتىدۇ. سېمىز چارۋىلارنىڭ تېرىسى قېلىن، تېرە ئاستىدا بىرقات ماي بولۇپ، قان قاتلىمى چوڭقۇرلىشىپ كەتكەچكە، سېمىز چارۋىلاردا سالجى بولمايدۇ، بولسىمۇ ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ئۇرۇق چارۋىلارنىڭ بەدىنىدە مىغىلداپ يۈرۈشىدۇ. تېنى ئاجىز قېرى چارۋىلارنى سالجىلار چېقىپ ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. سالجى چۈشكەن چارۋىلاردىكى سالجىنى بىر يولىلا ئۆلتۈرۈۋەتسە، چارۋىمۇ

ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا باسقۇچقا بۆلۈپ، ئاز- ئازدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سالجى ئادەتتىكى چىۋىن دورىسىدىمۇ ئۆلىدۇ. چارۋىلارنىڭ بەدىنىگە دورا چېچىپ، سالجى ئۆلتۈرۈشتە، ئەڭ كۆپ بولغاندا چارۋا بەدىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا دورا چېچىپ، ئارىدىن 3-2 كۈننى ئۆتكۈزۈپ، يەنە تۆتتىن بىرىگە چېچىپ ... تەدرىجى يوقىتىش كېرەك. دەريا بويىدا چارۋىلارنى سالجى بېسىپ كەتسە، دورا ئىشلەتمەيدۇ، چارۋىلارنى سۇغا پىشىش، بەدىنىگە كۆل چېچىش قاتارلىق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن يوقىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەل تۆكۈس يوقاتقىلى ياكى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، پەقەت چارۋا بەدىنىدىكى سالجىلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

مەن توغراقلىقتا سالجىلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئويناۋاتقاندا، لو دەننىڭ بەدىنىگە سالجى يامىشىۋاپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كېتىپ، سەزگۈرلۈكى زىيادە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بەدىنىنىڭ قايسى يېرىدە ئازراق قىمىرلىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، چۆچۈپ، سەكرەپ، دەرھال شۇ يېرىنى سىلاشتۇرۇپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، گەجگىسىنى ئىنچىكە شاخ بىلەن يەڭگىل جىجىلاپ قويغان ئىدىم، ئۇ قورقۇپ، كۆڭنىكىنى سېلىپ، قېقىشتۇرۇپ كەتتى. بۇ ئىش توغراق كەسكۈچىلەرگە قىزىق تاماشا بولۇپ بەردى. بىرسى سالجىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ، لو دەننىڭ بېلىدىن تەرگەن بولۇپ كۆرسىتىپ تاشلىۋەتكەن ئىدى، ئۇ دەرھال شىمىنى سېلىپ قېقىشتۇرۇپ كەتتى. توغراق كەسكۈچىلەر لو دەنگە چاقچاق قىلىشىپ كۈلۈشەتتى، لو دەن ئۇيغۇرچىنى بىلمىسىمۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلەتتى.

توغراق كەسكۈچىلەر 9 نەپەرگە يېتىپ، نۆۋەتلىشىپ پالتا ئۇرۇپ ئىككى سائەتچە ھەپىلەشكەندىن كېيىن، توغراق يىقىلدى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بۇ بىر تۈپ توغراقنى يىقىتىشقا 6 سائەت ھەپىلەشكەن ئىدى. توغراق ئۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار توغراق غولىنىڭ ئىچىنى ئۇيۇشقا تۇتۇش قىلىشتى. كەچ كىرىپ قالغاچقا، بىز قايتىشقا تەرەددۇتلاندۇق. ھازا چىققان بۇ ئۆيدە غەيرەت ئەيسانى سۈرەتكە ئېلىشقا قالدۇرۇپ، قالغانلار قايتتۇق.

4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئەتىگەندە مېيىت ئۇزىتىدىغان ئۆيگە باردۇق. غەيرەت مېيىت ئۇزىتىش تەييارلىق ئىشلىرىنى باشتىن-ئاخىر تولۇق سۈرەتكە ئاپتۇ. مېيىت ئۇزىتىشتىكى



نامازغا كەلگەنلەر

باشقا ئادەتلەر كېرىيەدىكى بىلەن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى -ۋاپات بولغۇچىنىڭ «گۇناھى سېتىلىدىكەن» يەنى، مېيىت غەسلە قىلىنىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن، بىر ئادەم «ئېرىغ مال»(ئالتۇن زىبۇزىننەت) نى ئاق ياغلىققا چىگىپ، مېيىتنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرىدىكەن، يەنە بىر ئادەم پارچە پۇل ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن. ئاجىز، نامرات كىشىلەرنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ كىرىپ، جەسەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئېرىغ مال چىگىلگەن ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقۇزۇپ(ئېرىغ مال جەسەتنىڭ ئۈستىگە توغرىلىنىدىكەن).

- سىز مۇشۇ ئېرىغماللار بىلەن مەرھۇم سىدىق ئاخۇنىڭ بىلىپ-بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى ئۆز بويىنىڭىزغا ئالدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورايدىكەن.

«گۇناھ سېتىۋالغۇچى» - مەن مەرھۇمنىڭ بىلىپ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بوينۇمغا ئالدىم،- دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئېرىغ مالنى گۇناھ سېتىۋالغۇچىغا بېرىدىكەن. ئاندىن ياندا پۇل تۇتۇپ تۇرغۇچى:

- سىز بۇ ئېرىغ ماللىرىڭىزنى ماڭا ئىككى كويغا ساتتىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىسا، گۇناھ سېتىۋالغۇچى«ساتتىم» دەپ ئېرىغ ماللارنى ئۇنىڭغا بېرىدىكەن. ئۇ گۇناھ سېتىۋالغۇچىغا ئىككى يۈەن بېرىپ، ئېرىغ ماللارنى ئېلىپ قالىدىكەن. بۇ ئىش تۈرۈپ كۆلگۈمنى كەلتۈرسە، تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ نادانلىقىغا قاتتىق ئېچىندىم. مەن دىنىي ئۆلىمالاردىن:

- مۇشۇنداق قىلىپ، راستلا ۋاپات بولغۇچىنىڭ گۇناھىنى سېتىۋەتكىلى بولامدۇ؟ - دەپ سورىسام، ئۇلار

- ئەمدى، بۇ بى ئۆرۈپ ئادەتكەن،- دەپلا جاۋاب بېرىشتى.

- گۇناھ سېتىۋالغۇچى ئېرىغ ماللارنى پۇلغا ساتماي ئېلىپ كەتسە بولامدۇ؟- دەپ سورىدۇم مەن گەپ كوچىلاپ.

- ئۆكتەملىك قىلىپ، ئەكەتسە ھېچىمە قىلغىلى بومايتۇ. گۇناھىنى ئاغاندىكىن ئەكەتسە بولىتۇ. لېكىن ھەممىمىز ئۇرۇغ- تۇققان بوغاندىكىن، ئانداغ قىلمايتۇ، ئەينا.

كېرىيەدە ئۆلگۈچىگە ئاتاپ پۇل تارقىتىش ئىشى بار. بۇرۇنقى دەۋرلەردە سەرەڭگە تارقىتاتتى. بۇنى «دۆرە» دەپ ئاتايتتى. سەرەڭگىنى نامازغا كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا ياكى مازار بېشىغا بارغاندا تارقىتاتتى. تارقىتىلغان نەرسىنى ئېلىش «دۆرە ئېلىش» دەپ ئاتىلاتتى. ھازىر نەق پۇل تارقىتىدۇ. بۇنى «سەدىقات» دەپ ئاتايدۇ. بىر كىشى مەسئۇل بولۇپ سەپتە تۇرۇپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، مەزىنلىرى ۋە نامرات كىشىلەرگە بەش -ئون يۈەندىن ئىككى يۈەنگىچە تارقىتىدۇ. پۇلنى شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بۇ ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، ھېچكىم سەزمەي قالىدۇ. چىرا ناھىيەسىدە جامائەت مازار بېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندا، پۇلنى «سەدىقات» بېرىلگۈچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ تارقىتىدۇ. كۆپىنچە ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغانلار تولۇق ۋە كۆپرەك ئالىدۇ. دەريا بويىدىكى بۇ گۇناھ سېتىشنىمۇ «دۆرە» دەپ ئاتايدىكەن. گۇناھ سېتىۋالغىلى كىرگەنلەرنى«دۆرىگە

چىقتى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ خىل«گۇناھ سېتىش» ئادىتىنى
مەن خوتەن ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھرىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا
بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. دەريا بويىدىمۇ بارلىقىنى ئاڭلاپ
باقمىغان ئىدىم. كېيىن بىلىشىمچە، بۇنىڭدىن 20ـ30 يىللار
ئىلگىرى كېرىيەنىڭ بەزى جايلىرىدا بۇ خىل ئادەت بولغان



كوڭتەي

ئىكەن. ھازىر دىنىي زاتلارنىڭ چەكلىشى بىلەن ئەمەلدىن
قاپتۇ. ئىگىلىشىمچە، ۋاپات بولغۇچى باي بولسا، ئاجىزلارغا
بېرىدىغان پۇلمۇ كۆپرەك بولىدىكەن، ھەم كۆپرەك كىشىگە
گۇناھ سېتىلىدىكەن. سىدىق ئاخۇن ئائىلىسى ئوتتۇرا ھال
ئائىلىلەردىن ھېسابلىنىدىكەن. گۇناھنى باھا چىقىرىپ ساتـ
ىدىغان ئىش بەلكىم بۇرۇنقى دەۋرلەردە خوتەن رايوندا كەڭ
ئومۇملاشقان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە دىنىي چەكلىمە ياكى
باشقا سەۋەبلەر بىلەن قېپ قالغان، ھازىر مانا مۇشۇ خىلۋەت
ماكاندا ۋە باشقا رايونلارنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىدە ساقلىنىپ
كېلىنىۋاتقان ئادەت ئىكەنلىكى ئېنىق.

بىز نامازنىڭ ئوقۇلۇشىنى كۈتۈۋاتقاندا، كوزۇپلۇق كىچىك
ماشىنىغا بېسىلغان كوڭتەيىنى ئېلىپ كېلىشتى. كوڭتەي سەھەر
سائەت 4 كە پۈتۈپتۇ. ئەسلى ئىچى پورلىشىپ كەتكەن توغراق
بولسا، كوڭتەي ئاسان پۈتىدىكەن. ئۇلار كەسكەن توغراق
تېخى تولۇق پورلاشمىغان بولغاچقا، ئىچىنى چوت بىلەن ئويۇپ
ئاپتۇ. ناماز ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دۆڭ ئۈستىدە
چۈشۈرۈلدى. نامازغا 300دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.
جىنازا توغراق بالداقلىرىدا زەمبىل شەكىللىك ياسىلىپ، ئىككى
بېشىغا توغراق شېخى بىلەن ئەگمە چىقىرىلىپ، ياسالغان
ئىدى. جەسەتكە ئاخىرەتلىك تون كىيدۈرۈلۈپ، كىگىز جايناـ
مازغا ئورىلىپ، جىنازىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە داكا
يېپىلغان ئىدى. جىنازىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئەگمە داكىنى
كۆتۈرۈپ تۇراتتى. نامازدىن كېيىن، كىشىلەر جىنازىنى نۆۋەت
بىلەن كۆتۈرۈپ، مازارغا ئېلىپ ماڭدى. ياشلار موتىسىكلىـ
تىنىڭ كەينىگە ياشانغانلارنى مىندۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى.
بىزمۇ ماشىنا بىلەن مازارغا قاراپ ئاتلاندۇق. 49ـ رەسىم،
زاراتگاھلىقتا ئاتلىنىش

مازار ناماز چۈشۈرۈلگەن يەردىن 4 كىلومېتىرچە
يىراقلىقتىكى قويۇق توغراقلىق ئارىسىدىكى يۇلغۇنلۇق
دۆڭدە بولۇپ، كۆلىمى كىچىك ئىدى. ئىلگىرى بۇ مازارغا
قويۇلغان جەسەت 10 غا بارمايتتى. بىز بارساق يەرلىك
كولىنىپ بولۇپتۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان«يەرلىك» ـ كەڭلىـ
كى 2ـ3 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى4ـ5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر
يېرىم مېتىرلىق چاسا ئورەك ئىدى. جامائەت مازارغا كېلىپ،
دىنىي ساۋاتى بارلار تارقىتىلغان كىتابچىنى ئوقۇشقا، ساۋاتى
يوقلار يەرلىكنى راسلاشقا كىرىشىپ كەتتى. يەرلىك راسلىنىپ
بولغاندىن كېيىن، كوڭتەي يەرلىككە چۈشۈرۈلدى. كوڭتەي
بەك چوڭ ۋە ئېغىر بولغاچقا، 10 نەچچە ئادەم تەسلىكتە
چۈشۈرۈپ بولدى. كوڭتەينىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىرچە كېلەتـ
تى. توغراقنىڭ قوۋزىقى پاكىز سويۇلۇپ، بىر ياندىن
ئۇلاق(ئوقۇر) شەكىللىك قىلىپ ئويۇلغان ئىدى. كوڭتەينىڭ
بىر ئۇچى پۈتەي ھالەتتە چىقىرىلىپ، بۇ تەرىپىگە ئارغامچا
باغلاشقا موللەك چىقىرىلغان ئىدى. يەنە بىر ئۇچى ئىچى
بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئويۇپ ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. كوڭتەيـ
نىڭ پۈتەي تەرىپى باش قىلىنىپ، شىمالغا قارىتىپ قويۇلدى.
كوڭتەي قويۇلغاندىن كېيىن، جەسەتنى ئېلىپ چۈشۈپ،
كوڭتەينىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جەسەتنى يەرلىكـ



يەرلىك كولاش

كە قويدى، ئاندىن كوڭتەينى باسۇرۇپ، ئۈستىدىكى تۆشۈكـ
لەرنى سېغىز لاي بىلەن چاپلاپ ئەتتى، ئاندىن كوڭتەينىڭ
ئوچۇق تەرىپىگە توغراق ياغىچىدىن تەييارلانغان تاختاينى

تىكلەپ قويۇپ، سىغىز لاي بىلەن چاپلىۋەتتى. بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، يەرلىك كۆمۈلۈپ، خادا قادىلىپ، توپا دۆۋىلەپ قەبرە چىقىرىلدى. ئاخىرىدا خەتمە قۇرئان قىلىنىپ، دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن جامائەت مېيىت چىقىرىلغان ئۆيگە قايتىشتى.

قۇم تۇپراق ۋە زەيكەش رايونلاردا يەرلىك چىقارغىلى بولمىغاچقا، جەسەتنى شەمگۆرگە دەپنە قىلىش ئومۇملاشقان. كېرىيەنىڭ قارقى، شىۋول، يېڭىباغ قاتارلىق يېزىلىرىدا شۇنداق. لېكىن بۇ رايونلاردا توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىش ساقلىنىپ قالمىغان. توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىش- قەدىمىي دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، تەكلىماكان رايونىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك بۇ خىل ئۇسۇلدا دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر تېپىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەمگۆرگە دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ تەڭ مەۋجۇت. ھازىرغىچە قېزىۋېلىنغان قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋەلىرىدە، شەمگۆرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى نىسبەتەن كۆپ ۋە قىممەتلىك، ئاخىرەتلىك كېيىملىرىمۇ سىپتا. بۇددا دىنى دەۋرىدە تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭمۇ ھەم شۇنداق، ھەرقايسى دەۋرلەردە توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئاز ھەم ئاددىي. بۇنىڭدىن بىز توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىنغانلار ئادەتتىكى پۇقرالار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تاۋۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان: ئاتا بوۋىلىرىمىز «يەرنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ، ئاسمانمۇ بىپايان دېڭىز. ئۆلگۈچى شۇ سۇ ۋە ئاسمان دېڭىزدىن ئۆتەلىسە ئەرشكە چىقالايدۇ، بولمىسا روھى جىن- شاياتۇن بولۇپ جەھەننەمدە قالىدۇ» دەپ قاراپ، توغراق كوتىيىدىن قولۋاق ياساپ، «ئۆلگۈچى شۇ



كوتەينى قويۇش

قولۋاق بىلەن ئەرشكە چىقىدۇ» دەپ، جەسەتلەرنى قولۋاققا دەپنە قىلغان ئىكەن. كېيىنچە، قولۋاق چىققۇدەك چوڭ ياغاچ تاپالماي، پارچە ياغاچلاردىن قولۋاق ياساپ دەپنە قىلغان ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن تاۋۇت پەيدا بولغان ئىكەن. بۇ رىۋايەتتىن توغراق ۋە باشقا دەرەخ كوتىيىلىرىگە جەسەت دەپنە قىلىش تارىخىنىڭ تولىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا جەسەتنى تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىش چەكلىنىدۇ. كوتەي پەقەت ئىچ يەرلىك رولىنى ئوينىغاچقا، يەنە كېلىپ جەسەت بىۋاستە تۇپراققا قويۇلۇپ، ئۈستىدىن كوتەي كۆمتۈرۈپ قويۇلغاچقا، بۇ ئادەت دىنىي چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان.

دەريا بويى يېزىسىدا شەمگۆر ياساش شارائىتى تولۇق. ياغاچ، يۇلغۇن، قومۇش، سىغىز دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن شەمگۆر ياساش ئادىتى ئومۇملاشماي، قەدىمىي دەۋرلەردىكى توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىش ئادىتى ئومۇملىشىپ ساقلىنىپ قالغان؟ مەن بۇ مەسىلىگە ھەيران بولۇپ، پېشقەدەملەر ۋە دىنىي ئۆلىمالاردىن سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلار بىردەك شەمگۆرنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ شەمگۆرنى بۇزۇپ، جەسەتنى يەپ كېتىدىغانلىقى، توغراق كوتىيىگە دەپنە قىلىنسا بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. دېمەك، بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا قوبۇل قىلغان ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئادىتى ئىدى. شۇنداق بولغاندا، چوقۇم ھەر بىر ئائىلىگە تەۋە يايلاقتا كوتەي چىققۇدەك بىر نەچچە تۈپ توغرىقى بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى. بۇنداق چوڭ توغرىقى يوق كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسە، كوتەينى باشقىلارنىڭ يايلىقىدىكى چوڭ توغراقنى كېسىپ ياسايدىكەن. دەريا بويىلىقلار ئۈچۈن بۇنداق چوڭ توغراقنى بىرنى كېسىش ئېشەكنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغاندەكلا ئىش ئىكەن. ئۇلار ئېغىزىدا توغراقنى قەدىرلەيمىز دېگىنى بىلەن، ماھىيەتتە توغراق كېسىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. بىز تۇرغان نۇراخۇننىڭ ئۆيى بۇرۇن ھازىرقى ئۆيىدىن 50 مېتىرچە شىمالدا، ئىشىكى غەربكە قارايتتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆيلىرىنى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ يېڭىلاپ سېپتۇ. مەن بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن توغراق كۆتىكىنى كۆرۈپ، نۇراخۇندىن سۈرۈشتۈرسەم ئۆي سالغاندا كەسكەن توغراقنىڭ كۆتىكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

-توغراقنى بۇنداق كەسكىلى تۇرساڭلار، چارۋىنى نېمىدە باقىسىلەر؟- دەپ سورىۋىدىم مەن نۇراخۇندىن.

- توغراق دېگەن جىق. سۇ باشلىساق چىقىۋېرىدۇ. توغراق قامىسا پاسا با،-دەپ جاۋاب بەردى ئۇ پەرۋاسىز ھالدا.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، تەبىئىي ئورمان قوغداش تارماقلىرى توغراق كېسىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دەريا بويىلىقلارنىڭ توغراقنى 4-3 مېتىر ئۈستىدىن بوغۇرۇپ مال باقىدىغان ئادىتىگە خاتىمە بېرىلىپتۇ . لېكىن يەرلىك كىشىلەر: «توغراقنى كەسكىلى قويماي ياخشى قىلمىدى، توغراق دېگەننى كېسىپ تۇرسا ياخشى كۆكلەيدۇ،

كەسكىلى قويمىغانلىقى ياغدا نۇرغۇن توغراق قۇرۇپ كەتتى» دەپ ئىنكاس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ «كېسىش» سۆزى توغراقنىڭ غولىنى ساقلاپ قېلىپ، شاخلىرىنى كېسىش، ئېگىز توغراقلارنىڭ غولىدىن 4-3 مېتىر قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۈستىنى كېسىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل «كېسىش»لەرنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولغان بولسا، تەبىئىي ئورمان قوغداش تارماقلىرى ھەرگىز چەكلىمىگەن بولاتتى. ھازىر تەبىئىي مۇھىت قوغدىغۇچىسى توغراقلارغا كېلىۋاتقان بىر خىل ئاپەت ئۈنۈملۈك چەكلەنگەن بولسىمۇ، باشقا ئاپەتلەر تېخى چەكلەنگىنى يوق. بۇنىڭ بىرى، ئۆي سېلىش. دەريا بويىدىكى نوپۇسنىڭ ئاۋۇشى بىلەن، يېڭىدىن ئۆي تۇتقانلارغا ئۆي سېلىش، كونىدىن كۆنگە غولداپ، ئۆي سېلىشقا كېسىلىدىغان توغراق يىلدىن يىلغا كۆپەيمەكتە. ئەلۋەتتە ئۆي سېلىشقا توغراق كېسىشنى تەشكىلدىن تەستىقلىسىمۇ، تەشكىل 10 تۈپ تەستىقلىسا، ئۇلار20-30 تۈپ كېسىدىكەن. ھەتتا بەزىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆي سېلىش ئېھتىياجىدىن خېلىلا ئارتۇق كېسىۋېلىپ، قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، پۇرسەت تېپىپ شەھەرگە يۆتكەپ ساتىدىكەن ياكى شەھەرگە ئۆي سالىدىكەن. يەنە بىرى، جەسەت دەپنە قىلىش ئۈچۈن كېسىش. بۇ كېسىشنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىپتىدائىي توغراقلارنى تاللاپ كەسكەچكە، بىر جەسەت ئۈچۈن بويى كۆككە تاقىشىپ تۇرغان غايەت زور توغراق كېسىپ تاشلىنىپ، توغراقنىڭ 3-4 مېتىر غوللا ئىشلىتىلىدىكەن. سەيدى ئاخۇنغا كوڭتەي ياساشقا كېسىلگەن توغراقنىڭ غولىدىكى يىل چەمبىرىكىنى ئۆزۈم ساناپ كۆردۈم. توغراق پالتا بىلەن چېپىلغاچقا، بەزى يەرلەردىكى يىل چەمبىرىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆزۈم كۆرۈپ، بارمىقىم بىلەن تۇتۇپ سانىغان يىل چەمبىرىكى 300گە يېقىنلاشتى. بىز بۇنىڭ 300 يىللىق توغراق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق.

بىز مازاردىن يېنىپ، مېيت ئۇزىتىلغان ئۆيگە كەلگىنىمىزدە، پولو پىشىپتۇ. دەريا بويىدا ئاھالە چاچقۇن، بىرەر ئىشقا يىغىلىش قىيىن بولغاچقا، ناماز چۈشۈرۈلگەن كۈنى



نامازدىن كېيىنكى ماتەم

پارسى(ئۈچ نەزىرسى)نى بېرىۋېتىدىكەن. بۇ پولو دەل مەرھۇمنىڭ پارسىغا ئاتاپ تەييارلانغان ئىكەن. داستىخانغا بىزمۇ داخىل بولدۇق.

دەريا بويىدا پولو ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، سەۋزىلىك پولو. توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىدا مۇراسىم كۈننى ئالدىن بېكىتكەچكە، ناھىيە بازىرىدىن سەۋزە ئېلىپ كېلىپ، ئالدىن تەييارلىق قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا سەۋزىلىك پولو ئېتىلىدۇ. بۇ خىل پولونى ئېتىش ئۇسۇلى باشقا رايوندىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن، گۆشنى ئايرىم پىشۇرۇپ، پولونى گۆشسىز ئېتىپ، ئۈستىگە پىشۇرۇپ تەييارلانغان گۆشنى سېلىپ كىرىدۇ. يەنە بىرى سەۋزىسىز پولو. ئۆلۈم- يىتىم ئىشلىرى تۇيۇقسىز بولغاچقا، پولا تەييارلىقسىز ھالەتتە ئېتىلىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن سەۋزە ئېلىپ كىرىپ ئۈلگۈرتۈش مۇمكىن بولمىغاچقا پولو سەۋزىسىز ئېتىلىدۇ. بۇ خىل پولونى ئېتىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە: ئالدى بىلەن گۆرۈچنى يۇيۇپ تەييارلاپ، قازانغا ماي قۇيۇپ قىزىتقاندىن كېيىن، تەييارلانغان گۆرۈچنى قىزىق ماي ئۈستىگە سېلىپ قورۇپ، گۆرۈچ ماينى تولۇق ئىچىپ بولغاندا ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇپ دۈملەيدۇ. بۇ پولودا گۆرۈچ، ماي، سۇ، تۇزدىن باشقا خۇرۇچ بولمايدۇ. بۇ خىل پولونىڭمۇ گۆشى ئايرىم پىشۇرۇلىدۇ.

دەريا بويىدا چوڭ قازان ئېسىپ گۆش پىشۇرىدىغان ۋە پولو دۈملەيدىغان ئوچاقمۇ ئالاھىدە. يەنى ياغاچ ئوچاق. يوتا توملۇقىدىكى ھۆل توغراق ياغىچىنى بىر مېتىردىن ئۇزۇنراق كېسىپ، ئۈچ تال كۆتەك تەييارلايدۇ. ئاندىن بىر بېشىنى قىيپاشلاپ، قىيپاشلانغان بېشىنى ئۈستىگە قىلىپ، قازاننىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە ئاساسەن 3 نۇقتا بەلگىلەپ، كۆتەكلەرنى كۆمۈپ، ئۈستىگە قازاننى ئاسىدۇ. كۆتەكلەرنىڭ قىيپاشلانغان يۈزى ئىچىگە قارىتىلغاچقا، قازان ياخشى



ياغاچ ئوچاق

ئـورنىشىدۇ. ئالدى بىلەن گۆشنى پىشۇرۇپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن پولونى ئېتىدۇ. بۇ خىل ياغاچ ئوچاققا 4-3 قېتىم قازان ئېسىپ پولو ئەتكىلى بولىدىكەن.

بۇرۇنقى چاغلاردا، يەنى بۇنىڭدىن 10-15 يىللار ئىلگىرى توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يىتىم، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي كۆمەچ كۆمۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا كۆمۈلىدىغان كۆمەچلەر ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، ئادەتتە بىر خالتا (50جىڭ) ئۇندا بىر كۆمەچ كۆمۈلەتتى. ھازىر پولا ئېتىش ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)




## دىدارغەنىمەت

مەن «كروران» ژۇرنىلىنىڭ2011-يىللىق 3-سانىنى تېزرەك ئوقۇش مەقسىتىدە تەھرىر بۆلۈمگە تېلېفون ئۇردۇم. تېلېفوننى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران ئالدى. مەن تېلېفون ئۇرۇش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. ئۇ قىسقىلا قىلىپ «كېلەر ھەپتە چەرچەنگە بارىمىز، شۇ چاغدا ئالغاچ بارايلى» دېدى. مەن دەرھال چۈشەندىم. چۈنكى 9-ئايدائامانگۈل ئەزىزنىڭ « 10 -ئايدا چەرچەنگە بارىدىغاندەك قىلىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

مەن بىر ھەپتىنى تەقەززالىق، ھاياجان ئىچىدە ئۆتكۈزدۇم. بۇ تەقەززالىقنىڭ قېتىدا، ھاياجانىنىڭ باغرىدا بىر تەرەپتىن ژۇرنالنى كۆرۈش شادلىقى جىلۋە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىلار بىلەن  دىدار-مۇلاقەتتە بولۇش ۋەسۋەسىسى يۈرىكىمنى تىپىرلىتاتتى. بىراق تۇيۇقسىز بىر بىئارامچىلىق پەيدا بولدى. چۈنكى يىغىن ئېچىلماقچى بولغان ھەپتىدە مەكتىپىمىزدە چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىناتتى. باشقا ۋاقىتلار بولسىمىغۇ رۇخسەت سورىسام بولاتتى . بۇ ئىمتىھان مەزگىلىدە ئىلمىي مۇدىرلار ئادەم يېتىشتۈرەلمەي  قالاتتى. شۇ غەملەردە يۈرسەم خىزمەتدىشىم ئىلھام مۇھەممەت ئۇلارنىڭ 27-چىسلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم تېخىمۇ سىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ رۇخسەت سورىدىم.

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن 10-ئاينىڭ 27-كۈنى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەن ئەتىگەن ئامانگۈل ئەزىزگە تېلېفون ئۇردۇم:

- ماڭدىڭلارمۇ؟
-ھېلىلا ماڭدۇق، كەچلەردە بارارمىزمىكىن.

مەن ئۇلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەچ، تاپشۇرۇقلىرىمنى تەكشۈردۈم. سائەت تۆتلەردە خىزمەتدىشىم ئىلھام مۇھەممەت يەنە تېلېفون ئۇرۇپ «مۇزتاغ مېھمانخانىسىغا ئۇدۇل بارىدىكەنمىز، ئۇلار كەلگەندە مەن سىزگە خەۋەر قىلاي»دېدى. تەقەززالىقىم تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەسەرلىرى ئارقىلىق روھى بىلەن تونۇشقان، ئەمما ئۆزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان يازغۇچىلار بىلەن تېزراق كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتاتتىم. ئاخىرى تېلېفون جىرىڭلىدى. ئامانگۈل ئەزىز مۇزتاغ مېھمانخانىسىغا كېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تېلېفوننى قويۇپلا، مۇزتاغ مېھمانخانىسىغا چاپتىم ۋە ئۇدۇل مېھمانخانا تاماقخانىسىغا سەل قورۇنغان ھالدا كىرىپ كەلدىم. ئىككى چوڭ ئۈستەلگە لىق كەلگەن مېھمانلار سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، مېنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردىكى  تۆت ئايال قەلەمكەش بىلەن خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتىم.

ئولتۇردۇم ۋە تېخىمۇ ھاياجان ئىلكىدە قاراپ كەتتىم. بۇ ئۈستەلدە چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غوپۇرجان ئابلا ۋە چەرچەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، چەرچەن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يازغۇچى چى سىڭ، چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇنجان غېنى، ناھىيەلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورى، يازغۇچى تۇرسۇن ئەبەيلەر ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يازغۇچىلارنى

كۆتۈۋېلىش زىياپىتى بەرگەنلىكى مېنى ئىنتايىن خۇشال
قىلدى.

مېھمانلارنىڭ چېھرىدە شادلىق جىلۋىلىنەتتى. خۇشال
كەيپىيات ئىچىدە ئۇلار 700 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى
بېسىپ، يېڭىلا ئايىتىۋۈزدىن چۈشكىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
مېھمانلار بىرەر قۇر تونۇشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن چەرچەن
ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى، تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غوپۇرجان ئابلا سۆز قىلىپ، يازغۇچىلارنىڭ
خۇشال كەيپىياتتا پائالىيەت قىلىشنى، چەرچەننى ساياھەت
قىلىپ، يېڭى ئىلھاملارغا ئىگە بولىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى.

مۇشۇ يوسۇندا زىياپەت سەككىز يېرىملاردا ئاخىرلاشتى.
مەن ئامانگۈللەرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، قىزغىن پاراڭلارغا
ئىشتىراك بولغاندىن كېيىن قىيمىغان ھالدائۆيۈمگە قايتىپ
كەتتىم.

## «بۈركۈت پەرۋازى» مۇكاپاتلىق پائالىيىتى

28ـئۆكتەبىر مەن سائەت يەتتىلەردە مۇزتاغ مېھمانخا-
نىسىغا باردىم. زالغا خېلى كۆپ ئادەم يىغىلغان ئىدى.ئاخشام
يىغىن ۋاقتىنى شىنجاڭ ۋاقتى 9 دا دېگەن بولسىمۇ، بىراق
يازغۇچىلار بىلەن كۆپرەك ئەسرارلىشىش، مۇڭدىشىش مەقسى-
تىدە ھەممەيلەن بالدۇرلا كەلگەن ئىدى. بىز 2ـقەۋەتتىكى
يىغىن زالىغا كىردۇق. سەھنىنىڭ ئۈستىدىكى پىلاكاتتا ئۇيغۇر-
چەـخەنزۇچە قىلىپ يېزىلىپ ئېسىلغان«كروران» ژۇرنىلى
ياش قەلەمكەشلىرىنىڭ چەرچەندىكى ئۇچرىشىش يىغىنى ۋە
«بۈركۈت پەرۋازى»مۇكاپاتى تارقىتىش مۇراسىمى دېگەن
خەتلەر كۆزگە چېلىقاتتى.

يىغىنغا ئاخشامقى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتناشقانلاردىن
باشقا يەنە يۇرتىمىزدىكى شائىر، يازغۇچى ۋە تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 100گە يېقىن ئادەم قاتناش-
تى. يىغىن ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە باشلاندى. يىغى-
غا ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇنجان
غېنى رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھمىيىتىنى
قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن
ھاكىمى تۇرسۇن ئابدۇرېھىم سۆز قىلىپ، ناھىيەمىزنىڭ ئەدە-
بىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەرنى
خۇلاسىلەپ ئۆتتى. ئاندىن «كروران» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى
ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى بۇ قېتىملىق ئەسەر مۇكاپاتلاش
ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. كەينىدىن «بۈركۈت پەرۋاى»
مۇكاپاتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئەلجان ياقۇپ كۆڭۈل
ئىزھارىنى بايان قىلدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىلى
نۇرگۈل ئەبەي تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئاخىرىدا «كروران»
ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئى-
يىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ۋە ژۇرنالنىڭ ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ-
لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلىنىڭ مۇھەر-
رىرى، شائىر ئاسىمجان ئۇبۇلقاسىمنىڭ «كۆن تۇغدى»ناملىق
داستانى، شائىر رىسالەت مەردانىنىڭ ئاسىمجاننىڭ شۇ ناملىق
داستانىغا يېزىلغان «شائىرنىڭ بىركۈنى»ناملىق ئوبزورى،
نۇرگۈل ئەبەينىڭ «ئايرىلغانىغا ئۆلمەيمەن»ناملىق پوۋېس-
تى، يازغۇچى ئىلھام ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىگىلىك ئۆجمە» ناملىق
ھېكايىسى ئېرىشكەن ئىدى.

ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە كۈلكە، قەلبىدە ھاياجان ھۆكۈم
سۈرەتتى. شۇ تاپتا بۇ ئەلجان ياقۇپنىڭ قانداق سەۋەب
بىلەن بۇ مۇكاپاتنى رويابقا چىقارغانلىقى ئۈستىدە پاراڭلار
بولۇۋاتاتتى.

## «بۈركۈت پەرۋازى» مۇكاپاتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ـئاكا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتىنىڭ تارىخ كەسپى بويىچە
ئاسپىرانتلىقتا ئۆتۈپتىمەن. قانداق قىلسام بولار؟ئائىلىمىزمۇ
نامرات. بىزگە يارـيۆلەك بولىدىغان دادام تېخى قازا
قىلدى. ئانام كېسەلچان. بۇ ئەھۋالدا ئوقۇسام قانداق
بولار؟ـمانا بۇ كۆڭلىنى غەم تۇمانلىرى قاپلىغان ئۇكىسىنىڭ
مىسكىن ئاۋازى ئىدى.

ـئوقۇغىن ئۇكام ! مەن سېنى دادامنىڭ ئورنىدائوقۇ-
تىمەن، ــ مانا بۇ بىر ئەلجاننىڭ قارارى ئىدى.

ئەلجان ياقۇپ قېرىندىشىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قەرز
ئالمىغان بانكىسى، يالۋۇرمىغان ئادىمى قالمىدى. ھەتتا
ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، چېقىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى
ھۆددىگە ئېلىپ پۇل تاپتى. ئاخىرى ئۇكىسىنى ئاسپىرانتلىقتا
ئوقۇتتى. ئەلجاننىڭ ئايالى- ئىسمى جىسمىغا لايىق مېھرد-
بانمۇ ئۇنى قىزغىن قوللىدى.

ئۇ مۇشۇنداق شارائىتتا تۇرۇپمۇ ئەدەبىيات ئوتىدا
كۆيدى. پەرۋانە بولدى. ئەدەبىيات ئۈچۈن تېخىمۇ جىق
ئىشلارنى قىلىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئاشۇنداق قان تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلى بىلەن بۇ مۇكاپاتنى
رويابقا چىقاردى. يەنە خىزمەتنىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلى-
دى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ غوللۇق ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ كۆزگە كۆرۈندى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار چاقچاق قىلىپ
ئۇنى «فۇداۋ مۇئەللىمى»(تەكرار)مۇئەللىمى دەپ چاقىرىپ
قوياتتى. دېمىسىمۇ ئۇ بۇ جەھەتتىكى مېتودى بىلەن مەلۇم
خاسلىقتا، ماختاشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدى.

## قاينامـتاشقىنلىقتا تولغان مۇھاكىمە يىغىنى

چۈشتىن كېيىن مۇزتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 1ـقەۋىتىدىكى
يۇمۇلاق ئۈستەللىك يىغىن زالىدا قەلەمكەشلەر سۆھبەت يىغ-
نى ئېچىلدى. بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن
كروران رىياسەتچىلىك قىلدى. ئالدى بىلەن نۇرگۈل ئەبەي

ۋە ئىلهام ئابدۇرېهىملار بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش جەريانى توغرىسىدا سۆزلىدى. كەينىدىن باشقىلارمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت هەققىدە بەس-بەستە پىكىر بايان قىلدى.

ئىلهام ئابدۇرېهىم: مۇكاپاتقا ئېرىشكەن هېكايەم «ئىگىلىك ئۆجمە» نىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدە توختالسام: كورلا شەهىرى ئەسلى بىر كىچىك شەهەر ئىدى. هەرەمباغ، سوقباغ... قاتارلىق نۇرغۇن مەهەللىلەر بار ئىدى. هازىر شەهەر كېڭەيتىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ مەهەللىلەر يوقاپ كەتتى. ئۆيلەرنىڭ چېقىلىشى بىلەن كىشىلەر نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتى. پۇلنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېهرى-مۇهەببەت سۇسلاپ كەتتى. ئىنساپ يوقالدى. مەن مۇشۇنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، بۇ هېكايەمنى يازدىم. نۇرغۇن كىشىلەر ئىنكاس بىلدۈردى. ئەسەردىكى مۇهىتنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەهەللىسىدەك هېس قىپتۇ. بەزىلەر هەرەمباغنى يېزىپسىز دېسە، بەزىلەر سوقباغنى يېزىپسىز، دېيىشىپ كەتتى. ئەسەردە يارىتىلغان تۇرمۇش رېئال تۇرمۇشقا قانچىكى يېقىنلاشسا، يەنى، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مۇهىتىمۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىمۇ چىن تۇرمۇشتىكى مۇهىت ۋە ئادەملەرگە ئوخشىسا، بۇنداق ئەسەرنىڭ تەسىرى ياخشى بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىر هېكايىنىڭ پۈتۈن جەريانى تۇرمۇشتا تولۇق جەريانى بىلەن نەق ئۇچرايدىغان ئەهۋاللار ئاز ئۇچرايدۇ.

نۇرگۈل ئەبەي: ئىلگىرى كىتاب ئوقۇپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىپ باقمىغان ئىدىم. تۇنجى قېتىم 2008 -يىلى چەرچەن توردا بىر هېكايىنى ئۇچرىتىپ قالدىم ۋە كۆڭلۈمدە «تەس ئەمەسكەنغۇ، مەنمۇ يېزىپ باقمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. دەسلەپ يازغان ئەسەرلىرىمنى توردا ئېلان قىلغىنىمدا نۇرغۇن تورداشلار ياخشى باها بەردى ئىلهاملىنىپ مەتبۇئاتلاردا بەرسەم تەسىرى ياخشى بولدى، شۇندىن بېرى ئۈزۈلدۈرمەي يېزىپ كېلىۋاتىمەن دىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ هەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە زور نەتىجىلەرگە ئېرىششى هەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى.

ئۇندىن كېيىن يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئامانگۈل ئەزىز تۇرسۇن مەخمۇت قاتارلىق يازغۇچىلار بىر قانچە تېمىدا سۆزلىدى

ئامانگۈل ئەزىز: ماڭا ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ هازىرقى ئەهۋالى هەققىدە سۆزلەش تەلىپى قويۇلۇپتۇ ئويلىغانلىرىمنى دەپ باقاي: مېنىڭ تور ئەدەبىياتىدىن هېس قىلغانلىرىم شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ، زىيانلىق تەرىپىمۇ باركەن. پايدىلىق تەرىپى1) سۈرئىتىنىڭ، ئىنكاسىنىڭ تېز بولۇش ئالاهىدىلىكى بىلەن باشقىلارغا هوزۇر ۋە ئىلهام ئاتا قىلىدۇ. 2) تور ئەدەبىياتىدا ئاپتۇر ئىنكاسلاردىن ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى هېس قىلىپ، ئىجادىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ. 3) تور ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى بايقاشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. زىيانلىق تەرىپى1) داڭلىق يازغۇچىلارنى جەلپ قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈپەت كۆتۈرۈلمىدى. 2) ئىنكاس يازغاندا ئەسەرگە قارىتىلماي، ئاپتورنىڭ شەخسىيىتىگە هۇجۇم قىلىپ ئازار بېرىپ، يېڭى بۇ ساهەگە قەدەم باسقان ياش نوتىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئەهۋاللارمۇ بولدى. 3)تېما هەم ژانىر دائىرىسى كەڭ بولمىدى تەۋسىيە قىلىدىغىنىم يازغۇچىلار تورى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەدەبىيات تور بەتلىرىدە ئىمكان بار ئىسىل ئەسەرلىرىمىزنى ئېلان قىلىپ تور بەتنىڭ رەڭدارلىقىغا بىرلىكتە كۈچ چىقارساق يەنە بىرى هەر بىرىمىز ئۆز يۇرتىمىزدىكى كوزۇرلارنىڭ ئالاهىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان رىۋايەت، هېكايىلەرنى توپلاپ شۇنى باشقىلار قىزىقىدىغان شەكىلدە يېزىپ چىقساق. مەسىلەن, چەرچەننىڭ قاشتېشىنى چەرچەنلىكلەرنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك روهىغا تەققاسلاش مۇمكىن، چارقىلىقنىڭ چىلىنىنى چارقىلىق خەلقىنىڭ هەرقانداق ناچار مۇهىتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان باتۇر روهىغا تەققاسلاش مۇمكىن چۈنكى چىلان ناهايىتى قۇرغاق ناچار مۇهىتتىمۇ كۆكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ. لوپنۇرنىڭ توغراقلىرىنى لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىرىشچان ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە ياشاش ئۇسۇلىغا تەققاسلاش مۇمكىن. بىز مەلۇم يۇرتتىكى مەلۇم داڭلىق مەهسۇلاتنى تېما قىلغاندا شۇ مەهسۇلاتلارنىڭ پەيدا بولىشى، تۈرلىرى، ياراتقان قىممىتى، ئۇنىڭ مەنبەسىنى قانداق قوغداش كېرەكلىكى قاتارلىقلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرىشىمىز كېرەك.

شۇنداق قىلساق، شۇ مەهسۇلاتنى باشقىلارغا تونۇتالايمىز، ئەڭ مۇهىمى يۇرتىمىزنى تەشۋىق قىلالايمىز. تېما مەسىلىسىگە كەلسەك، چوڭ تېمىلارغا ئېسىلىۋالساق، تەكرارلىق كېلىپ چىقىدىكەن. شۇڭا ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى قېزىشقا، تەتقىق قىلىشقا ئەهمىيەت بەرسەك ئەۋلادلارغا تېخىمۇ ئەهمىيەتلىك نەرسىلەرنى قالدۇرالايمىز. مۇشۇنداق مەسىلىلەر يورۇتۇلغان ئەسەرلەر مەيلى تور ئەدەبىياتى بولسۇن مەيلى مەتبۇئاتلاردا بولسۇن ئۆز قىممىتىنى يارىتالايدۇ.

تۇرسۇن مەخمۇت: مەن ئەدەبىيات-سەنئەت جەهەتتىكى ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قوياي. 1) يازغۇچىلارنىڭ ئادىمىيلىك مەسىلىسى. قەشقەردىكى بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە «مىڭ دىنارلىك بىر تېيىن، پەزىلىك كېرەك بۇرادەر» دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇنىڭدىن ئادىمىيلىكنىڭ ناهايىتى مۇهىملىقى چىقىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە چوقۇم مۇددىئا بولىدۇ. بەزىلەر پەقەت تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا يازدىم، دېيىشىدۇ، تۇرمۇشنى ئىپادىلەشنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم مەقسەت يوشۇرۇنغان مۇددىئاغۇ. دېمەك، ئىجادىيەتتە توغرا مۇددىئا بولۇش بەك مۇهىم. ئەدەبىياتنىڭ مەقسەت، مۇددىئالىرى ئىچىدە مۇهىم بولغىنى ئادەملەرنى توغرا، ياخشى، يورۇق يوللارغا باشلاش. شوئار توۋلاپ ئەمەس،

ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى ئارقىلىق تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىپ، ھەق يولغا باشلاش. باشقىلارنى باشلاش ئۈچۈن، ئۆزىدە توغرا قاراش بولۇشى، پاكىز روھ بولۇشى، ئۆزى يورۇق يولدا مېڭىۋاتقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاندىن باشقىلارنى يېتەكلىيەلەيدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر:«ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ، ھاراقنى تىللاپ يازىدىغان يازغۇچىلار بار» دېگەن. يازغۇچىلار باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمىز.

ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى: مەن باشقىلارنىڭ «سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: ھەر بىر ئەسەر بىر روھىي تولغاقتىن كېيىن تۇغۇلىدۇ. شۇڭا كىشىگە ئۆزىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى تاتلىق تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئاممىباپ تۈردىكى ئەسەرلەر. مەن مۇشۇ دەۋردە يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چوقۇم يېزىشىمىز كېرەك، دەپ قارايمەن.

ئەمدى ئەدەبىيات ھەققىدە قارىشىمنى بايان ئەيلىسەم: ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقىنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدىكەن1)بالا ئەدەبىيات. بۇ ھەۋەسكار ۋاقتىنكى ئەدەبىيات. بۇ چاغدا ئەدەبىيات خۇددى دېڭىزدەك، مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان نازىنىن قىزدەك تۇيۇلىدىكەن. بۇ چاغدا90 پىرسەنت ئارىلىشالمايدىكەنمىز. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات بەك ياخشى چىقىدىكەن. 2)ئاممىباپ ئەدەبىيات. بۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ئەدەبىياتقا ئارىلىشىۋالدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەدەبىياتنى سىڭدۈرۈپ، زوراۋانلىق قىلىدىكەنمىز، پېرسوناژلارنى باشقۇرىدىكەنمىز. بۇنداق ئەسەرلەر كېسەلچان، ئۆمرى قىسقا ئەمما بازارلىق بولىدىكەن. 3) ئۈستۈن ئەدەبىيات. بۇ چاغدا ھەۋەسكارغا ئايلىنىدىكەنمىز. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى خاتىرىلىگۈچى بولىدىكەنمىز. بۇنداق ئەسەرلەر بەك ياخشى چىقىدىكەن. ئۈستۈن ئەدەبىيات بىزدە شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ(پىروزىدا)شېئىردا شەكىللىنىپ بولدى. بىز ھەممىمىز ئۈستۈن ئەدەبىياتقا يۈرۈش قىلساق، خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا نائىل بولالايمىز. مەقسەت مۇكاپات ئېلىش ئەمەس. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدىكەنمىز، تەرەققىي قىلدۇرالايدىكەنمىز

ماھنۇر ئابدىلىم: مەن ئەدەبىيات كوچىسىغا بەك كىچىك كىردىم سەۋەبى مەن ئەدەبىي پۇراق كۈچلۈك ئائىلىدە تۇغۇلغان. دادام كىتاب يازاتتى. ئاپاممۇ كىتابخۇمار ئىدى. ھەممىمىز جىن چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇيتتۇق. كىچىكىمدىن ئەدەبىياتقا قىزىقاتتىم. باشلانغۇچتىن تارتىپ ئەسەر يازاتتىم. مېنىڭ كىچىكىمدىن باشلاپ ئەدەبىياتتا ئوقۇغۇم بار ئىدى. قېرىشقاندەك ئەدلىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ، سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەپ قالدىم. لېكىن بۇ يەردە ئىشلىشىمنىڭمۇ يېزىقچىلىققا ئەھمىيىتى زور بولدى. مېنىڭ يېزىقچىلىققا كىرىشىمدە «كرورەن»(«بوستان») ژۇرنىلىنىڭ تۆھپىسى زور. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ژۇرنالغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەزىز ئوسمان: تۇغمىلىك شۇنداق دېگەن «يازغۇچى ئەسەرنى پۈتى بىلەن يېزىشى كېرەك» بۇ دېگەنلىك ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ يېزىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچىلاردا، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئىزچىللىق بولۇشى كېرەك.

باۋۇدۇن ھەسەن: تەرجىممۇ ئىجادىي ئەسەرگە ئوخشاش جاپالىق يېرىم ئىجادىيەت جەريانى. شۇڭا يازغۇچىلار تىل جەھەتتە كۈچىسەك. 2) تەرجىمىمىزنىڭ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن ئەسەر تىلى زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتمەسلىكى، ئاممىباپراق بولۇشى كېرەك. 3) ياخشى ئەسەرلىرىڭلار بىلەن تەمىنلىسەڭلار بىز كۆپرەك تەرجىمە قىلساق قېرىنداش مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىسى بار ئىدى.

ھەلىمە تۇردى: مەن بۇ يەردە ئۇزۇندىن بېرى كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان بىر سوئالنى سورىماقچىمەن. خىزمەتكە چىققاندىن بېرى ئۇدا نەچچە قېتىم ئىملا قائىدىسى ئۆزگەرتىلىپ بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان... ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچتا ئۆگەنگەن ئىملا قائىدىسى بويىچە تولۇقسىزدا يازسا خاتا بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قايسى خەتنى قانداق يېزىشنى بىلمەيلا ئالىي مەكتەپكە كەتتى. بۇ خىل ئىملا ئۆزگەرتىش زادى قانداق ھادىسە؟ بۇنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتى نېمە؟ سەلبىي تەرەپلىرىچۇ؟

چەرچەن ناھىيەلىك تىل-يېزىق كومىتېتىدىن پولات رەجەپ مۇنداق جاۋاب بەردى« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىسىنىڭ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىشىدىكى سەۋەبلەر:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1954-، 1963-، 1973-، 1983-، 1996-، 2008-يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تىل-يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇدا ئالتە قېتىم ئىملا قائىدىسى تۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قېتىم تۈزۈلگەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن قائىدىلەر ئاساسىدا ئىملا لۇغىتى تۈزۈلۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى خېلى زامانلارغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسلىرىنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە تۈزۈلگەن بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر يېزىقى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈپ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يەنىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىش بىلەن، كومپيۇتېر بىلەن بول-

دىغان تىل تەتقىقاتى، تور قۇرۇلۇشى، ماشىنا تەرجىمىسى،
كومپيۇتېر كوررېكتورلىقى قاتارلىقلار يەنىمۇ ئىلمىي، مۇكەمـ
مەل ئىملا قائىدىسىنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى.
فونېتىكىلىق پ

مېنىڭچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپـ
پۇز ۋە ئىملا قائىدىسى ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ئىجابىي تەسىرى:
ئىجابىي رولى ئىملا قائىدىسىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى
ئۇزاققىچە ساقلاپ، تىلىمىزدىن ئىلمىي، ئۇنۇملۇك پايدىلىـ
نىشتا، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئۇچۇر دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە
يېزىقىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياـ
تىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم
ئىجابىي رول ئوينايدۇ. سەلبىي رولى بولسا، تىلىمىزدا بەزى
ئېنىقسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

كەچتە چوڭكۆل يېزىسىدىكى بىر دېھقان سەنئەتكارنىڭ
ئائىلىسىدىكى مەشرەپكە داخىل بولدۇق. سازچىلار چەرچەنـ
نىڭ قەدىمىي ئاھاڭلىرىغا چېلىشقا باشلىۋىدى، ھەممەيلەن
جىمجىتلىققا چۆمدى. شۇ قەدەر مۇڭلۇق بۇ ئاھاڭلاردىن
قەدىمىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈرەك تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك
بولدۇق...

## كۆڭۈللۈك ساياھەت

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇنجان غېنىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، 10ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى چەرچەن ساياھىتىنى
باشلىۋەتتۇق.

ئالدى بىلەن ناھىيەلىك مۇزېيغا باردۇق. ئاندىن نىياز
بەگ قورۇقىغا بېرىپ، ئەينى دەۋردىكى بەگ تۇرمۇشىنى
بىلگەندەك بولدۇق. بولۇپمۇ بىز ئاياللار بۇ ئۆيلەردىكى
پەرقلەردىن كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولدى. ئورنى، بوسۇغۇسى
ئېگىز، پەلەمپەيلىك ئۆيلەر ئەرلەرنىڭ، ئورنى پەس، بوسۇـ
غۇسى پاكار، پەلەمپىيى يوق ئۆيلەر ئاياللارنىڭ ئىكەن.
بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىـ
لىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى... ئارقىدىن
زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا باردۇق. قەبرىدىكى **14**
كىشى بىزگە ئۆز تارىخىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندەك،
كالپۇكىنى ھىمىرىپ ياتاتتى.
بىز چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ
تۇرغان بۇ قەبرە ئۆي بىلەن خوشلىشىپ، ئارال يېزىسىغا
قاراپ ماڭدۇق. يولدا سوزۇلۇپ ئاققان چەرچەن دەرياسىنىڭ
كۆۋرۈكىدە چۈشۈپ، دەريانى بىردەم تاماشا قىلدۇق.
رەسىمگە چۈشتۇق...

بىز ئارال يېزىسىغا بېرىپلا، ئاپەتتىن كېيىن قايتا قۇرۇلغان
ئولتۇراق ئۆي رايونىغا باردۇق. پۈتۈن بىر مەيدانغا رەتلىك
تىزىپ سېلىنغان بۇ ئۆيلەر قىپقىزىل چاقناپ، كۆزنى قاماشـ
تۇراتتى... بىز دېھقانلارغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاساـ
يىشلىق تىلەپ، ئۇ يەردىن ئايرىلدۇق.

ئاپتوبۇس بىزنى چەرچەن دەرياسى يالاپ تۇرغان
چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى كۆكەرتىش
بەلبېغىغا ئېلىپ كەلدى. مەملىكەتلىك كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى
ئىلغار شەخس، پونكىت باشلىقى جۈرئەت قۇربان بىزگە
كۆكەرتىش بەلبېغىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.
بىز چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە تىكىلگەن
چۇچۇن، يۇلغۇن، سۆكسۆك، چاكاندىلارغا ئۈمىد بىلەن
قارىغىنىمىزچە ئۇ يەردىن ئايرىلدۇق ۋە قۇملۇقنى توغرىسىغا
كېسىپ ئۆتىدىغان يول بىلەن باغئېرىق يېزا قاش كەنتىدىكى
چىكتىيەن چىلانچىلىق شىركىتىگە بېرىپ، زاۋۇت ئالدىدا
چىلان سېتىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرىۋاتقان دېھقانلارنى
كۆردۇق. تېرىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان، چىرايىنى قورۇق
باسقان دېھقانلار چىلانلىرىنى تېزراق ھەم نەرقىدە سېتىشقا
تولىمۇ ئىنتىزار بولۇۋاتاتتى. ئۇلار بىردەمدە يازغۇچىلارنىڭ
كەلگەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. يازغۇچىلار بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ
يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىدى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك
سۆزلىرىنى يازغۇچىلارنىڭ يېزىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن
ۋە يازغۇچى ـ مۇخبىرلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدىكەن.
يازغۇچىلار بۇ ساياھەتتىن شۇنداق ھاياجانلاندى...

## خوش دېيىشكە مەجبۇرمىز

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ كۈننى ھاياـ
تىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەقىقلىرى قاتارىغا پۈتۈپ قويدۇم
شۇنداق ھاياجانلىق دەملەرنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، ماڭا خۇددى
كەتمەيدىغاندەكلا مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قالىدىغاندەكلا بىلىنـ
گەن بۇ قەلەمداشلار ئاخىرى كورلىغا قايتىشقا تەييارلاندى.
تاڭ سەھەردە بۇلار بىلەن خوشلاشقىلى كەلگىنىمدە مېھماـ
نخانا ئالدىدا ئاپتۇۋۇز يېنىدا باشقىلار بىلەن خوشلىشىۋاتقان
ئامانگۈلنى كۆرۈپ كۆزۈمگە دەۋرەپ كەلگەن لىقدە يازنى
يۇتۇۋېتەلمەي قالدىم . ئامانگۈل يەنىلا شۇنداق تەمكىن ۋە
مېھرىبان ھالدا مېنى باغرىغا بېسىپ خوشلاشتى ۋە «بۇ ھاياـ
جان ئىچىڭىزدىلا قالسا بولمايدۇ يازغان ئەسەرلىرىڭىزدىن
ھېس قىلساق ھېساپ، بولمىسا ئىشەنمەيمىز جۇمۇ!» دېدى
چاقچاق ئارىلاش. مەن «چوقۇم» دېدىم ئۆزئۆزۈمگە ۋەدە
قىلىپ . ئاپتۇۋۇز قوزغالدى ئۇ باغرىغا گۈزەل بىر كەلگۈـ
سىنى يارىتىدىغانلارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

(ئاپتۇرچەرچەن ناھىيەلىك **1**ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)




دۈشمەنلىرىم چايانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭكەن، توي قىلمىسام بولمىدى،
بۇ ئاشۇنداق جاھانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى،
توي قىلغانلار ئامانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

پىچىر-پىچىر گەپ تولا، سۆزلىگەنلەر توختىماس،
مەن توغرىلىق بەت ئاچسا كېچىسىمۇ ئۇخلىماس،
بويتاقلىقنى ياخشى دەپ ياكى مېنى ماختىماس،
يالغۇزچىلىق يامانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

چىقىپ قالسام كوچىغا ماڭا كىمدۇر قارىشار،
ئەيمەنمەستىن ھەتتاكى دېرىزىمەدىن مارىشار،
چۆچەك توقۇپ كەينىمدىن ئاق قۇشقاچتەك سايرىشار،
ھايات يولى داۋانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

بىرى دەيدۇ : كېسەلكەن، توي قىلالماي يۈرەرمىش،
بىرى دەيدۇ : پۇلى يوق، قىز تاپالماي يۈرەرمىش،
بىرى دەيدۇ : بېلى بوش، گەپ ئاچالماي يۈرەرمىش،
جان لەززىتى جانانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

كۆك تۈتۈندەك ئاچچىقتۇر دوستلىرىمنىڭ چاقچىقى،
مېنى كۆرسە بەك ئاسان ئوت ئالدۇ چاقمىقى،
تەس ئەمەستۇر ئۇلارنىڭ قاردا قۇشقاچ ئاتمىقى،
يارى يوقلار نادانكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

ئانامنىڭمۇ گېپى جىق، كۈندە سۆزلەپ يۈرىدۇ،
نەچچە يەردىن قىز تاللاپ ماڭا كۆزلەپ يۈرىدۇ،
نەۋرە كۆرسەم تېزراق دەپ مېنى ھەيدەپ يۈرىدۇ،
ئانا سۆزى ئۇلۇغكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

گاھى چوڭلار دەر ماڭا : خوتۇن ئالساڭ كۆكلەيسەن،
ئۆز ئۆيۈڭدە شاھ بولۇپ، ئارغىماقتەك سەكرەيسەن،
ئۆزگىلەرگە بېقىنىپ قىلچە بويۇن ئەگمەيسەن،
كۈن ئۆتكۈزمەك قىيىنكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

بەزى قىزلار شۇ سەۋەب تۈز چېچىشىپ يارامغا،
چىقىرىپتۇ گەپ بىلەن مېنى ئەخمەق، ساراڭغا،
ئوخشىتىپتۇ ھەتتاكى ھېسسىياتسىز نادانغا،
پىتنە-پاسات ياغاركەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

دەردىم تولا بېشىمدا، سۆزلىگەنگە تۈگىمەس،
دەردى يوقلار ھېچقاچان دەردمەنلەردەك غەم يىمەس،
ياخشى يەردىن قىز تاپماق ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس،
مېنىڭ سۆزۈم خاتاكەن، توي قىلمىسام بولمىدى.

(ئاپتور قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)